«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرىي ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار
荣获《新疆期刊奖》的刊物

中国期刊方阵
双效期刊
中华人民共和国新闻出版总署

XINJIANG CIVILIZATION XINJIANG CIVILIZATION XINJIANG CIVILIZATION



6
2002

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى
# 新疆文化

ISSN 1008-6498
11>
9 771008 649003



ئۇيغۇر هازىرقى زامان شېئىرىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرىدىن: تالانتلىق
شائىر، ئۇستاز مۇھەررىر، ئەدەبىي تەرجىمان قۇربان بارات ئەپەندى

شۇئارىمىز: ● خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق ●

# بۇ ساندا

## تەبرىك سەھىپە


يولداش جياڭ زېمىننىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسى مەملىكەتلىك 16-قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدىن ئۈزۈندىلەر .................................... 2


## زامان تەقەززا پىكىرلەر


دۆلەت تىلى ۋە ئانا تىل ............................ ئىمىن تۇرسۇن 3

«مۇھاكىمىتۇل لۇغەتەين»دىن«مەھارىنۇل لۇغەتەين»گىچە ...... ئا. تەكلىماكانىي 7

زىيالىيلارغا نېمە بولدى؟ ................ ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي 29


## تەپەككۇر كۆزى


تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر ........................ مۇختارروزى قاتارلىقلار 34


## روھ چۇقانلىرى


مەدەنىيەتنىڭ زەھىرى ۋە سەھىرى ........................ سۇلايمان قەييۇم 37

«ئىپتىدائىي ئورمان»دىن ياڭرىغان «بارابان ساداسى» ............ ن. ئۇچقۇن 44

ۋىجدان ـ مۇقەددەس قەلب قانۇنى ........................ مۇكەررەم مۇسا 50


## ھايات ساۋاقلىرى


ئائىلە ۋە ئائىلە كرىزىسى ........................ ئابدۇرېھىم دۆلەت 52


## ئىبرەتلىك پاراڭلار


ھەق گەپنىمۇ ئاڭلاپ قويۇڭ ............ ئا.ئابدۇللا قاتارلىقلار تەرجىمىسى 64


## بىز ياشاۋاتقان دۇنيا


تەرەققىياتنىڭ سايىسى ................................ ئادىل ئابدۇقادىر 72


مۇقاۋىدا: باتۇر ئۇيغۇر قىزى، 2001-يىلى ئۆكتەبىردە تەكلىماكان قۇملۇقىدىن، 2002-يىلى 25-ئاۋغۇستتا پىچان ناھىيىسىدىكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 45سېلسىيە گرادۇس، قۇم يۈزى تېمپېراتۇرىسى 65.2سېلسىيە گرادۇسلۇق ھارارەتتىكى قۇملۇقتىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ ئىككى قېتىم دۇنيا گىننېس رېكورتى ياراتقان «تەكلىماكان مەلىكىسى»گۈلزۆھرە ئەبەيدۇللا.

مۇقاۋىنىڭ 4-بېتىدە: «يېڭى ئەسىردە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى (جەنۇبىي شىنجاڭ بۆلىكى)بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن دېھقانلار ۋە چارۋىچىلارنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك سەنئەت كۆرىكى» دىن تاللانغان كۆرۈنۈشلەر. لى يۇڭ فوتوسى. مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت


# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(51-يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئومۇمىي سالەدەبىي ژۇرنال

2002-يىل 6-سان

(ئومۇمىي258-سان)

باش مۇھەررىر:

قۇربان مامۇت

(ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

رىسالەت مۇھەممەت

(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)



# ج ك پ 16-قۇرۇلتىيىغا شان-شەرەپلەر بولسۇن

## يولداش جياڭ زېمىننىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسى مەملىكەتلىك 16-قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدىن ئۈزۈندىلەر


▲ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ ئومۇمىي تەدبىرىنى ئەتراپلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلقنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، هوقۇق-مەنپەئىتىگە ھەقىقىي ھۆرمەت قىلىش ۋە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش؛ ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى تېخىمۇ ساغلاملاشتۇرۇپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى ياخشىلاپ، خەلقنى خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرىدىغان قىلىش.

▲ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينى راۋاجلاندۇرۇش. تۆت ئاساسىي پرىنسىپ — دۆلەت قۇرۇش ئاساسى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىسى ئاساسىدىكى دۆلەت تۈزۈلمىسى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئاساسىدىكى ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش ۋە سىياسىي جەھەتتە مەسلىھەتلىشىش تۈزۈمى، شۇنىڭدەك مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىپ، دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇپ، قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇپ، خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش لازىم.

▲ ماددىي مەدەنىيلىك بىلەن مەنىۋى مەدەنىيلىكنى ئىككى قولدا تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش بىلەن دۆلەتنى ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش يولىنى تۇتۇش. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك — جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ مۇھىم بەلگىسى. مۇقەررەر جۇڭگونىڭ رېئاللىقىغا قويۇپ، مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، چەت ئەل مەدەنىيىتىنىڭ پايدىلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىپ، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ساپاسى ۋە پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى قۇدرەتلىك مەنىۋى تۈرتكىگە ۋە ئەقلىي مەدەتكە ئىگە قىلىش لازىم.

▲ سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك سىياسىي مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش — ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم نىشانى. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملىق، پائال، پۇختا ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى كېڭەيتىپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇپ، دېموكراتىك — ئىتتىپاق، جانلىق — جۇشقۇن، تىنچ — ئىناق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

▲ سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينى راۋاجلاندۇرۇشتا، ئەڭ ئاساسلىقى پارتىيە رەھبەرلىكى، خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىشىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش. پارتىيە رەھبەرلىكى — خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىنىڭ ۋە دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ كاپالىتى. خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشى — سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىينىڭ ماھىيەتلىك تەلىپى. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش — پارتىيىنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى تۈپ ئومۇمىي تەدبىرى. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار — پارتىيىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن خەلقنىڭ ئىرادىسىنىڭ بىرلىكىنىڭ نامايەندىسى. قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىش كېرەك. ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىن ھالقىغان ئىمتىيازغا ئىگە بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ.



# دۆلەت تىلى ۋە ئانا تىل

ئىمىن تۇرسۇن

دۆلەت تىلى - بىر مەملىكەتتە ئاھالىنىڭ كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلغان مىللەتنىڭ تىلى، بەزى دۆلەتلەردە سىياسىي، مەدەنىيەت، مائارىپ جەھەتلىرىدە مىللەتلەر ئارا قوللىنىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن تىل. جۇڭگودا، بالدۇر «دۆلەت تىلى» دېگەن ئاتالغۇ قوللىنىلغان، كېيىن بۇ ئاتالغۇنىڭ ئورنىغا «پۇتۇڭخۇا» (ئومۇملاشقان تىل، ئورتاق تىل) ئاتالغۇسى قوللىنىلىدىغان بولدى. مەملىكىتىمىزدە قوللىنىلىۋاتقان «پۇتۇڭخۇا» خەنزۇلارنىڭ ئومۇمىي ئەدەبىي تىلىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ تىل ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا ھاكىمىيەت تىلى ھېسابلىنىدۇ. خەنزۇ تىلى - بېيجىڭ تەلەپپۇزى ئۆلچەملىك تەلەپپۇز قىلىنغان، شىمالىي شېۋە ئاساسىي (يېتەكچى) شېۋە قىلىنغان، زامانىۋى تىلدا يېزىلغان نەمۇنىلىك ئەسەرلەر گرامماتىكىلىق ئەندىزە قىلىنغان «پۇتۇڭخۇا» دۇر. بۇ تىل - جۇڭگودا ئورتاق قوللىنىلىدىغان تىل؛ شۇنىڭدەك خەلقئارادا كەڭ قوللىنىلىدىغان تىللاردىن بىرى، يەنى دۇنيا بويىچە ئەڭ كۆپ سانلىق مىللەت ئاھالىسى قوللىنىدىغان تىل؛ شۇنداقلا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ رەسمىي ۋە خىزمەت تىللىرىدىن بىرى (1947-يىلى 17-نويابىردا، باش ئاسسامبلېيە ماقۇللىغان نىزام - «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئومۇمىي يىغىنىنىڭ كۈنتەرتىپى نىزامى» نىڭ 51-ماددىسىدا: خەنزۇ تىلى، ئىنگلىز تىلى، فرانسۇز تىلى، رۇس تىلى ۋە ئىسپان تىلى باش ئاسسامبلېيە ۋە ئۇنىڭ كومىتېتلىرى ھەم گۇرۇپپا ھەيئەتلىرىنىڭ رەسمىي تىللىرى ۋە خىزمەت تىللىرى دەپ بەلگىلەنگەن. كېيىن ئەرەب تىلىمۇ مەزكۇر تىللار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن).

مەملىكىتىمىزدە، خەنزۇ تىلى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ساھەلىرىدە كەڭ قوللىنىلىدىغان ۋە دۇنيادا ھەم مەملىكەتتە ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىۋاتقان ھەرقانداق ئىختىرا ۋە يېڭىلىقلارنى دەرھال ئىپادىلەپ بېرىۋاتقان ناھايىتى باي تىل. بۇ تىلنىڭ سۆز ياساش ۋاسىتىلىرى كۆپ ۋە لېكسىكا بايلىقى مول، ئىپادىلەش كۈچى زور. مۇشۇنداق ئەۋزەللىكلىرى بىلەن بۇ تىل مەملىكىتىمىزدىكى 56 مىللەتنىڭ ئورتاق ئالاقە قورالى بولۇشقا مۇناسىپ. شۇڭا، خەنزۇ تىلى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئىككىنچى ئانا تىلىدۇر.

خەنزۇ تىلى خەنزۇلارنىڭ ئانا تىلى بولغىنىدەك، جۇڭگودىكى باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ ئۆز ئانا تىللىرى بار. ھەرقانداق مىللەت ئۆز مىللىي تىلىنى ئانا تىل ۋە بۇ تىلنى ئۆزى ياشىغان يۇرت-ماكانىنىڭ

زامان تەقەززا پىكىرلەر

تىمسالى دەپ قارايدۇ. تىل تارىخىنى ۋاراقلىساق، بىرەر مىللەتنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن ۋە كەچۈرۈۋاتقان بارلىق تارىخىي ھادىسىلىرى ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدا ئىپادىلىنىپ، سۆز ۋاستىسى بىلەن جۇغلىنىپ بارىدۇ. ھەرمىللەتنىڭ ئۇزاق تارىخىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات داۋامىدا شەكىللەنگەن ئانا تىلىنىڭ مەزمۇندارلىقى شۇمىللەتنىڭ بىرەر زونا ياكى رايوندا ئوينىغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي رولىغا باغلىق بولىدۇ. ئانا تىلنىڭ كەڭ مەزمۇندار ۋە ئاجايىپ رەڭدارلىقى ئېغىز ۋە يازما ئەدەبىياتلىرىنىڭ مول-كوللىقىدىن بىلىنىدۇ.

ئۆز تىلىنى سۆيۈش ۋە قەدىرلەش، ئالدى بىلەن ئۇنى ئەمەلدە قوللىنىش شۇ تىل ئىگىسى بولغان مىللەت ئەزالىرىنىڭ جانىجان مەنپەئەتلىرى ۋە مىللىي - ھاياتىي ئىقتىدارىنىڭ گەۋدىلىنىشىدۇر؛ شۇنىڭدەك مىللىي تىل يەنى ئانا تىل مىللەتنىڭ مەۋجۇدلۇقىنىڭ يارقىن نامايەندىسىدۇر. شۇڭا، دۆلىتىمىزنىڭ ئالاقىدار قانۇنلىرىدا، ھەرمىللەت ئۆز تىل-يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. مەسىلەن، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەملىكەتتە ئورتاق تىل-يېزىق قوللىنىش قانۇنى» نىڭ 8-ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: «مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل-يېزىقلىرىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە. ئازسانلىق مىللەتلەر ئۆزتىل-يېزىقلىرىنى ئاساسىي قانۇن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە باشقا قانۇنلاردىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە قوللىنىدۇ.»

ھەرقانداق شەخسنىڭ تەپەككۇر - ئىدىيىسىنى ئىپادىلەيدىغان ۋە تۇرمۇشىنى يېزىق بىلەن ياكى ئاغزاكى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇھىم ۋاستە - تىل. بىرقانچە تىلنى بىلىدىغان ئىستېبداتلىق كىشىمۇ ئالدى بىلەن ئۆز ئانا تىلىدا تەپەككۇر قىلىدۇ؛ تەپەككۇر نەتىجىسىنى ئاندىن ئۆزى بىلگەن باشقا تىللار بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

مىللەتنىڭ مۇھىم ئامىلى بولغان تىل تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ. بۇ تەرەققىيات ئالدى بىلەن شۇ تىلنىڭ لېكسىكىسىدا ئوچۇق ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنى ئالساق، 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىن باشلاپ تېز تەرەققىي قىلدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ شاراپىتى بىلەن ئەركىنلىككە ئېرىشكەن ئۇيغۇر تىلى مىسلىسىز تەرەققىيات ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. رادىئو، مەتبۇئات، مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ھەم ئاپتونومىيىلىك ھاكىمىيەت ساھەلىرىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ كەڭ قوللىنىلىشى ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. خەنزۇ كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شانلىق نەمۇنىلىرى، چەت ئەللەر ئەدەبىياتلىرىنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا كۆپلەپ تەرجىمە قىلىنىشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ ھالدا باي ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. لېكىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارقالغان ۋە قوللىنىلىدىغان دائىرىسى چەكلىك بولغاچقا، تىل ئىگىسىدىن ئۆزگە مىللەتلەرنىڭ ئۆگىنىش -قوللىنىش ئېھتىياجىمۇ چەكلىك بولدى.

بۈگۈنكى ئۇچقاندەك راۋاجلىنىۋاتقان پەن-تېخنىكا ۋە ئۇچۇر-مۇلازىمەت دەۋرىدە، خۇسۇسەن خەلق ھاياتىنىڭ قان تومۇرى ۋە مىللەتنىڭ كەلگۈسى بولغان ياشلار ئۆزئانا تىلىنى پىششىق بىلىش ۋە دادىل ئىشلىتىش بىلەن بىللە، ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا تىللارنى ئۆگىنىشى، ئەقەللىيسى «قوش تىللىق» بولۇشى زامانىنىڭ تەقەززاسى، ئۆزلىرىنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى ئىلگىدەشنىڭ زۆرۈر ۋاستىسىدۇر. ماركس: «چەت ئەل تىلى كىشىلىك تۇرمۇشتا كۈرەشنىڭ بىرخىل قورالى» دېگەنىكەن. دەرۋەقە، ئىنسانلارنىڭ تىللىرىنى چوڭ بىر ئىمارەتكە ئوخشىتىش مۇمكىن. بىز ھاياتىمىزدا بىرخىللا تىلنى بىلسەك، گويا بىر ئېغىز ئۆيگە قامالغاندەك ھالەتتە قېلىپ، دېرىزىنىڭ تېشىدا بولۇۋاتقان خىلمۇ خىل ئىشلاردىن خەۋەرسىز تۇرۇۋېرىمىز. مۇبادا، ئۆزئانا تىلىمىزدىن باشقا بىر ياكى بىر قانچە تىلنى ئۆگىنىۋالساق، دۇنيانى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە تونۇيالايمىزدە، ياشاش ئىقتىدارىمىز كۈچىيىدۇ. ئۆتكەنكى ئالىملىرىمىز ۋە ئەدىبلىرىمىز ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا، ئۆزلىرى شۇغۇللىنىۋاتقان پەن ۋە مەشغۇلاتىغا چېتىشلىق بولغان باشقا بىر-ئىككى تىلنى ئۆز ئانا تىلىدەك پىششىق بىلگەن. مەسىلەن، تىلشۇناسلارنىڭ ئاتىسى مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز ئانا تىلى - «خاقانىيە تىلى» ھەم باشقا تۈركىي تىللارنى مۇكەممەل بىلگەندىن تاشقىرى ئەرەب تىلىنى ئەدىبلىرىدەك پىششىق بىلگەن؛ شائىرلار پېشۋاسى ھەم تىلشۇناس ئەلىشىر نەۋائىي ۋە باشقا شائىرلارمۇ ئۆزئانا تىلىغا ئوخشاشلا، پارس تىلىنىمۇ مۇكەممەل بىلگەن ھەم پارس شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن ھۆسنتالاشقىدەك پارسچە پاساھەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان. لېكىن ئۇلار ئۆزئانا تىلىنى ئۆزگە تىل ئالدىدا ھەرگىز چۆكتۈرمىگەن. ئەلىشىر نەۋائىي «تىلغا ئېتىبارسىزلىق - ئەلگە ئېتىبارسىزلىق» دەپ، تىلنىڭ ئورنى بىلەن ئەل - مىللەتنىڭ ئورنىنى تەڭ كۆرگەن. ئۆزئانا تىلنىڭ ساپلىقىغا، ئانا تىلنىڭ ئىستىقبالىغا دىققەت - ئېتىبارىنى بېرىش مىللىي -ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئەقەللىي شەرتىدۇر. چۈنكى، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ، ئانا تىلنىڭ بۈگۈنى ۋە ئەتىسى شۇ مەدەنىيەت ۋە شۇ تىل ئىگىلىرىنىڭ ئۆزلىرى ياراتقان مىڭلاپ يىللىق خەزىنىلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا ۋە ئۆزلۈكسىز بېيىتىپ بېرىشىغا باغلىق.

ماركسىزم كلاسسىكلىرى سوتسىيالىزم قۇرۇش دەۋرىنى مىللەتلەرنىڭ گۈللەپ ياشناش دەۋرى دەپ تەكىتلىگەن. مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقتىن ئىبارەت يېڭىچە سوتسىيالىستىك مۇناسىۋىتى مىللەتلەرنىڭ تەڭ-ئورتاق گۈللىنىش مۇناسىۋىتىدۇر. ھازىرقى بازار ئىگىلىكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇۋاتقان شارائىتتا، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتلەرنى راۋاجلاندۇرۇش ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا باغلىق بوپقالدى. دەۋرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇش ھەر مىللەتنى ئىككىنچى ئانا تىل - خەنزۇ تىلىنى ئۆگەنمىسە بولمايدىغان ھالەتكە يەتكۈزدى. ئالدى بىلەن، مىللەت ھاياتىنىڭ تومۇرى بولغان ياشلارنىڭ «قوش تىللىق» بولۇشى ئۇلارغا دەۋر بىلەن ھەمقەدەم بولۇپ ياشاش ئىستىقبالىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

مەملىكىتىمىزدە، تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ بارغانچە چوڭقۇرلىشىشى ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن، ئىگىلىك تەركىبلىرى، مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرى، ئىجتىمائىي-تەشكىلىي شەكىللەر ھەم ئىجتىمائىي تۇرمۇش شەكىللىرى خىلمۇخىللاشتى؛ كىشىلەرنىڭ ياشاش تەرىزلىرىنىڭ يېڭىدىن يېڭى تۈسلىنىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئاڭ-پىكىرلىرى، قىممەت قارىشى ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرى بالدۇرقىدىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتتى. ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بولسا، تۈرلۈك مەدەنىيەتلەر كەسكىن دوقۇرۇشتى ۋە رىقابەتكە چۈشتى. مۇنداق شارائىتتا، ھەر مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇدرىتى ۋە مەدەنىيەت قۇدرىتى چوڭقۇرلىشىۋاتقان ئىسلاھاتقا ماسلاشمىقى لازىم. بۇ شارائىت ئۆز نۆۋىتىدە مىللىي روھنىڭ ئۈستۈن بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. باش شۇجى جياڭ زېمىن مۇنداق تەكىتلىگەن: «بىر مىللەتتە ، ئۇرغۇپ تۇرغان مىللىي روھ بولمىسا، ئالىيجاناب مىللىي خىسلەت بولمىسا، قەتئىي مىللىي ئىرادە بولمىسا، دۇنيانىڭ ئالغا كەتكەن مىللەتلىرى قاتارىدا تۇرالمايدۇ.» بۇ ئەھمىيەتلىك - ھېكمەتلىك سۆزنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن مۇنداق يەشكەن: مىللىي روھ بىرمىللەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا تاۋلانغان ۋە يېتىلگەن . ئۇ، مەزكۇر مىللەت ئەزالىرى ئورتاق نائىل بولغان ۋە ئىنتىلىدىغان مىللىي خاراكتېر، مىللىي ئىپتىخارلىق ۋە ئىنان -ئىشەنچ، مىللىي ئەخلاق-خىسلەت ۋە قىممەت ئۆلچىمىنىڭ يىغىندىسى، بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك، ئەڭ چوڭقۇر گەۋدىلىنىشى. مەسىلەن، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى ئالساق، ئۇ مىللىي روھنىڭ مەشئىلى، خەلقنى ئىلگىرىلەشكە چاقىرىدىغان كارناي. تىل - ئەنە شۇ مىللىي روھنىڭ مەشئىلى بولغان ئەدەبىياتنىڭ ھەل قىلغۇچ قورالى. مىللىي ئەدەبىيات ئەقەللىيسى مىللىي تىل بىلەنلا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ ھەم راۋاجلىنىدۇ. دېمەك، مىللىي روھقا مەشئەل بولغان مىللىي ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىي قىلىشىمۇ ئالدى بىلەن مىللىي تىل - ئانا تىلنىڭ ھاياتىي كۈچىگە باغلىق.

مىللەتنىڭ ئىستىقبالىغا كېپىللىك قىلىدىغان ياشلار ئۆز مىللىتىنىڭ روناق تېپىشىنى كۆزلەپ «قوش تىللىق» بولمىقى شەرت. «قوش تىللىق» بولۇش، پۈتكۈل مىللەت ئاھالىسىنىڭ ئىقتىسادىي گۈللىنىش ۋە مەدەنىي يۈكسىلىش سەۋىيىسىگە مۇناسىپ ھالدا پەيدىنپەي ئەمەلگە ئاشىدۇ. «قوش تىللىق» بولۇش ئۆز ئانا تىلى بىلەن ئىككىنچى ئانا تىلنى ياكى ئۆزگە مىللەت تىلىنى(جۈملىدىن چەت ئەل تىللىرىنى) تەڭ بىلىش دېگەنلىكتۇر. بىر تىلنىلا تەكىتلەپ، ئىككىنچى تىلنى ئېتىبارسىز قالدۇرۇش قوش تىللىق ئەمەس، يەنىلا يەك تىللىق ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ مەكتەپ مائارىپىدا «قوش تىللىق» بولۇشنى يولغا قويۇش ئاكتۇئال مەسىلە.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى» نىڭ 6-ماددىسىدا: «مەكتەپلەردە مەملىكەت بويىچە ئورتاق قوللىنىلىدىغان پۇتۇڭخۇانى ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. ئازسانلىق مىللەتلەر ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىشنى ئاساس قىلغان مەكتەپلەردە، ئازسانلىق مىللەتلەر ئومۇمىي قوللىنىدىغان تىل-يېزىقتا ئوقۇتسا بولىدۇ.» شۇنىڭدەك، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىلىرى» نىڭ 25-ماددىسىدا: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئۆز رايونىدا مەجبۇرىيەت مائارىپىنى يولغا قويۇشنى تەشكىللىشى كېرەك. مەجبۇرىيەت مائارىپىنى يولغا قويىدىغان مەكتەپلەرنى تەسىس قىلىش، ئوقۇش تۈزۈمى، ئوقۇش شەكلى، ئوقۇتۇشنىڭ مەزمۇنى، ئوقۇتۇشتا قوللىنىلىدىغان تىلنى ئاپتونومىيىلىك ئورۇننىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مۇناسىۋەتلىك قانۇنلار بويىچە بەلگىلەيدۇ. ئازسانلىق مىللەتلەر ئومۇمىي قوللىنىدىغان تىل-يېزىقتا ئوقۇتىدىغان مەكتەپلەر باشلانغۇچنىڭ يۇقىرى سىنىپلىرىدا ياكى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە خەنزۇ تىلى دەرسىنى تەسىس قىلىشى كېرەك. ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق يوسۇندا ئىلگىرىرەك تەسىس قىلىسىمۇ بولىدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن.

مەزكۇر قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەردە، ئالدى بىلەن ئۆز ئانا تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغانلىقى، ئاندىن خەنزۇتىلى دەرسى تەسىس قىلىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. يەنى، مىللىي مەكتەپلەردە قايسى تىلدا دەرس ئۆتۈش مەسىلىسى قانۇن بىلەن ئايدىڭلاشتۇرۇلغان. دۆلەتنىڭ قانۇنى مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋالىنى توغرا تەرەققىيات يۆنىلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ بېكىتىلگەن. بۇ - «قوش

تىللىق ماتارىپ»نى يولغا قويۇشنىڭ قانۇنىي ئاساسى. «قوش تىللىق» بولۇش دەۋرنىڭ تەقەززاسى. دەۋر تەرەققىياتىنىڭ بۇ ئالغا ئىلگىرلەش چاقىنى ھېچكىم، ھېچقاچان ۋە ھېچ يەردە توسۇپ قالالمايدۇ. بۇنىڭغا پۇتلىكاشاڭ بولۇش مىللەتنىڭ مەدەنىي يۈكسىلىشى ۋە ئىقتىسادىي گۈللىنىشىگە توسقۇنلۇق قىلغانلىقتۇر. «قوش تىللىق» بولۇشنىڭ ئۆزى بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى، شۇڭىدەك مىللىي ئەنئەنىگە خىلاپ كەلمەيدۇ. ئادەتتە، مىللىي ئەنئەنە بىلەن مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ھامان زىددىيەت ئىچىدە بەسلىشىدۇ. مىللىي ئەنئەنە يېڭى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۇرۇپ بارىدۇ. لېكىن تېگى ـ تەكتىدىن ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ.

يېڭى زاماننىڭ ياشلىرى مىللىي ئەنئەنىگە، مىللىي مەدەنىيەتكە، جۈملىدىن ئۆز ئانا تىلىغا مېھرى بىلەن مۇئامىلە قىلىشى ئەقەللىي بۇرچى بولغىنىدەك، ئۆز مىللىتىنىڭ دەۋر تەرەققىياتى بىلەن ھەمقەدەم بولۇپ گۈللەپ-ياشنىشى ئۈچۈن تۈزلۈك پەن-تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنى ئىگىلىشى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىنچى ئانا تىلى ـ خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشى ۋاجىب.

ياشلارنى «قوش تىللىق» قىلىپ تەربىيىلەش، ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان تارىخىي بۇرچىدۇر.

جۇڭگو تىل مۇتەخەسسىسلىرىدىن ۋاڭ جۈن ئەپەندى بۇ مەسىلىدە مۇنداق تەكىتلىگەن: پۇتۇڭخۇانى ئومۇملاشتۇرۇشتىن مەقسەت شۇجايدا قوش تىللىق بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. غەربىي رايوندا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيىلىك ئورۇنلىرىدىكى كىشىلەر ئۆز مىللىي تىلى بىلەن پۇتۇڭخۇانى تەڭ قوللانسا بولىدۇ. بۇجەھەتتە ھەرقانداق شەكىلدىكى چەكلەش بەلگىلىمىسى يوق. خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشتىكى ئاكتىپلىق ئۆز مىللىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان ھالدا، تاشقى «دۇنيا»غا چىقىشنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

«قوش تىللىق» بولۇش مەسىلىسى توغرىسىدا ياش تىلشۇناسلىرىمىزدىن دوكتور ئابدۇرەئۇپ تەكلىماكانىي«〈مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين〉دىن 〈مەئارىفۇل لۇغەتەين〉گىچە» دېگەن ئىلمىي رىسالىسىدە دادىل پىكىر بايان قىلغان. بۇمەسىلىگە قىزىققۇچى ئوقۇرمەنلىرىمىزنى ئوقۇپ كۆرۈشكە تەۋسىيە قىلىمەن.

---

ئاپتور: ش ئۇ ئا ر 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، پېشقەدەم ئالىم، ئەدىب، تىلشۇناس، مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتچىسى، جامائەت ئەربابى(M2)


## چەت ئەللەردىكى مۇشتەرىلەر سەمىگە

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىغا چەت ئەللەردىن مۇشتەرى قوبۇل قىلىشنى جۇڭگو كىتاب ئىمپورت ـ ئېكسپورت(گۇرۇھى)باش شىركىتى ۋاكالىتەن بېجىرىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:6498BM، ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولماقچى بولغان چەت ئەللەردىكى ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ جۇڭگو كىتاب ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى)باش شىركىتىنىڭ ئېكسپورت بۆلۈمى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.
شىركەت ئادرېسى: جۇڭگو بېيجىڭ چاۋياڭ رايونى ئىشچىلار تەنتەربىيە سارىيى شەرقىي يولى 16 ـ قورۇ

## 告海外读者

《新疆文化》杂志向海外发行事宜由中国图书进出口(集团)总公司代理。如海外读者要订阅本刊,与中国图书进出口(集团)总公司出口部联系。本刊海外发行代号:6498BM

代理者地址:中国北京朝阳区工体东路16号

CHINA NATIONAL PUBLIKATIONS IMPORT & EXPORT CORPORATION
P.O. Box 88,16 Gongti East Road, Beijing 100020 China
FAX:(010)65063101



# «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» دىن «مەئارىفۇل لۇغەتەين» گىچە

## — ئەلىشىر نەۋائىي سېلىشتۇرما تەتقىقاتىغا مۇقەددىمە

دوكتور ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي

## كىرىش

نۇرغۇن ئالىي مەكتەپلەرگە ئوخشاشلا، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر-قازاق-قىرغىز تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىمۇ «نەۋائىي تەتقىقاتى» ئاتلىق بىر دەرس تەسىس قىلغانىدى. بۇ نۆۋەت، تەشكىل مېنىمۇ مۇشۇ ساھەدە ئۆز چامى ۋە ئىمكانىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئەمگەك قىلغان ۋە قىلىۋاتقانلارنىڭ بىرى ساناپ، مەزكۇر دەرسنى ماڭا تەقسىم قىپتۇ. تەشكىلگە كۆپ رەھمەت!

بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ئەلىشىر ئىبنىي غىياسىددىن نەۋائىي ئىلىم دۇنياسىدا 500 يىلدىن بۇيان تەتقىق قىلىنىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ كىملىكى، كىشىلىكى، ئەسەر-ئەمگەكلىرى ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرى ھەققىدە توم-توم كىتابلار يېزىلدى ۋە يېزىلماقتا. ئەگەر نەۋائىي ئۇقەدەر ئالىيجاناب ئۆرنەك ئىنسان بولمىسا، ئۇنىڭ ئەمگەكلىرى ئۇ قەدەر قىممەتلىك ئېنەك ئەسەرلەر بولمىسا ئىدى، ئىلىم ئەھلى ئۇنىڭغا بۇقەدەر ئىخلاس قىلمىغان، ئۇنىڭ ھەققىدىكى تەتقىقاتقا بۇقەدەر جان پىدا قىلمىغان بولاتتى.

ئالىي مەكتەپلەردە «نەۋائىي تەتقىقاتى» دەرسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ئەلمىساقتىن بۇيانقى تۇنجى ئىش ئەمەس. ئۇ پەقەت كونا مەدرىسەلىرىمىزدىكى «نەۋائىي» ئاتلىق دەرسنىڭ كۆچۈرۈلمىسى، خالاس. دېمەكچىكى، بىز بۇ بۈگۈنكى «نەۋائىي تەتقىقاتى» دەرسىنى ئۆتۈش، ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئۇنۇم قازىنىش جەھەتلەردە كونا مەدرىسەلىرىمىزدىكى «نەۋائىي» دەرسىنى بېسىپ چۈشەلمىسەك، ئۆزىمىزنىڭ «تەرەققىي قىلىپ كەتكەن» ۋە «راۋاجلىنىپ كەتكەن» لىكىمىزدىن لاپ ئۇرمىساق بولىدۇ.

شۇ ۋەجىدىن، مەن: «نۆۋەتتىكى ‹نەۋائىي تەتقىقاتى› دەرسىمىزدە ئالدى بىلەن ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ‹مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين (ئىككى تىل توغرىلىق مۇھاكىمە)› ناملىق ئەسىرىنى بۈگۈنكى كۈنىمىزدىكى ‹مەئارىفۇل لۇغەتەين (قوش تىللىق مائارىپ)› ئەمەلىيىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلساق دەيمەن» دېۋىدىم، دەرس ئاڭلاۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىم بىردەك چاۋاك چېلىپ، قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. قارىغاندا، ياقتى. ئەمىسچۇ؟! مۇئەييەن بىر تەتقىقات شۇ تەتقىقاتچى ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلمىسە، سېلىشتۇرۇلمىسا، ئۇنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى بولمايدۇ-دە! شۇنىڭ بىلەن «مۇھاكەمۇل لۇغەتەين» دىن «مەئارىفۇل لۇغەتەين» گىچە دېگەن بۇ ماۋزۇ ئوتتۇرىغا چىقتى.

«مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» دېگەن ئەسەر 15-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدا، ئەرەب-پارس تىللىرى ئىسلام مەدەنىيىتى مۇنبەرلىرى ۋە ئېچىقلىرىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئۇيغۇر-تۈرك تىلىنىڭ سوستاۋىغا خۇددى سەلدەك ئېقىپ كىرىۋاتقان چاغدا، ئۆز دەۋرىنىڭ شىرى ئاتالغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئەلىشىر نەۋائىي تەرىپىدىن يېزىپ ئېلان قىلىنغان. «قوش تىللىق مائارىپ» (مەئارىفۇل لۇغەتەين) بولسا، 20-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدا، ئۇيغۇر

قاتارلىق ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلى مەدەنىيەت-مائارىپ ساھەسىدە خەنزۇ تىلى بىلەن يانمۇ يان ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان چاغدا، ئۇيغۇر قاتارلىق ئازسانلىق مىللەتتىن بولغان ئوقۇغۇچىلارغا خەنزۇ تىلى ئۆگىتىدىغان ئوقۇتقۇچى ۋە باشقا بىلىم ئادەملىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. كېيىنچە، ئۇ تەرەققىي قىلىپ كۈنىمىزدىكى ياش ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە پەن- «قوش تىلچىلىق» (双语学) پېنى بولۇپ شەكىللەنگەن.

«مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» دېگەن ئەسەرنىڭ مەقسىتى ئۆز زامانىسىدىكى ئۇيغۇر-تۈرك تىلىنىڭ شۇ دەۋر ئوتتۇرا ئاسىياسىنىڭ تىل ۋە ئەدەبىيات ساھەسىنى كونترول قىلىۋالغان پارس تىلىدىن ھېچبىر قالغۇچىلىكى يوق، بەلكى سۆزلۈك خەزىنىسى، ئىپادىلەش ئىقتىدارى ۋە قوللىنىلىش ئەپچىللىكى قاتارلىق جەھەتلەردە پارس تىلىدىن ئەۋزەل بىر تىل ئىكەنلىكىنى پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلاپ، ئالەمگە جاكارلاش ئىدى.

«قوش تىللىق مائارىپ» تەدبىرىنىڭ غايىسى بولسا، مەملىكىتىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇد تىل -يېزىقىنى، شۇجۈملىدىن ئاز دېگەندىمۇ 1500يىلدىن بۇيان قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى ئۆز ساھەسىدە، جۇڭگو تۇپرىقىدا دۆلەت تىلى قىلىپ قوللىنىۋاتقان خەنزۇ تىلى بىلەن تەڭ-باراۋەر قوللىنىلىش ئىمكانىغا ئىگە قىلىش ۋە ئىمكانىيەت مەيدانىنى ئەبەدىي قوغداشتىن ئىبارەتكى، ھەرگىزمۇ ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى ئاداققىي جەھەتتە يوقىتىپ تاشلاش ئەمەس، ھەرگىز! بىز بۇ چۈشەنچىمىزگە ۋە يەكۈن ھۆكۈمىمىزگە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى تەڭ-باراۋەردۇر. دۆلەت ھەرقايسى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىغا ۋە مەنپەئەتلىرىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىش مۇناسىۋىتىنى قوغدايدۇ... ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل-يېزىقىنى قوللىنىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە» (قاراڭ: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» نىڭ 4-ماددا خەنزۇچە 10-بەت، خەلق نەشرىياتى 1982-يىل نەشرى) دەپ بەلگىلەنگەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» نى، (37-ماددا: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى مىللىي مائارىپنى ئۆز ئالدىغا راۋاجلاندۇرىدۇ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىدۇ، ھەرخىل مەكتەپلەرنى ئاچىدۇ، توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ۋە ئوتتۇرا كەسىپ- تېخنىكا مائارىپىنى كۆپ خىل شەكىل بىلەن راۋاجلاندۇرىدۇ، شارائىتى ۋە ئېھتىياجىغا قاراپ ئالىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىختىساسلىق كەسپىي خادىملىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدۇ. . . ئازسانلىق مىللەتلەر ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىشنى ئاساس قىلغان مەكتەپلەر (سىنىپلار) ۋە باشقا مائارىپ ئاپپاراتلىرىنىڭ شارائىتى يار بەرگەندىلىرى ئازسانلىق مىللەتلەر يېزىقلىرىدىكى دەرسلىكلەرنى قوللىنىشى ھەمدە ئازسانلىق مىللەتلەر تىللىرىدا دەرس ئۆتۈشى كېرەك» (قاراڭ: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»، ئۇيغۇرچە35-، 36-بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى 2001-يىل نەشرى) دەپ بەلگىلەنگەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» نى، شۇنداقلا «جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلەرقوش تىللىق مائارىپ تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى» قاتارلىق سىياسىي ۋە ئەمەلىي ھۆججەت، دەلىللەرنى ئاساس قىلىپ كۆرسىتىمىز.

بىراق، نۆۋەتتە مېنى تىنچىرقاتقان سوئاللار شۇ: بەزى ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇرتىل-يېزىقىنى تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئۇنى سىياسەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، بەس-بەس بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئالدىراۋاتقانلارنىڭ دەلىل-ئاساسى نېمىدۇ؟ ئۇيغۇر تىل-يېزىقى دەسلەپ ئالىي مەكتەپلەردە ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن نۆۋەت قەيەرگە كېلىدۇ؟ ئاندىنچۇ؟ ئى، ئەلشىر نەۋائىينىڭ ئەۋلادلىرى! مىڭ يىللاردىن بۇيان مەدەنىيەت ۋە مائارىپنىڭ ھەممە ساھەسىدە قوللىنىلىپ كەلگەن تىلىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا، ئەمدى سەن قانداقمۇ تەرەققىي قىلغان، راۋاجلانغان مىللەت بولىسەنكى!؟

«نەۋائىي تەتقىقاتى» دەرسىنى ئېچىپ بەرگەن تەشكىلگە مىڭ رەھمەت دەيمەن. كىم بىلىدۇ، بۇ دەرسنى ئۆتۈش جەريانىدا، 15-ئەسىردىكى «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» نى، خۇسۇسەن ئۇنىڭ بەش ئەسىردىن بۇيان نامايىش قىلىپ كېلىۋاتقان غەلىبە مېۋىسىنى كۈنىمىزدىكى «مەئارىفۇل لۇغەتەين» (قوش تىللىق مائارىپ) نىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، ئەمەلىي ئىجراسى ۋە ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى يۈزلىنىشى بىلەن دەۋر روھىغا ئۇيغۇن ۋە ئىنسان ۋىجدانىغا مۇناسىپ ھالدا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلساق، بەلكىم يۇقىرىدىكى سوئال تۈگۈنلىرىمىز يېشىلىپ قالار، ئىنشائاللا!

مېنىڭچە، ئەلشىر نەۋائىي ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى دەۋرىمىز دۇچ كېلىۋاتقان رېئال مەسىلىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇلۇپ تەتقىق قىلىنىپ، خەلقىمىزگە پايدىلىق بىر ئۇنۇمگە ئېرىشىلمىسە، نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىيلىكىنى ماختاپ، نەزمە توقۇش بىلەنلا نەتىجىلەنگەن تەتقىقاتنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى ۋە ئەمەلىي قىممىتى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭا، مەن بۇ ئەسىرىمگە «ئەلشىر نەۋائىي سېلىشتۇرما تەتقىقاتىغا مۇقەددىمە» دەپ قوشۇمچە ماۋزۇ قويدۇم.

# 1.تىلىمىز، دىلىمىز ۋە بىلىمىز

بۈيۈك مۇتەپەككۇر بوۋىمىز ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزىنىڭ «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» ناملىق ئەسىرىدە: «سۆز ئۈنچىدۇر، ئۇنىڭ دېڭىزى كۆڭۈلدۇر. گۆھەر دېڭىزدىن غەۋۋاس ۋاستىسى بىلەن چىقىپ، ئۆزجىلۋىسىنى نامايىش قىلىدۇ ۋە گۆھەرچىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ» دېگەن (قاراڭ: شۇناملىق ئەسەر، قولىيازما، 3-بەت) . ئەگەر بىز بۇيەردىكى «سۆز» كەلىمىسىنى ئومۇمىيەتلىك كەڭ مەنىدە «تىل» دېگەن ئۇقۇمنىمۇ بىلدۈرىدۇ، دەپ چۈشەنسەك، بۇھالدا مەزكۇر بايان بىزگە بىرتىلنىڭ قىممىتىنى ۋە ئۇتىلنىڭ ئۆزىنىڭ ساھە-مەيدانىدا ئەشۇنداق بىرتىل بولۇپ ۋە قەد كۆتۈرۈپ تۇرالىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى دەسمىنى تولىمۇ روشەن ۋە ئوبرازلىق نامايان قىلىپ بەرگەن بولىدۇ. دېمەكچىمەنكى، ھەرقانداق بىرتىل ئۆزىنىڭ ئىستېمال مەيدانىدا بەجايىكى بىر گۆھەردۇر. تىل ساھىبى، سۆز ئىگىسى ئۆز تىلىنىڭ بۇقەدەر يۈكسەك قىممىتىنى بىلىشى كېرەك. بۇ - بىرتىل ئىگىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەڭ ئەقەللىي ساۋات، ئەڭ باشلانغۇچ بىلىمدۇر.

شۇنداق، بىزنىڭ تىلىمىز شۇ قەدەر قىممەتلىك. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئانىمىزنىڭ تىلى. بىزنىڭ ئانىمىز دۇنيادىكى پۈتكۈل ئانىلارغا ئوخشاشلا ئەزىز، سۆيۈملۈك ۋە قەدىرلىك بولغىنىغا ئوخشاش، بىزنىڭ ئانا تىلىمىز ئۇيغۇر تىلىمۇ ئالەمدىكى ھەرقانداق مۆھتەرەم تىللارغا ئوخشاشلا مۆھتەرەم، ئېتىبارلىق ۋە بىباھادۇر.

بىزنىڭ تىلىمىز شۇ قەدەر قىممەتلىك. چۈنكى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «چاھاردىۋان» ى، «خەمسە» سى مۇشۇ بىزنىڭ بىباھا تىلىمىز بىلەن يېزىلغان. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ىمۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ بېتىگە بىزنىڭ مۇشۇ ئۈنچە كەبىي تىلىمىز بىلەن تىزىلغان.

بىزنىڭ تىلىمىز شۇقەدەر قىممەتلىك. چۈنكى بىزنىڭ تارىخىي كەچمىشىمىز، بىزنىڭ ھايات قارىشىمىز ۋە بىزنىڭ تۇرمۇش پەلسەپىمىز، پەقەت بىز ئۆزىمىزلا تولۇق چۈشىنەلەيدىغان سېھىرلىك مۇزىكا ئاھاڭلىرى بىلەن ئورۇندىلىدىغان جاھانغا داڭدار ئون ئىككى مۇقامىمىزنىڭ تېكىستلىرىمۇ ئۆشبۇ گۆھەر مىسالى تىلىمىز بىلەن بايان قىلىنغانكى، بۇ ئۆلمەس ئەسەرلەرنىڭ قىممىتى ئەمەلىيەتتە دەل ئەشۇ بىزنىڭ تەڭداشسىز تىلىمىزنىڭ قىممىتىدۇر؛ بۇ بۈيۈك مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ باھاسى دەل بىزنىڭ ئەشۇ دۇردانە تىلىمىزنىڭ باھاسىدۇر.

ئەمەلىي ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، جۇڭگودا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان 53 يىل ۋە شىنجاڭدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان 47 يىل مابەينىدە، ئۇيغۇر تىلى پۈتكۈل جۇڭخۇا ئېلىدىكى زاڭ، موڭغۇل ۋە چاۋشيەن قاتارلىق يېزىقى بار مىللەتلەرنىڭ تىللىرى قاتارىدا ھېچبىر سۇنۇپ قالغىنى يوق. ئۇيغۇر تىل-يېزىقى يېرىم ئەسىردىن بۇيان كومپارتىيىگە ۋە ھۆكۈمەتكە ھېچقانداق بىر زەرەر يەتكۈزگىنى يوق. ئەمەلىي پاكىت شۇكى، ئۇيغۇرنىڭ تىلى ۋە يېزىقى بولغانلىقى ئۈچۈنلا پارلاق قەدىمىي ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋارىسلىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئۇيغۇر تىل-يېزىقى باش بەلگە بولغان رەڭدار ۋە مول ئۇيغۇر مەدەنىيىتى زاڭ، موڭغۇل ۋە چاۋشيەن قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىگە ئوخشاشلا پۈتكۈل جۇڭخۇا ئېلىنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت خەزىنىسىگە بىر تۆھپىكار مىللىي مەدەنىيەت بولۇپ قوشۇلدى. ھەتتا ئىقتىسادىي ئۇنۇم ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ، ئۇيغۇر تىل - يېزىقى ھېچبىر پېتىدىن چۈشكىنى يوق. ئۇنىڭ بىلەن يېزىلغان ۋە نەشر قىلىنغان گېزىت-ژۇرناللار، سىياسىي، ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر دۇنيانىڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغىچە يېيىلىپ، ئۇنى ئىشلىگۈچى نەشرىياتچى ۋە كىتابچىلارغا ئىقتىسادىي پايدا يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى ئىش ۋە ئاش بىلەن تەمىنلەپ كەلمەكتە؛ ئۇنىڭ بىلەن ئىدالاندۇرۇلغان بارلىق سىملىق ۋە سىمسىز رادىئو-تېلېۋىزىيە مۇئەسسەسەلىرى ۋە ئىنتېرنېت تورلىرى ئۆزلىرىنىڭ «مۇنبەت تۇپراق» لىرى، «ئالتۇن كۆزنەك» لىرى ۋە «كۆڭۈلدىكى سۆزلىرى» بىلەن جىلۋىلىنىپ، كومپارتىيىنىڭ ئەدلى-ئادالىتىنى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ ئىمكان-كاپالىتىنى، شۇنداقلا ئۇيغۇرنىڭ ئىقتىدار - قابىلىيىتىنى ۋە مىللىي مەۋجۇدلۇق ئىرادىسىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. مانا بۇلار ھەرقانداق ئەھۋالدا كۆز يۇمۇپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان بۈيۈك ئۇتۇقكى، ئەگەر ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدىن ئىبارەت بۇ ئاساس - بۇ ئۇل بولمىسا، بۇ ئۇتۇقنىڭ ئىستىقبالى تۇتۇق، ھەتتا كىچىككىنى پۈتۈنلەي يوق بولىدۇ، خالاس. بۇنۇقتىنى، بۇئاددىي زاكوننى جەزمەن پىكىر بىرلىكى بىلەن تونۇپ يېتەيلى، ئى ئۇيغۇرلار!

بوۋىمىز ئەلىشىر نەۋائىي: «سۆز ئۈنچىدۇر، ئۇنىڭ دېڭىزى كۆڭۈلدۇر» دەيدۇ. بۇ ئىككى جۈملە ئەمەلىيەتتە، تىل بىلەن دىلنىڭ ئورگانىك مۇناسىۋىتىگە بولغان ئەڭ قىسقا، ئەمما ئەڭ دانا شەرھتۇر.

دېمەكچىمەنكى، تىل بەجايىكى گۆھەردۇر. ئەمما بۇگۆھەرنى گۆھەر قىلىدىغان، ئۇنىڭ قىممىتىنى ھەقىقىي نامايان قىلىدىغان نەرسە كۆڭۈلدۇر، دىلدۇر. ئەگەر دېڭىزنىڭ بىپايان قوينى ۋە ئۇنىڭ خاس مۇھىتى ۋە شارائىتى بولمىسا، ئۇنىڭدا ئۈنچە-گۆھەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئاخىرىدا

ئەشۇنداق قىممەتدار، ئالىي دەرىجىلىك گۆھەر بولۇپ يېتىلىشى مۇمكىن ئەمەس. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، بىر تىل ساھىبىنىڭ كۆڭلىدە، دىلىدا ئۆز تىلىغا نىسبەتەن يېتەرلىك ئورۇن، يېتەرلىك مۇھەببەت ۋە سۆيۈك بولمىسا، ئۇ تىلنىڭ ئۆز ساھەسىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق، بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىمىزنىڭ ئەمەلدىن قالماي، ئۆز سورۇنىدا ئەبەدىلئەبەد قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان نەرسە بىزنىڭ دىلىمىزدۇر. ئەگەر بىز ئۇيغۇر مىللىي تىلىمىزنى چىن دىلىمىزدىن سۆيسەك، سۆيگەندىمۇ ھەممىمىز - رەئىسىمۇ، دېھقانمۇ، نازىرىمۇ، چولپانمۇ، مەكتەپدارمۇ، پۇلدارمۇ... بىرنىيەتتە، دىل بىرلىكى بىلەن سۆيسەك، بىزنىڭ تىلىمىز تاكى قىيامەتكىچە بار بولىدۇ. ئەكسىچە، ئەگەر بىز ئۆز تىلىمىزنى چىن دىلىمىزدىن بىرنىيەت، بىرمەقسەتتە سۆيمىسەك، قەدىرلىمىسەك، بۇھالدا ئۇنىڭ ئىستىقبالى بارغانسېرى تار بولىدۇ، ھەتتا ئاخىرىدا يوقىلىپ، پۈتۈنلەي تار-مار بولىدۇكى، ھېچبىر ئۇيغۇر بۇ ئاقىۋەتنى خالىمايمىز، ئەلۋەتتە!

ئەلىشىر نەۋائىي بىزگە ئۆرنەك. ئەلىشىر نەۋائىي بىزگە ئەينەك. بۈيۈك ئەلىشىر ئىبنى غىياسىددىن نەۋائىينىڭ زامانىنىڭ زورى بىلەن ئەرەب - پارس تىلى ئومۇملىشىپ كەتكەن ئەشۇ 15-ئەسىردە، ئۆزىمۇ 40 يېشىغىچە پارسچە شېئىر يازغان تۇرۇقلۇق، يازغاندىمۇ ئۆز دەۋرىدىكى ھەرقانداق پارس ئەدىبلىرىنى قايىل قىلغۇدەك يۇقىرى سەۋىيىلىك پارسچە شېئىر يازغان تۇرۇقلۇق، يازغاندىمۇ ئۆز دەۋرىدىكى ھەرقانداق پارس ئەدىبلىرىنى قايىل قىلغۇدەك يۇقىرى سەۋىيىلىك پارسچە دىۋان يېزىپ، نەشر قىلدۇرغان تۇرۇقلۇق، ئاخىرىدا زامانىنىڭ تەتۈرلۈك قىلىشلىرىغا، زامانداشلىرىنىڭ مەسخىرە قىلىشلىرىغا پىسەنت قىلماي، ئۆز ئانا تىلى بىلەن ئەسەر يېزىشنى تەشەببۇس قىلىشى ۋە ئۆزى باش بولۇپ ئۇيغۇر-تۈرك تىلىدا ئەشۇنداق ئالەمشۇمۇل مول ۋە نادىر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشى ئەمەلىيەتتە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ دىلىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئانا تىل مۇھەببىتىنىڭ شانلىق مەھسۇلىدۇر. ھالبۇكى، 21-ئەسىردە كەڭ ئىمكانلار ئىچىدە ياشاۋاتقان بىز نەۋائىي ئەۋلادلىرى، ئالدى بىلەن ئىش بېشىدىكى ۋەلىيلەر، مەكتەپدارلار ۋە پۈتكۈل مەدەنىيەت -مائارىپ كادىرلىرى باش بولغان بارلىق زىيالىي ئۇيغۇرلار ئەگەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يەتكەن، ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ قەدرىنى بىلگەن بولساق، ئەمدى ئۇنى ئەلىشىر نەۋائىيچە سۆيەيلى، ئۇنىڭغا ئەلىشىر نەۋائىيدەك كۆيەيلى. پەقەت بىزنىڭ دىل رىشتىمىز ئۆز تىل - يېزىقىمىزغا خۇددى ئەلىشىر نەۋائىينىڭكىدەك مۇستەھكەم باغلانسا، بۇ ھالدا بىزنىڭ تىلىمىزنى ئالىي مائارىپ سورۇنىدىنمۇ، ئوتتۇرا مائارىپ سورۇنىدىنمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ھەرگىز ھاجەت چۈشمەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز ۋە بۇ مەسىلىنىڭ تېگىنى ئوچۇق بىلىپ يېتىمىز.

«گۆھەر دېڭىزدىن غەۋۋاس ۋاستىسى بىلەن چىقىپ، ئۆز جىلۋىسىنى نامايىش قىلىدۇ ۋە گۆھەرچىلەر ئالدىدا ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ» دەيدۇ بۈيۈك ئەلىشىر نەۋائىي.

بىر مىللەتنىڭ تىلى قىممەت جەھەتتە بەجايىكى بىباھا گۆھەردۇر. شۇڭا، بىر مىللەت ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت، جەمئىيەت ۋە قىسمەت ئەھۋالىنى ھېچ قالدۇرماي خاتىرىلەپ كېلىۋاتقان تىلىنى چىن دىلىدىن سۆيۈشى كېرەك. بىراق، بىر مىللەتتە ئۆزىنىڭ مىللىي تىلىنى ساقلاپ قېلىش، قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇ تىلنىڭ قىممىتىنى تونۇش ۋە ئۇنى مۇھەببەت بىلەن سۆيۈش تېخى كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى يەنە ئۇ مىللەتتە ئۆزتىلىنى قوغداش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پائالىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈدىغان كۈچلۈك مىللىي ئىرادە، مەھكەم باغلانغان بەل بولۇشى لازىم. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەگەر بىز ئۇيغۇر مىللىتى مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ۋە جۇڭگو مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئوخشاشلا مىقدار ۋە ئوخشاشلا ئىقتىدار بىلەن تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشۇپ كېلىۋاتقان گۆھەر تىلىمىزنى قوغدايمىز ۋە ئۇنى ئۆز ساھەسىدە يەنىمۇ راۋاجلاندۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ئەمدى بۇ غايە ئۈچۈن بېلىمىزنى مەھكەم باغلاپ، قانۇنىي يوسۇندا ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك.

بۈيۈك ئەلىشىر نەۋائىي بىر ئۇيغۇر ئىنسانى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆز تىلىنىڭ قىممىتىنى تونۇش، ئۇنى چىن يۈرىكىدىن سۆيۈش جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇ قىممەتلىك تىلنى ۋە ئۇ سۆيۈملۈك يېزىقنى قوغداش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئەمەلىي كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان كۈچلۈك ئۇيغۇر ئىرادىسىگە ساھىب بولۇش جەھەتتىمۇ ئۆرنەك زات ئىدى. شۇنداق، ئۇ ئۆز ھاياتىدا ئۇيغۇر-تۈرك تىلىنى ھەقىقەتەنمۇ گۆھەر، دەپ بىلدى، ئۇنى چىن دىلىدىن قىزغىن سۆيدى. ئاندىن خۇددى غەۋۋاس دېڭىزدىن گۆھەر سۈزۈپ چىقىرغاندەك پىداكار ۋە نەق ئەمگەك ئارقىلىق ئۇيغۇر-تۈرك تىلىنى شۇ چاغدىكى دۇنيا مەدەنىيەت ساھەسىدە تېگىشلىك ئورۇنغا ئىگە قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە ئەبەدىلئەبەد قوغدىلىشىنى بولسا، سىز-بىزگە ئامانەت قىلدى.

ئامانەتكە خىيانەت قىلىش ئۇيغۇر مىللىتىگە يات نائەھلىلىكتۇر. ھالبۇكى، بىز ئۇيغۇرلار بۈيۈك ئەلىشىر نەۋائىينى ئۆرنەك قىلىپ، ئۆز تىلىمىزنىڭ قىممىتىنى تونۇساق، ئۇنى پىكىر بىرلىكى بىلەن چىن دىلىمىزدىن سۆيسەك، ئۇنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بېلىمىزنى مەھكەم باغلىساق، بۇ ھالدا مۇنۇ ھەقىقەت كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ:

ئۇيغۇر مىللىتى ئەلمىساقتىن بۇيان ئۆزىنىڭ تىلى، ئۆزىنىڭ دىنى ۋە ئۆزىنىڭ يېرى - زېمىنى بار مۇكەممەل بىر مىللەت. شۇڭا ئۇ دۆلەت تىلى بولغان خەنزۇ تىلىنى تەلەپتىكىدەك ئۆگىنىپ، ئىگىلەش (بۇ ھەقتە ئەسىرىمىزنىڭ «زۆرۈرىيەت، مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەت» دېگەن بابىدا دادىغا يەتكۈزۈپ بايان قىلىمىز) ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدىن ھەرگىزمۇ ۋازكەچمەيدۇ.

ئۇيغۇر تىلى - ئۇيغۇرنىڭ جېنى، جۇڭخوا خەلق جۇمھۇرىيىتى زېمىنىدە ئۇيغۇر مىللىتى ئۆزىنىڭ جېنىنى قوغدىيالايدىغان بولۇشى كېرەك ۋە چوقۇم قوغدىيالايدۇ!

چۈنكى، جۇڭگودا كومپارتىيىنىڭ ئادالىتى بار. خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل-يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە» دېگەن كاپالىتى بار!

## 2. زۆرۈرىيەت، مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەت

### - قوش تىللىق مائارىپ ۋە ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنىڭ تەقدىرى

مۇئەييەن مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئالەم زۆرۈرىيەت ئالىمىدۇركى، دۇنيادىكى نۇرغۇن شەيئىي ۋە ئىشلار زۆرۈرىيەت قولىدا يۇغۇرۇلۇپ مەيدانغا چىقىدۇ، زۆرۈرىيەت ئالقىنىدا گۈللەپ ياشنايدۇ، مەغلۇب بولغانلار بولسا، ئاخىرىدا يەنىلا زۆرۈرىيەت ئايىغى ئاستىدا يەنچىلىپ تۈگەيدۇ.

نۇرغۇن ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشىچە، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغاندىن تارتىپ، 15-ئەسىر نەۋائىي زامانىغىچە بولغان ئارىلىقتا، تۈركىي تىللار سوستاۋىغا ئەرەب، پارس تىللىرى ئامىللىرىنىڭ شۇنچىۋالا كۆپلەپ كىرىپ ئۆزلىشىپ كېتىشى، ھەتتا مەدەنىيەت-مائارىپ ساھەسىدە تۈركىي تىلنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكىدەك دەھشەتلىك دەرىجىگە بېرىپ يېتىشى پۈتۈنلەي زۆرۈرىيەتتىن، ئوچۇق ئېچىپ ئېيتقاندا، زاماننىڭ زورىدىن بولغان. دەرۋەقە، تارىخنىڭ ھېچبىر بېتىدە، شۇ چاغلاردا بىرەر پادىشاھ ياكى باشقا بىرەر ھۆكۈمران تەرىپىدىن: « بۈگۈندىن ئېتىبارەن تۈركىي تىل ئەمەلدىن قالدى. ئەمدى، تۈركىيلەر ھەممىڭلار ئەرەبچە ياكى پارسچە سۆزلەڭلار ۋە يېزىڭلار، دەپ پەرمان قىلىنغانلىقى سۆزلەنمەيدۇ. ئەمما، ئالەمنى ۋە ئادەمنى يېپيېڭى قاراش بىلەن چۈشەندۈرۈدىغان ئىسلام دىنىنىڭ تۈركىي مىللەتلەر دۇنياسىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىنى ھەيۋەت بىلەن فەتھ قىلىشى، مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەرەب مىللىتىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللا تەرىپىدىن ئەرەب تىلى بىلەن نازىل بولغان «قۇرئان كەرىم» ۋە ئۇنىڭ تەلىماتلىرىنىڭ ئۇيغۇر-تۈرك مۇسۇلمانلىرىنىڭ كۆڭلىگە ياغدەك يېقىشى ۋە ئىملا دېگەنىبىلەن تۈركىي مىللەتلەردىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان پارس ئالىملىرىنىڭ، شائىرلىرىنىڭ ئىسلام پەلسەپىسىنى تەشۋىق قىلىپ يازغان تۈرلۈك ژانىردىكى ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر-تۈرك ئەدىبلىرى ۋە ئالىملىرىنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە رام قىلىۋېلىشى. . . قاتارلىق نەق ئامىللار بىر زۆرۈرىيەت كەلكۈنىنى شەكىللەندۈرۈپ، تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ساھەسىنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقى راستتۇر.

ئەرەب ئىسلام مائارىپىدىن ئۆرنەك ئېلىپ ۋە تەقلىد قىلىپ ئېچىلغان مەكتەپ - مەدرىسەلەردە ئون بەش، ئون ئالتە يىللاپ داۋام ئېتىپ، داۋام قويۇپ ئوقۇغان تۈركىي تىللىق ياشلارنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك دەرسى «قۇرئان كەرىم»، تەفسىر ۋە ھەدىس شەرىپ بولغانكى، بۇ مۇتلەق زۆرۈر دەرسلەرنىڭ تىلى ئەرەبچە بولۇشى ۋە بولغانلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ. چۈنكى ھەرقانداق بىر تىلنىڭ يەنە بىر تىل بىلەن ستىلىستىك ئۆزگىچىلىك جەھەتتە ئوپئوخشاش ۋە باراۋەر بوپكېتىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ئېتىراپ قىلىنغان تەقدىردە، ئەرەب تىلىدا بارلىققا كەلگەن پەلسەپىۋى تەلىماتلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئەڭ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان تىل ئەڭ ئالدى بىلەن پەقەت ئەرەب تىلى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. مۇشۇنداق ئەمەلىيەت، شۇنداقلا ئۇيغۇر-تۈرك ئالىملىرىنىڭ قەلبىدىكى ئىسلامىيەتكە بولغان مۇھەببەت ئۇلارنى ئاڭلىق-ئاڭسىز ھالدا ئەدەبىي تىلدا ئەرەبلىشىش، يېزىش ئەمەلىيىتىدە بولسا پارسلىشىش يولىغا يېتەكلەپ كەتكەن.

بۈيۈك مۇتەپەككۇر بوۋىمىز ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين»نى يېزىشى ۋە رەت قىلغۇسىز پاكىتلار ئاساسىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، ئاخىرىدا «ئۇيغۇر - تۈرك تىلى سەنئەت ۋە سانائەت تىلىدۇر» (تۈركىي ھۈنەرەست) دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمۇ زۆرۈرىيەتتىن بولغان.

ئەلىشىر نەۋائىي تولىمۇ سەمىمىيلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىدۇكى، ئەرەب تىلى ھەقىقەتەنمۇ پاساھەتلىك تىل؛ ئوخشاشلا، پارس تىلى ھەقىقەتەنمۇ گۈزەل ۋە لاتاپەتلىك تىل. ۋەھالەنكى، مېنىڭ ئانا تىلىمچۇ؟ ئاللاھ مېنىمۇ ئەرەب، پارس مىللەتلىرىگە ئوخشاشلا ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ساھىب بولغان ئايرىم بىر مىللەت قىلىپ ياراتقان ۋە ئۆزۈمگە خاس بولغان مىللىي تىل ئاتا قىلغان تۇرسا، مېنىڭ تىلىم زادى نېمىشقا ئەمەلدىن قالىدىكەن؟

ئەلىشىر نەۋائىي زۆرۈرىيەت تۇيغۇسى ئۆز ۋۇجۇدىدا بارلىققا كەلتۈرگەن ئۆز ئانا تىلىغا بولغان تونۇش، بىلىش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئەمگەك قىلىش جەريانىنى بۈيۈك دەرىجىدە مۇجەسسەم قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: « ياشلىقىمنىڭ دەسلەپكى

مەزگىللىرىدە ئاغزىم جەۋھەردانىدىن بەزى گۆھەرلەر كۆرۈلۈشكە باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ گۆھەرلەر تېخى نەزم يىپىغا ئۆتكۈزۈلمىگەن، پەقەتلا كۆڭلۈم دېڭىزىدىن نەزم يىپىغا يۈزلەنگەن ئۇ گۆھەرلەر تەبىئىيىتىم غەۋۋاسىنىڭ ئىجتىھاتى بىلەن ئېغىز ساھىلىغا چىقىشقا باشلىغانىدى. دەل شۇ چاغدا، مەنمۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەنئەنە بويىچە پارس تىلى بىلەن يېزىشقا يۈزلەنگەنىدىم. بىراق، ئەقىل يېشىغا قەدەم قويغىنىمدىن كېيىن ، ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالا تەبىئىيىتىمگە بەخشەندە قىلغان غارايىبچانلىق، ئەستايىدىللىق ۋە مۇشكۇلاتچىلىق روھىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن تۈركىي تىل ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنى لازىم تاپتىم. مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگىنىمدىن كېيىن، كۆز ئالدىمدا ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى بېسىپ چۈشىدىغان بىر ئالەم نامايەن بولدى. مەن ئۇ يەردە، توققۇز پەلەكتىن ئېشىپ چۈشكەن بىر زىبۇ زىننەت ئاسمىنىنى كۆردۈم. دۇرلىرى يۇلتۇزلاردىنمۇ جۇلالىق بىر يۈكسەكلىك خەزىنىسىنى ئۇچراتتىم. ئۇنىڭ يۇلتۇزلاردىنمۇ گۈزەل گۈللەر بىلەن پۈركەنگەن گۈلشىنىگە يولۇقتۇم: ئۇنىڭ ھەرىمى ئەتراپىغا ئادەم ئايىغى تەگمىگەن، غارايىباتلىرىغا ھېچكىمنىڭ قولى تەگمىگەنىدى. ئەمما خەزىنىسىنىڭ يىلانلىرى دەھشەتلىك، گۈللىرىنىڭ تىكەنلىرى سان-ساناقسىز ئىدى. مەن: <سەنئەت ئەھلىنىڭ دانالىرى مۇشۇ يىلانلارنىڭ ئۆتكۈر نەشتىرىدىن قورقۇپ، بۇ خەزىنىدىن بەھرىمەن بولالماي ئۆتۈپتۇ؛ نەزم قوشۇنىنىڭ گۈلدەستىچىلىرى بولسا، مۇشۇ تىكەنلەردىن ئېھتىيات قىلىپ، بەزمىگە لايىق گۈل ئۈزەلمەي كېتىپتۇ> دەپ ئويلىدىم. مېنىڭ يۈكسەك ئىرادەم، قورقۇش ۋە بىپەرۋالىقتىن خالىي تەبىئىيىتىم بۇيەردىن شۇنداقلا ئۆتۈپ كېتىشىمگە يول قويمىدى: مەن بۇيەرنى تاماشا قىلىپ تويمىدىم، تالانتىم لەشكەر بولۇپ، بۇ ئالەم مەيدانىدا ئات ئويناتتى. خىيالىم قۇش بولۇپ بۇ ئالەم ئاسمىنىدا ئېگىز پەرۋاز قىلدى. دىلىم سەرراپ بولۇپ، بۇ جەۋھەرلەر خەزىنىسىدىن ھېسابسىز قىممەتلىك ياقۇت ۋە دۇرلارنى ئالدى. كۆڭلۈم گۈل تەرگۈچى بولۇپ، بۇ گۈلشەن رەيھانزارىدىن بىھېساب خۇش پۇراق گۈللەرنى يىغدى. بۇ ئۇتۇق ۋە بايلىقلارغا، بۇپايدا ۋە غەنىمەتلەرگە ئىگە بولغىنىمدىن كېيىن، ئۇنىڭ نەتىجە گۈللىرى دەۋر ئەھلى ئۈچۈن بىمالال ئېچىلىشقا ۋە ئۇلارنىڭ باشلىرىغا ئىختىيارسىز چېچىلىشقا باشلىدى» . (قاراڭ: «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» ، 28 ـ ، 29 ـ بەتلەر، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى1988 ـ يىل نەشرى. )

دېمەك، زامانىنىڭ زورى شۇقەدەر يامان، ۋەزىيەتنىڭ بېسىمى شۇقەدەر ئېغىر بولسىمۇ ، ئۇيغۇرغا خاس يۈكسەك ئىرادىگە، قورقۇشتىنمۇ، بىپەرۋالىق قىلىشتىنمۇ خالىي ئالىيجاناب تەبىئەتكە ساھىب بولغان ئەلشىر نەۋائىي ھايات ـ مامات گىردابىغا كېلىپ قالغان ئانا تىلىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئەستايىدىل مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ھېجاندىل مۇھاكىمە قىلىپ، ئەقلىي ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى بىلگەن ۋە بىلگىنىنى دەرھال ئەمەلىيەتتە ئايلاندۇرۇپ كۆرسەتكەن.

بىزنىڭ زامانىمىزدا«قوش تىللىق مائارىپ» تەدبىرىنىڭ ئەمەلىي ئىجراغا قويۇلۇشىمۇ زۆرۈرىيەتتىن ئىكەنلىكى ھەممە ئادەمگە بەش قولدەك ئايان. يەنى 1949 ـ يىلى 1 ـ ئۆكتەبىردە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. جۇڭگو زېمىنىدە ياشاۋاتقان 56 مىللەت خەلقى مىسلىسىز بىرلىككە كەلگەن بىر مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتى. بۇ دۆلەت، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت تىلى ئەمەلىيەتتە خەنزۇ تىلى ئىدى. خەنزۇ مىللىتىنىڭ تىلى ئەمەلىيەتتە جۇڭگو دۆلىتىنىڭ دۆلەت تىلى بولغانلىقى ئۈچۈن، خەنزۇدىن باشقا 55مىللەت كادىرلىرى ۋە زىيالىيلىرىنىڭ خەنزۇچە ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. مۇشۇ زۆرۈرىيەتتىن مەركەزدە ۋە ھۆكۈمەت زۆرۈر دەپ قارىغان جايلاردا مىللەتلەر ئىنستىتۇتلىرى ئېچىلىپ، ئۇيەرلەردە خەنزۇ بولمىغان ياشلارغا ۋە كادىرلارغا خەنزۇ تىلى ۋە خەنزۇ تىلىدا تۈزۈلۈپ ئېلان قىلىنىدىغان سىياسەتلەر دەرس قىلىپ ئۆتۈلدى. يەنە مۇشۇ زۆرۈرىيەتتىن جۇڭگو مائارىپ ساھەسىدە«قوش تىللىق مائارىپ» يەنى «جۇڭگودىكى تىل-يېزىقى بار مىللەتلەرگە ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا خەنزۇ تىلىنىمۇ ئۆگىتىش مائارىپى» مەيدانغا كەلدى. دەرۋەقە، جۇڭگونىڭ بەزى رايونلىرىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونوم رايونلار قۇرۇلدى ۋە مەزكۇر مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونوم رايونلاردىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ساھىب بولغان مىللەتلەرگە قارىتىلغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» تۈزۈلۈپ، ئېلان قىلىندى. مەيلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» دا بولسۇن، مەيلى«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» دا بولسۇن، ئوخشاشلا تارىختىن بۇيان تىل-يېزىقى بار مىللەتلەرگە قارىتىلغان ئىلھامبەخش، ئىلھامبەخشلا ئەمەس، بەلكى ھەقىقەتبەخش، ھۆرىيەتبەخش بەلگىلىمىلەر بەلگىلەندى. بۇ بەلگىلىمىلەرنى قەغەز يۈزىدىن ئوقۇساق، ھەقىقەتەنمۇ ئىلھام ئېلىپ، سۆيۈنۈپ، ھۆكۈمەتنى كۈيلەپ كېتىمىز؛ ھەقىقەتەنمۇ كومپارتىيىنىڭ دانالىقىدىن سۆزلەپ كېتىمىز. (بۇ قانۇنىي بەلگىلىمىلەر ئەسىرىمىزنىڭ بىرىنچى بابىدا نەقلەن كۆرسىتىلگەچ، بۇيەردە تەكرارلىمىدۇق)

مېنىڭچە، ئەللىك نەچچە يىلدىن بۇيان جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شانلىق غەلىبىلىرى بىلەن بىللە ياشاپ كەلگەن ئاقكۆڭۈل ئۇيغۇر خەلقى شۇ تاپتا، خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشنى زۆرۈرىيەتتىن مەيدانغا كەلگەن ۋاقىتلىق بىر ئىش، ئۆتكۈنچى بىر تەدبىر ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ بۈگۈنكى ھاياتى ۋە كەلگۈسى ياشامى ئۈچۈن جەزمەن ئورۇنداشقا تېگىشلىك بىر مەجبۇرىيەت دەپ قارىماقتا. چۈنكى،

ئەللىك نەچچە يىللىق ئەمەلىيەت خەنزۇ تىلىنىڭ جۇڭگو زېمىنىدە، يالغۇز سىياسىي تىل ئەمەس، بەلكى پەن-تېخنىكا تىلى، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق تۇرمۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئومۇمىي مەدەنىيەت تىلى ئىكەنلىكىنى دەلىللىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ھەربىر ئۇيغۇر ئىنسانى جۇڭگودىكى تارىختىن بۇيان ئۆزىنىڭ تىل-يېزىقى بار بوپكەلگەن باشقا قېرىنداش مىللەت ئىنسانلىرىغا ئوخشاشلا، ئۆزىنىڭ ۋەتىنىدە ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى سىنىپ پۇقرا بوپقالماسلىق ئۈچۈن، يەنى مەيلى سىياسىي تۇرمۇشتا بولسۇن، مەيلى پەن-تېخنىكا ھاياتىدا بولسۇن ۋە مەيلى ئومۇمىي مەدەنىيەت ياشامىدا بولسۇن، خەنزۇ خەلقى بىلەن ئوخشاش ۋە باراۋەر بولغان ياشاش ئىمكانىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن خەنزۇ تىلىنى مۇكەممەل ئىگىلەشنىڭ بولمىسا بولمايدىغان مۇھىم ئىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، ھەردەرىجىلىك كادىرلار ۋە مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىلا ئەمەس، بەلكى يەنە «خەنزۇ تىلى بىلمەيدىكەن» دېگەن بانايى سەۋەب ۋە ئەمەلىي سەۋەب بىلەن قارامەدىكارلىققىمۇ قوبۇل قىلىنمايۋاتقان يۈزمىڭلىغان ئۇيغۇر دېھقان ئىشلەمچىلىرىمۇ بۇ زاماندا خەنزۇ تىلى ئۆگەنمىسە زادىلا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. بۇ ھالدا، ئۇيغۇر خەلقى نۆۋەتتىكى قوش تىللىق مائارىپنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشى، دەرس سائەتلىرىنى كۆپەيتىش يولى بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىدىن، ھەتتا يەسلى مائارىپىدىن باشلاشقىمۇ رازى، دەپ قارايمەن.

بىراق، زامان كەلتۈرگەن زۆرۈرىيەت، تۇرمۇش ئىپادىلەۋاتقان مەجبۇرىيەت شۇقەدەر كەسكىن ۋە شۇقەدەر رەھىمسىز بولسىمۇ، ھېچبىر ئۇيغۇر شۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىنىڭ ئانا تىل ۋە يېزىقىدىن بىر كۈن بولسىمۇ ۋاز كېچىشكە ھەرگىز رازى بولمايدۇ. چۈنكى مېنىڭ تەتقىقاتلىق چۈشەنچەمچە، ئۇيغۇر مىللىتى ھەرنېمە دېگەن بىلەنمۇ ئۇنداق مەسئۇلىيەتسىز مىللەت ئەمەس. بۇنىڭغا ئۇيغۇرنىڭ بىرمىڭ بەش يۈز يىللىق تىل-يېزىق تارىخى گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇنىڭغا، ئىسلام دىنى ئەقىدىسىنىڭ نۇسرىتى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئەرەب-پارس تىلى مەپتۇنلۇقى ھەربىر مۇسۇلمان ئۇيغۇرنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئەسىر قىلىۋالغان 14-، 15-ئەسىرلەردىمۇ يۈكسەك مىللىي مەسئۇلىيەتچانلىق روھى بىلەن ئۇيغۇر - تۈرك تىلىنى نابۇتلۇقتىن ساقلاپ قالغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سەپ بېشىدا تۇرغان بايراقدارى ئۇلۇغ ئەلشىر نەۋائىي شاھىدلىق بېرىدۇ.

بۈيۈك مۇتەپەككۇر بوۋىمىز ئەلشىر نەۋائىينىڭ «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» ناملىق ئەسىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇپ، يەكدىللىق بىلەن مۇلاھىزە يۈرگۈزۈدىغان بولساق، ئۇنىڭ ھەركەلىمە سۆزىدىن ئۇيغۇر -تۈرك تىلىغا بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىنى ئېيتىقار بىلەن ھېس قىلىمىز. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئاتمىش يىللىق ئۆمرىدە ئاتمىش ئۈچ پارچە كىتاب يازغان (قاراڭ: مۆئجىزىي: «تەۋارىخىي مۇسىقىييۇن»، 56-بەت، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1982-يىل نەشرى. نەشرگە تەييارلىغانلار: ئەنۋەر بايتۇر، خەمىت تۆمۈر)، سۆز ئىشلىتىش جەھەتتە، كېيىنكى چاغلاردا ياۋروپانىڭ سۆز ئۇستىلىرى بولۇپ داڭق چىقارغان مىگېل دى سېرۋانتېس (1547-1616)، ۋىليام شېكسپىر (1564-1616-يىللار) ۋە ئالېكساندىر سېرگېيېۋىچ پۇشكىن (1799-1837-يىللار) قاتارلىقلارنىمۇ ئۇزاق ئارقىدا قالدۇرۇپ، پۈتكۈل ئەسەرلىرىدە جەمئىي بىرمىليون ئۈچ يۈز يەتمىش سەككىز مىڭ ئاتمىش يەتتە سۆز ئىشلەتكەن (قاراڭ: «بۈيۈك شائىر ئەلشىر نەۋائىي»، 113-بەت، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 2001-يىل نەشرى. تۈزگۈچى: ئابلىمىت ئەھەت). ئەلشىر نەۋائىينىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا - 1499-يىلى، ئۇيغۇر -تۈرك تىلىنىڭ نۇسرىتى ھەققىدە «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» ئاتلىق كىتابنى ئالاھىدە يېزىپ ئېلان قىلىشىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭدىكى مىللىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنىڭ نەقەدەر يۈكسەك ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ، ئەلۋەتتە.

مېنىڭچە، بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ئەلشىر نەۋائىي ئالەمدىن ئۆتكەن ئەشۇ مىلادى 1501-يىلىدىن تاكى 2001-يىلىغىچە بولغان ساق بەش يۈز يىلنىڭ مابەينىدە ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ھېچبىرسى نەۋائىينىڭ ئانا تىلنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرۈش، ئۆز تىلىنى يۈكسەك مىللىي مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن سۆيۈش روھىغا خىيانەت قىلغىنى يوق. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ھېچقانداق بىر ئەسىردە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىقتىدارىغا شەك كەلتۈرگىنى ياكى مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ ئۆز ئانا تىلىغا ئاھانەت قىلغىنى يوق. ئىشەنمىسىڭىز قاراپ بېقىڭ: ئاياز شىكەستەنىڭ «جاھاننامە» سىدىن، مۆئجىزىينىڭ «تەۋارىخىي مۇسىقىييۇن» ىغىچە، مۇسا سايرامىينىڭ «تارىخىي ھەمىدىي» سىدىن تارتىپ مۇھەممەتئىمىن توختايېفنىڭ «قانلىق يەر» ىغىچە، ئابدۇرەھىم تىلەشوپ ئۆتكۈرنىڭ «ئويغانغان زېمىن» ىدىن، ئەھمەد زىيائىينىڭ «يۇسۇپ - مەھمۇد داستانى» غىچە، تېيىپجان ئېلىيېفنىڭ «تۈگىمەس ناخشا» سىدىن، روزى سايىتنىڭ «دېھقان بولماق تەس» ىغىچە، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە» سىدىن، زوردۇن سابىرنىڭ «ئىزدىنىش»، «ئانا يۇرت» ىغىچە. . . بولغان مىڭلىغان تارىخىي، ئەدەبىي ۋە دىنىي ئەسەرلەرنىڭ ھېچبىرسىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش جەھەتتىكى بىرەر نۇقسان ياكى ئاجىزلىقى كۆرۈلمەيدۇ. ھەتتا، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەللىك نەچچە يىلنىڭ مابەينىدە نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى ھەققىدىكى تەتقىقات ئەسەرلىرىدىمۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىر زامان كەلگەندە دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشالمايدىغانلىقى

ياكى زامانىۋىلىشىشقا توسقۇن بوپقالىدىغانلىقى ھەققىدە بىرەر كەلىمە بىشارەتمۇ بىرىلمەيدۇ.

ۋەھالەنكى، تارىخ بۇ مىلادى 2002ـ يىلىغا كىرگەندە، كۆن سىلە ـ بىزنىڭ مۇشۇ پارلاق كۆنىمىزگە كەلگەندە «بەزى ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ئۆتۈلىدىغان تەبىئىي پەن دەرسلىرىنىڭ ھەممىسىنى، ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات دەرسىنىڭ يۈزدە يەتمىش بەش پىرسەنتىنى خەنزۇچە سۆزلەپ ئۆتۈش» ، شۇ ئارقىلىق ئالىي مائارىپتا ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش پىلانىنىڭ ئەمەلىي ئىجراغا قويۇلۇشىنى زادى نېمىدەپ چۈشىنىمىز ۋە نېمىدەپ چۈشەندۈرىمىز؟ ئەجەبا، جۇڭگودىكى ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا يولغا قويۇلغان «قوش تىللىق مائارىپ» تەدبىرىنىڭ تەبىئىي يۈزلىنىشى ۋە ئاداققى مەقسىتى مۇشۇمىدى؟ ئەمدى، بۇپىلاننى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ سەمىگە تۈزۈك سالماي، كەڭ تىل ئەھلىنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ باقماي، يەنى ھېچكىمنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمىغان ھالدا، ئىمام ئەخپەشنىڭ ئۆچكىسىگە ئوخشاشلا ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، ئەمەلىي ئىجراغا قويغان ئۇيغۇر كادىرلىرىنىڭ بۇ قىلغىنى زۆرۈرىيەتمۇ، مەجبۇرىيەتمۇ ياكى مەسئۇلىيەتمۇ؟!

مەن بۇ سوئاللارنى ئالدى بىلەن ، ئالدىمدىكى مىنىڭ دەرسىمنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلىرىمدىن، يەنى 21ـ ئەسىرنىڭ رەسمىي ئىگىلىرىدىن سورىدىم.

ئۇلار: «مۇئەللىم، بۇسوئاللار ئۇنچىۋالا ئاسان، ئوڭاي سوئاللار بولمىدى. شۇڭا، بىز بىر ئاز سىياسەت ئۆگىنىپ، ماتېرىيال كۆرۈپ، ئاندىن جاۋاب بەرسەك» دېيىشتى.

ئاندىن، ئۇ سوئاللارنى ئۆزۈمدىن سورىدىم. ئۆزۈمنىڭمۇ ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنىڭ ئاداققى تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ سوئاللارغا جاۋاب بىرىشتە سەل ئويلىنىۋالغىم، سەل-پەل تورۇۋالغىم كەلدى. ئەمىسچۇ؟ ئەگەر «ھەئە، جۇڭگونىڭ ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا يولغا قويۇلغان قوش تىللىق مائارىپ تەدبىرىنىڭ ئاداققى مەقسىتى‹قوش تىللىق مائارىپ› نى ‹يەك تىللىق مائارىپ› قا ئۆزگەرتىپ، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى» دەي دېسەم، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» دىكى «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى باپباراۋەردۇر. ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل-يېزىقىنى ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە» دېگەن ھۆرىيەتبەخش راست گەپنى نېمىدەپ چۈشەندۈرىمەن؟ بۇ دانا بەلگىلىمىلەرنى «شۇنداقلا، ئانچىكىملا دەپ قويغان، ئادەم ئالدايدىغان قۇرۇق گەپلەر! » دېگىلى بولمايدۇ-دە!

بۇيەردە، ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى ئالىي مائارىپ سورۇنىدا تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش پىلانىغا قوشۇلۇپ، ئۇنى ئەمەلىي ئىجراغا قويغان ئۇيغۇر كادىرلىرىمىزغا ھە دېگەندىلا قاتتىق گەپ قىلغۇم يوق. كىم بىلىدۇ، ئۇلارنىڭمۇ ئويلىغانلىرى باردۇ. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆتكەن ھوقۇقدارلارنىڭ ئەمەل-مەنسەپ قولىدىكى چاغدا كۆرسىتىدىغان جاسارەتلىك ئەلپازى بىلەن، ئەمەل-مەنسىپىدىن چۈشكەندىن كېيىنكى مىسكىن ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلماي تۇرۇپ، ئالدىراقسانلىق بىلەن تەنقىد قىلساقمۇ تازا توغرا بولماس.

شۇڭا، مەنمۇ يەنە ئۆگىنسەم، يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈپ، سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلسام. شۇ جۈملىدىن ھەمپىكىر بۇرادەرلىرىمدىنلا ئەمەس، بەلكى« مەن ئۇيغۇر زىيالىيسىمەن» دەيدىغان پۈتكۈل قېرىنداشلىرىمدىن ئۆتۈنۈپ قالسام، ھەممىمىز، يەنى كونا-يېڭى رەئىسمۇ، سابىق-سادىق نازىرمۇ، ئادەتتىكى كادىرمۇ، تىلشۇناسمۇ، ئەدىبمۇ، ئارمانمۇ، چولپانمۇ. . . بارلىقىمىز ئىمانىمىز ۋە ۋىجدانىمىز بىلەن بىر پىكىر قاتناشتۇرۇپ باقساق:

زادى ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنىڭ ئالىي مائارىپ ساھەسىدە تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» غا ئۇيغۇنمۇ؟ مۇنداق قىلىش ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ جۇڭخۇا ئېلىدىكى زاڭ، موڭغۇل ۋە چاۋشيەن قاتارلىق ئەزەلدىن تىل-يېزىقى بار مىللەتلەر بىلەن باراۋەر ھالدا ، ھەم ئۆزىنىڭ مىللىي مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاپ، ھەم جۇڭخۇا چوڭ ئائىلىسىنىڭ روناق تېپىشىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش بۇرچىنى ئاقلاپ، سوتسىيالىزمنىڭ داغدام يولىدا، يوقىلىش تەرىپىگە قاراپ ئەمەس، بەلكى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش تەرىپىگە قاراپ، دادىل قەدەملەر بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش تۈپ ئارزۇسىغا ئۇيغۇنمۇ؟

بىز بۈگۈنكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، خۇسۇسەن زىيالىي كادىرلار پەقەت ھەرقايسىمىز ئۆزىمىزنىڭ تۆت-بەش يىللىق، جىق بولسا ئون يىللىق سەلتەنەت ئورۇندۇقىمىزنىڭ غېمىنى يەپ، ئۆزىمىزنىڭ خۇسۇسىي مەنپەئىتىمىزنى دەپ ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئومۇمىي جۇڭخۇا ئېلىدىكى قېرىنداشلىق تەقدىرىنىڭ غېمىنى يەپ، بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىنى دەپ، يەنى يۈكسەك مىللىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇمىز بىلەن ئىش كۆرۈدىغانلا بولساق، بۇ مەسىلىنى كاۋاپمۇ كۆيمىگەن، زىقمۇ كۆيمىگەن ھالدا، ئوڭۇشلۇق ھەل قىلالايمىز.

ئەڭ نازۇك يېرى شۇكى، «ئۇيغۇر تىل-يېزىقى ئالىي مائارىپ ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئىدارە ـ ئورگانلاردا ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ» دەيدىغان قىزىل سەللىلىك ھۆججەت بولمىغانىكەن، بۇ مەسىلە شۇ تاپتا، سىلە-بىز ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ، سەككىز مىليون ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىز مۆھتەرەم ئۇيغۇر كادىرلىرىنىڭ «ئىختىيار» ىمىز ۋە «ئارزۇيىمىز» دىكى ئىش بولۇپ كۆرۈنمەكتە. ھالبۇكى، بۇ مەسىلە بۈگۈن ھەل قىلىنماي، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالى

مائارىپتىكى ئورنىنى قوغدىيالماسلىق» بولۇپ گەۋدىلىنىۋاتقان بۇ ئېچىق قويۇۋېتىلسە، بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان زەنجىرسىمان ئىنكاس پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيەت ساھەسىنى موخو قىلىدۇ: ئالدى بىلەن، ئالىي مەكتەپتە چىقىش يولى قالمىغان ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى تېزلا چۆكىدۇ. ئارقىدىنلا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئۇيغۇر تىلى مائارىپىنى نەس باسىدۇ. ئىش بۇنىڭلىق بىلەنلا تۈگىمەيدۇ: مائارىپ ئاساسى قالمىغان نەشرىياتچىلىق سۇغا چىلىشىدۇ؛ ئۇيغۇرچە رادىئو-تېلېۋىزىيە تۈگىشىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، مەزكۇر ساھەدە بىمالال ئىشلەپ تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان پۈتكۈل ئۇيغۇر ئىشچى-خىزمەتچىلەر تىلسىزلىقنىڭ دەردىدىن، مۇقامنىڭ مۇڭلۇق ساداسى ئىچىدە ئېغىر خورسىنىپ، ئىشسىزلىق ۋە ئاشسىزلىق چۆلىدە تەمتىرەپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇكى، ئاللا ھېچبىر ئۇيغۇرغا بۇ ھالنى كۆرسەتمىسۇن!

خۇللەس كەلام، قوش تىللىق مائارىپ تەدبىرى بىلەن ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنىڭ تەقدىرىنى بىر-بىرىگە تەتۈر تاناسىپ قىلىپ قويماسلىقنىڭ پەقەت بىرلا چارىسى بار. ئۇ بولسىمۇ، يۈكسەك مىللىي مەسئۇلىيەتچانلىق روھىمىز بىلەن، ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنىڭ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان ئەللىك نەچچە يىلدىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان قانۇنىي ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق قوغداشتىن ئىبارەت. بۇ ئىشتا، ئەگەر بىز راستىنلا ئەلىشىر نەۋائىينىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەككى، ئۇ ئۇلۇغ بوۋىمىز بىزگە تاپشۇرغان ئامانەتكە ھەرگىز خىيانەت قىلماسلىقىمىز لازىم.

ئەمسە، تېخى تۈنۈگۈنلا بېيجىڭغا بېرىپ چوڭ مەجلىس ئېچىپ، «نەۋائىي بىزنىڭ بۈيۈك بوۋىمىز، بىز ئۇيغۇرلار نەۋائىي ئەۋلادلىرى بىز! دەپ مەيدىمىزگە مۇشتلىغان، يىغىندا ئوقۇلغان ئىلمىي ماقالىلەرنى كىتاب قىلىپ جاھانغا ئېلان قىلغان تۇرۇقلۇق، بۈگۈن بېيجىڭدىن قايتىپ كېلىپلا، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ تىل-يېزىقىنى دەپسەندە قىلىپ، ئۇنى ئالىي مەكتەپلەردىن ھەيدەپ چىقارساق، بۇ - بۈيۈك بوۋىمىز نەۋائىينىڭ ئۇلۇغ روھىغا ۋە سۇنماس ئىرادىسىگە قىلىنغان كەسكىن خىيانەت بولماسمۇ؟ بۇ - ئاقكۆڭۈل خەلقىمىزنىڭ بۈگۈنىنى ۋە بىگۇناھ ئەۋلادلىرىمىزنىڭ كەلگۈسىنى قارىلاپ قىلىنغان نەق جىنايەت بولماسمۇ؟

# 3. يەك تىللىق ئەمەس قوش تىللىق ۋە كۆپ تىللىق بولۇش بىزگە ئۇدۇم

ھازىرقى دۇنيادا، مۇئەييەن ئەقىدە ئاساسىدا مىللەت بولۇپ ئۇيۇشقان ھەرقانداق بىر خەلق ئۆز زىيالىيلىرىدىن ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن قىلىنىدىغان ھەرقانداق بىر ئاممىۋى خىزمەتتە يەكدىللىق بولۇشنى، يەنى ئورتاق غايە، ئورتاق ئىستەك ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ئەمگەكتە، جەمئىيەتنىڭ باشقا ئەزالىرى بىلەن بىر دىل، بىر نىيەتتە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، بۇخىل يەكدىللىق ئومۇم ئۈچۈن، كوللېكتىپ ئۈچۈن نۇسرەت قازاندۇرىدۇ، ئورتاق كۆرەشنى غەلىبىگە باشلايدۇ. ئەمما، رەڭگارەڭ مەدەنىيەت بىلەن زىننەتلەنگەن بۇ ئالەمدە ھېچبىر مىللەت ئۆز زىيالىيلىرىنىڭ پەقەت مىللىتىنىڭلا ئانا تىلىنى بىلىدىغان ، ئۆزى بىلەن بىللە ياكى قوشنا بولۇپ ياشاۋاتقان باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىنى بولسا، مۇتلەق بىلمەيدىغان يەك تىللىق بوپقېلىشىنى ھەرگىزمۇ خالىمايدۇ. چۈنكى، بۇخىل يەك تىللىق ھەرقانداق بىر ئىنساننى ياكى ئىنسان توپىنى ھامان يېتىملىك ۋە نادانلىق بۇلۇڭىغا تاشلايدۇ. شۇڭا، ئاقكۆڭۈل ئۇيغۇر خەلقى ئۆز زىيالىيلىرىنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى قىزغىن سۆيىدىغان ۋە پىششىق بىلىدىغان بولغىنىدىن باشقا، ئۆزى بىلەن قېرىنداش ياكى ئاداش بولۇپ ياشاۋاتقان بۆلەك مىللەتلەرنىڭ تىلىنىمۇ ئوبدان بىلىدىغان بولۇشىنى ئالقىشلايدۇ. بۇنىڭدىن چىقتىكى، قوش تىللىق مائارىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىچىدە كۆڭۈل رايى ۋە قەلب مايىللىقى جەھەتتە ئاجايىپ كەڭ ۋە مۇستەھكەم بولغان ئاممىۋى ئاساسقا ئىگىدۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەگەر رەھبەرلىرىمىزنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن تولغان كۆڭلىدە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ خەنزۇچە سەۋىيىسىنى يېتەك دەرىجىدە ئۆستۈرۈش، خەنزۇ تىلىنى (يەنى 普通话 نى) ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە ئومۇملاشتۇرۇش ئارزۇسى تۇغۇلغان بولسا، ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈنلا پىلان قۇرماي، توغرىدىن توغرا خەنزۇچە سەۋىيىنى راسا ئۆستۈرۈشنىڭ يېڭى تەدبىرلىرىنى كۈنتەرتىپكە قويسا بولىدۇكى، ئەگەر ئۇ تەدبىرلەر پەقەت «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» دىكى « ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل-يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە» دېگەن دانا بەلگىلىمىگە مۇخالىپ بوپقالمىسىلا، خەلق ئۇنى كەمكۈتىسىز ئىجرا قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ چوقۇم ئۈنۈمى بولىدۇ.

مېنىڭچە، بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشكە قارىتا ھېچقانداق بىر غەيرىي پىكرى يوق. ھەممە ئادەم شۇ تاپتا، ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا، ئالدى بىلەن خەنزۇ تىلىنى ياخشى ئۆگەنگەندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى جۇڭگو تۇپرىقىدا مەيدانغا كېلىۋاتقان سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە پەن-تېخنىكىغا ئائىت ئۇچۇرلارنى دەل ۋاقتىدا ئىگىلەش ئىقتىدارىغا ئېرىشىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن، جۇڭگونىڭ

ھەرقانداق يېرىدە مەدەنىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقانداق تۈرىگە بىۋاستە قاتنىشىپ، جۇڭگو پۇقراسى بولۇشنىڭ پەيزىنى بىمالال سۈرەلەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى؛ تۈرلۈك كەچۈرمىشلەر ۋە رېئال دەرسلەر ئارقىلىق، خەنزۇچە بىلىدىغان جۇڭگو پۇقراسى بىلەن خەنزۇچە بىلمەيدىغان جۇڭگو پۇقراسى ئارىسىدا، ئەمەلىيەتتە نەقەدەر پەرق بولىدىغانلىقىنىمۇ ئاڭقىرىپ كەتتى. ھېكايەت: بالىلىقىمدىن، ئابدۇرەھىم ئىسىملىك بىر ئاغىنەم بار. كىچىك ۋاقتىمىزدا ئۆيىمىز تام قوشنا بولۇپ، ئانىلىرىمىز ھەر كۈنى دېگۈدەك ئاش-تاماق سۇنۇشۇپ، ئىناق-ئىجىل ئۆتۈشەتتۇق. ئۇنىڭ دادىسى مەھەللىمىزدىكى چوڭ مەسچىتنىڭ ئىمامى، مېنىڭ دادام بولسا، يېزىمىزدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى ئىدى. قىسمەت، مەن چوڭ بولۇپ، مەكتەپتە ئوقۇپ، بېيجىڭدە مۇئەللىم بولدۇم؛ ھېلىقى ئاغىنەممۇ چوڭ بولۇپ، دادىسىدا ئوقۇپ، كېيىن دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ مەھەللىمىز مەسچىتىنىڭ ئىمامى بولدى. بالىلىقتىن كەلگەن دوستلۇقىمىز بۇزۇلۇپ كەتمىدى. بارساق، كەلسەك، ئىزدىشىپ، ھال-مۇڭلىشىپ تۇردۇق. قىياپەت جەھەتتە، ئۇنىڭ بېشىدا سەللە، مېنىڭ بېشىمدا دوپپا، يا بولمىسا يالاڭباشتاق بولساممۇ، كۆڭۈللەر بىر-بىرىمىزگە ئوچۇق ۋە سەمىمىي ئىدى. ئۇ ئىمام بولغان ئاغىنەمنىڭ مەن مۇئەللىم بولغان بۇرادىرىدىن بىرلا ئاغرىنىشى بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، مېنىڭ خىزمەت بىلەن بېيجىڭدا تۇرۇپ قالغانلىقىم ئىدى. «قايتىپ كېلىڭلا، ئادىش، ئەمدى، يۇرتىمىزغا دەرھال يېنىپ كېلىڭلا» دەيتتى ئۇ ھەرقېتىم خوشلىشىش ئالدىدا جىددىي قىلىپ: «ئۇيەردە ھەتتا ئۇيغۇرچە مەكتەپمۇ يوق ئىكەن. بالىلىرىڭلار ئۇيغۇرچە ئوقۇمىسا، خەنزۇلىشىپ كېتىدۇ. مۇنداق بولسا، بولارمۇ؟!» مەن ئەلۋەتتە ئۇنىڭ كۆڭلىگە يارىشا بىرنېمىلەرنى دەپ جاۋاب بېرەتتىم. ئەمما، ئوشۇقچە زاكونلاشمايتتىم. يىللار بىر-بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋەردى. بىرقانچە يىل بۇرۇن ئۇ ئاغىنەم ھەج قىلىپ «ھاجىم» بوپكەپتۇ. بولتۇر تۇغقان يوقلاپ يۇرتقا بارغانىدىم. ئۇ ھاجىم ئاغىنەم بىلەن ئوخشاشلا قىزغىن كۆرۈشتۇق، چوڭقۇر ئەھۋاللاشتۇق. سوقا-سۆھبەت ئارىسىدا، ئۇ: «مەن بۇ يىل ئىككى نەۋرەمنى ئىچكىرىدىكى ئۆلكىلەردە، مەخسۇس ئۇيغۇر قاتارلىق ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئېچىلغان خەنزۇچە سىنىپقا ئەۋەتتىم» دېۋىدى، قىزىقىپ سورىدىم: «سىلە بۇرۇن بالا-پەرزەنتلەرنى ئۇيغۇرچە مەكتەپلەرگە بېرىپ توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى بۇرچىنى ئادا قىلدۇرۇپلا مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ قول ھۈنەرۋەنچىلىككە شاگىرت قىلىپ بېرىدىغان كىشى ئىدىڭلا، بۇ سەپەر مۇنداق ئۆزگىرىش قىلىشىڭلارغا نېمە سەۋەب بولدىكىن؟» ھاجىم ئاغىنەم مېنىڭ بۇ سوئالىمغا مۇنداق بىر ھېكايە بىلەن جاۋاب بەردى: «ئۈچ يىل

مۇقەددەم ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن ھەج سەپىرىمىزنى ئادا قىلىپ كەلدۇق، ئاللا قوبۇل قىلغاي. قايتىش سەپىرىمىز تۈركىيە ئىستانبۇل، رۇسىيە موسكۋا ئارقىلىق بوپقالدى. ئىستانبۇل ئايرودرومىدىن ئۇچقاندا، تاتارىستانلىق كامال ئىسىملىك بىر ھاجىم بىلەن يانمۇ يان ئولتۇرۇپ قالدىم. ئۇ، كامال ھاجىمنىڭ ئۈچىنچى قېتىم ھەج قىلىپ، قايتىپ كېلىشى ئىكەن. تونۇشۇپ ھال-مۇڭلىشىپ قالدۇق. ئۇ كىشىنىڭ دىنىي ئەقىدە بابىدىكى ئەتراپلىق ھەمدە جانلىق قاراشلىرى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئەسلىدە، كامال ھاجىم موسكۋادا چۈشۈپ ، تۇغقان يوقلاپ بولغاندىن كېيىن، تاتارىستانغا قايتماقچى ئىكەن. بىراق، مېنىڭ موسكۋادا يىگىرمە تۆت سائەت توختايدىغانلىقىمنى ئۇقۇپ، مەن موسكۋادىن ئايرىلغىچە ماڭا ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن، مەن بىلەن بىر مېھمانسارايغا چۈشتى. بىز تۈننى كۈنگە ئۇلاپ مۇڭداشتۇق. بۇ جەرياندا كامال ھاجىمنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگەنلەر بىلەن، شۇنداقلا مېھمانساراي خىزمەتچىلىرى بىلەن رۇس تىلىدا راۋان سۆزلىشىشى مېنى بەكمۇ ھەيران قىلدى. ئەجەبلىنىپ: «ھاجىم، مەن سىلىنىڭ ئۇ تائىپىلەر بىلەن بەش-ئون مىنۇتلاپ رۇسچە گەپلىشىپ كەتكەنلىرىنى كۆرۈپ ھەيرەت ئىلكىدە قالدىم. ئۆزلىرى بۇ ئورۇس زۇۋانىنى قەيەردە ئۆگەنگەن؟» دەپ سورىدىم. «مۇشۇ رۇسىيىدە!» - ئايىغى ئاستىدىكى زېمىننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى كامال ھاجىم: «بىز رۇسىيە گراژدانىمىز. ھالبۇكى، رۇسچە بىلىشىمىز بىز ئۈچۈن بۇرچتۇر. سىلە جۇڭگولۇق ھاجىم خەنزۇچە بىلمەمدىلا، ئەجىبا؟!» مەن سەل توختىۋېلىپ، راست گەپنى قىلدىم: «مەن خەنزۇچىنى مۇتلەق بىلمەيمەن. بىز ھەتتا ئۇ يات دىندىكىلەرنىڭ زۇۋانىنى ئۆگەنمىسەكمۇ بولىدۇ، دەپ قارايمىز» . گېپىمنىڭ ئايىغى چۈشە-چۈشمەيلا، كامال ھاجىم بىز تونۇشقىنىمىزدىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئاچچىق بىلەن توۋلاپ كەتتى: «جاھالەت! ئىسلامغا ئاھانەت كەلتۈرۈدىغان جاھالەت! ھەممىگە مەلۇم، ئەزىز پەيغەمبىرىمىز جانابىي رەسۇلىللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمە ئۆز زامانىسىدا، ئەسىرگە چۈشكەن يەھۇدىي مۇشرىكلىرىدىن ئەرەبلەرگە خەت يېزىشنى ئۆگىتىپ قويۇشقا رازى بولغانلارنى ئەسىرلىكتىن ئازاد قىلىۋەتكەن ۋە مۇبارەك ئېغىزىدىن رەھمەت شىرنىلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ: ‹ئوتلۇبۇل ئىلىم ۋەلەۋبىسسىين› (ئىلىم ئەشۇ يىراق جۇڭگودا بولسىمۇ، بېرىپ ئۆگىنىڭلار) دېگەن. ھالبۇكى، جۇڭگودا بۈگۈن ئىلىم بارمۇ-يوق؟ بار. جۇڭگودىكى ئىلىمنى خەنزۇچە بىلمىسىلىرى قانداق ئۆگىنىدىلا ۋە ئىلىم ئۆگەنمىسىلىرى قانداقمۇ مۇسۇلمان ھېسابلىنىدىلا؟! شۇنى بىلمەك كېرەككى، ئى ھاجىم، بۈگۈنكى كۈندە خەنزۇ ۋە رۇس مىللىتى ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن سىلە-بىزگە ھاكىملىق قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر سىز-بىز ئۇلارنىڭ زۇۋانىنى

بىلمىسەك، ئۇلار بىزنى ئەدناسى ئىنسان قاتارىدىمۇ كۆرمەيدۇ جۇمۇ!»

بولغان گەپ شۇ. بۇ گەپلەر سەل ھەددىدىن ئىشىپ كەتتىمۇ قانداق، ھېچ بىلەلمىدىم. ئەمما، كامال ھاجىمنىڭ ئىلىمسىزلىك مۇسۇلمانلىق ئەمەس؛ ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن تىل-زۇۋان ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش شەرت، دېگەن تۈپ نۇقتىئىنەزىرى شۇندىن بۇيان مېنىڭ كۆڭۈل ئالەمىمدە بىر ئۈزۈل - كېسىل ئىنقىلاب پەيدا قىلدى.»

يەنە ھېكايەت: 1997-يىلى ئۆكتەبىردە، دۆلەتلىك مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ ئىجازىتى بىلەن مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ «ئىسلام دىنى ئاساسلىرى» (ئۇسۇلۇددىن) ئىلمى بويىچە بىر يىل بىلىم ئاشۇردۇم. بۇجەرياندا، مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئۆز ئىمكانى بىلەن كېلىپ ئوقۇۋاتقان نەۋرەم دېمەتلىك ئۇيغۇر ئەزھەرىيلەردىن ئاتمىش-يەتمىشچىسى بىلەن تونۇشتۇم، سىرداشتىم، پەردىشەپلىك دوست بولۇپ دىلكەشلەشتىم. ئارىلىقتا، تەلەپكە ئاساسەن ئۇيغۇر يېزىقچىلىقى بويىچە بىلىم ئاشۇرۇدىغان بىر كۇرس ئاچتۇق ۋە ئىسمىنى «نىل دەرياسى بويىدىكى ئۇيغۇر ئەنجۇمەنى» دەپ ئاتىدۇق. ئوقۇغۇچىلار قىزغىن ئۆگەندى. مەنمۇ ئىجتىھات بىلەن ئۆگەتتىم. شۇ ئارىدا، سەككىز-ئون بالا بەزى كۈنلەردىكى دەرسكە توپ ھالدىلا كەلمەيدىغان بوپقالدى. سەۋەبىنى سۈرۈشتۈردۈم. ئۇلاردىن بىرسى مۇنداق بىر ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى: «مۇئەللىم، بىز ۋەتەندىكى چاغدا خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشنىڭ قەدرىگە يەتمىگەنىكەنمىز. مىسىرغا كەلگەندىن كېيىن، بىرمۇنچە ئەرەب دوستلىرىمىز بولدى. ئۇلار ھەدېگەندىلا: ‹جۇڭگو دېگەن ئۈچىنچى دۇنيادىكى ئۇلۇغ دۆلەت. سىلەر جۇڭگو پۇقراسى بولغاندىكىن، ئەلۋەتتە خەنزۇچە بىلىسىلەر. شۇڭا، بىزگە خەنزۇچە گەپ قىلىپ بەرسەڭلار، خەنزۇچە خەت ئۆگىتىپ قويساڭلار› دەيدۇ. بىز: ‹خەنزۇچە بىلمەيمىز. بىز مۇسۇلمان بولغاندىكىن، خەنزۇچە ئۆگەنمەي، ئەرەبچە ئۆگىنىمىز دەپ بۇ يەرگە كەلدۇق› دېسەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا ئوخشاش قاراش، ئوخشاش پىكىر بىلەن قايناپ: ‹سىلەرنىڭ مۇسۇلمان بولغاندىكىن قۇرئاننى ئوقۇپ چۈشىنىش زۆرۈرىيىتىدىن ئەرەب تىلى ئۆگىنەيلى دېگىنىڭلار خاتا ئەمەس. ئەمما جۇڭگو پۇقراسى تۇرۇقلۇق، جۇڭگونىڭ دۆلەت تىلىنى ئۆگىنىپ بىلمىگىنىڭلار پەقەت قاملاشماپتۇ. بۇ ھالدا سىلەرنى قانداقمۇ بىلىم ئادىمى دېگىلى بولىدۇ؟!› دەپ كايىپ كېتىدۇ. ئەرەبلەر بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى خەنزۇچە بىلىدىغانلارنى داڭلاپ، سۆيۈپ كېتىدۇ. بىزدەك خەنزۇچە بىلمەيدىغانلارنى بولسا، كۆزىگە ئىلىپمۇ قويمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرمۇنچە مىسىر شىركەتلىرى خەنزۇچە بىلىدىغان تەرجىمان ياللايتتۇق دەپ، ئىزدەپ يۈرىدۇ. شۇڭا، بىز ئىش-ئەمگەك تېپىپ ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قەددىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈنمۇ، شۇنداقلا خەنزۇچە بىلىدىغان جۇڭگولۇق مۇسۇلمان بولۇپ، ھەقلىق ھالدىكى ئىناۋىتىمىزنى تىكلەش ئۈچۈنمۇ خەنزۇچە ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولدۇق. شائىخەيدىن كەلگەن بىر پروفېسسور خەنزۇچە ئۆگىنىش كۇرسى ئاچقانىكەن، شۇنىڭغا بېرىۋاتىمىز. شۇ سەۋەبتىن سىزنىڭ شۇ كۈندىكى دەرسىڭىزگە كېلەلمەي قالدۇق، ئەپۇ قىلغايسىز!»

مانا بۇلار جاھان كۆرگەن ئۇيغۇر ئوغلانلىرىنىڭ بىۋاستە كەچۈرمىشلىرىدىن كېيىنكى ئەمەلىي تەسىراتلىرى. بۇلارغا يەنە ئوبزور يېزىپ، گەپ يورغىلىتىش كەتمەس، دەپ ئويلايمەن.

دېمەك، قەيت قىلىپ ئېيتساق، شۇتاپتا ئاۋام خەلقمۇ، ئىلىم ئەھلىمۇ ھەممە ئادەم خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشنىڭ زامانىنىڭ تەقەززاسى، دۆلىتىمىزدىكى باشقا جۇڭخۇا مىللەتلىرى بىلەن تەڭ ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ زۆرۈر ۋاستىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئەمما، بۇ دېگەنلىك «ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدىن بەزدى»، «ئۇيغۇرلار ئۆز ئانا تىلىنىڭ ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان يارىماس تىل بوپقالغانلىقىنى تونۇپ يەتتى» دېگەنلىك ئەمەس، ھەرگىز! مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، شۇتۇرقتا، ھېچبىر ئۇيغۇر ئۆز ئانا تىلىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا دۆلەت تىلى بولغان خەنزۇ تىلىنى دەسسىتىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باققىنى يوق. چۈنكى، ئۇيغۇرلاردا تىل مەسىلىسىدە، شامال قايسى تەرەپكە چىقسا شۇ تەرەپكە قىڭغىيىدىغان، جاھاندا قايسى تىل ئاقسا شۇنىڭغا يېتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدىن ۋاز كېچىدىغان ئادەت يوق؛ دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ھەرقانداق شارائىت ۋە ھەرقانداق ئەھۋالدا، ئۆز ئانا تىلىنى خۇددى ئانىسىدەك ئەزىزلەيدىغان، باشقا تىل ھەرقانچە مۆتىۋەر بوپكەتسىمۇ، ئۇنى پەقەت ئەشۇ باشقا تىل سالاھىيىتى بىلەن ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ ھاجىتىگە خىزمەت قىلدۇرۇدىغان، ئۆزى بولسا، قوش تىللىق ئىنسان بولۇپ، مەرىپەت بىلەن ياشايدىغان پەزىلەت بار.

شۇنداق، تارىخقا نەزەر سالساق، قايسىبىر دەۋردە، ھازىرقىغا ئوخشاش «قوش تىللىق بولۇش» شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى سۆزلەنمەيدۇ. ئەمما، ئەمەلىيەتتە، قوش تىللىق بولۇشنىڭ ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا ئەلمىساقتىن بۇيان، خۇسۇسەن ئىسلامىيەتتىن كېيىن، ئەجدادتىن ئەۋلادقا ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر ئۇدۇم ھالىتىگە كەلگەنلىكى كۆرۈلىدۇ. ئالايلۇق، مىلادى 11-ئەسىردە، بۇ ئالەمدە تېخى «قوش تىل سېلىشتۇرما تەتقىقاتى» دەيدىغان ئۇقۇممۇ مەۋجۇد ئەمەس ئىدى. ئەشۇ چاغدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى مەھمۇد كاشغەرىي ئون يىل ئۆمۈر سەرپ قىلىپ داۋان ئېشىپ، دەريا كېچىپ، تۈركىي قەبىلىلەرنى ئارىلاپ سۆز-كەلىمە توپلىغان؛ كېچىلىك بەزمىدىن ۋە كۈندۈزلۈك سەيلى-ساياھەت كەزمىدىن

ۋاز كېچىپ، ئۇلارنى تۈر-تۈرگە ئايرىپ رەتلىگەن؛ تىل ئىلمى بويىچە ئۇلارنى ئىنچىلىك بىلەن تەتقىق قىلغان ۋە ئاخىرىدا ئۇيغۇر -تۈركچە كەلىمىلەرنى ئەرەب تىلى بىلەن ئوچۇقلاپ چۈشەندۈرۈدىغان، دۇنيا بويىچە تۇنجى قوش تىللىق قامۇس — «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تۈزۈپ جاھانغا ئېلان قىلغان. دېمەك، مەھمۇد كاشغەرىي جاھان قوش تىل سېلىشتۇرما تەتقىقاتىنىڭ ھەقلىق پىرى؛ «تۈركىي تىللار دىۋانى» بولسا، ئالدى بىلەن، ئۇيغۇر قوش تىلچىلىقى ئىلمىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ نادىر شاھ ئەسىرى. شۇندىن بۇيانەت، يەنى مىڭ يىللار بۇرۇنقى ئەشۇ مەھمۇد كاشغەرىي زامانىدىن تارتىپ قوش تىللىق ھەتتا كۆپ تىللىق بولۇش ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا ئىلمىي مودىغا ۋە نورمال ئادەتكە ئايلانغان. شۇڭلاشقا، يۇرتىمىزدىكى زامانىسىنىڭ ئالىي مەكتەپلىرى بولغان «قەشقەر ساچىيە مەدرىسەسى» ۋە «كۇچا ساقساق مەدرىسەسى» قاتارلىقلاردا دەرسكۈيلۈق قىلغان (دەرس ئۆتكەن) مۇدەررىسلەرنىڭ ھەممىسى ئانا تىل ئۇيغۇرچىدىن باشقا، ئەرەب تىلى ۋە پارس تىلىنى پىششىق بىلىدىغان كۆپ تىللىق زىيالىيلاردىن بولغان. مەزكۇر ئالىي مائارىپ يۇرتلىرىدىكى مۇدەررىساخۇنۇملار (ئۆز دەۋرىنىڭ پروفېسسورلەرى) تەفسىر، ھەدىس قاتارلىق دەرسلەرنى ئەرەب تىلىدا سۆزلىسە، «خوجافىز» (خوجا ھاپىز ئەسەرلىرى)نى پارسچە، «نەۋائىي»نى بولسا ئۇيغۇرچە سۆزلەپ، تالىبلارنى يېتىشتۈرۈپ، ئۆز دەۋرىنىڭ مەرىپەت ئېھتىياجىنى قامداپ كەلگەن.

ئۇزاق قەدىمدىكى كوماراجىۋا دەۋرىگە كەتمىسەكمۇ، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر مائارىپىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇ چاغلاردا گەرچە «قوش تىللىق مائارىپ» دەيدىغان تېرمىن مەۋجۇد بولمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتىكى ئىلىم-ئېرپان ھاياتىدا قوش تىللىق مائارىپنىڭ ئىزچىل ھالدا ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ مۇئەييەن سالمىقىنى ئىگىلەپ كەلگەنلىكىنى ئېنىق كۆرىمىز. ئەمدى، بۇخىل ئەمەلىيەتتىكى قوش تىللىق مائارىپنى دەۋر ئالاھىدىلىكى بويىچە« ئۇيغۇرچە — ئەرەبچە مەركەز قىلىنغان قوش تىللىق مائارىپ دەۋرى» ۋە «ئۇيغۇرچە — خەنزۇچە مەركەز قىلىنغان قوش تىللىق مائارىپ دەۋرى» دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشىمىز مۇمكىن.

ئۇيغۇرچە — ئەرەبچە مەركەز قىلىنغان قوش تىللىق مائارىپ دەۋرى دېگىنىمىز، 10-ئەسىردە، ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ پادىشاھى سۇلتان سۇتۇق ئابدۇلكەرىمخاننىڭ باشچىلىقىدا، ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتكە مۇشەررەپ بولغاندىن تارتىپ، 20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىغىچە، يەنى جۇڭگودا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان ۋاقىتقىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇبدان ئون ئەسىر ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ دەۋرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە (يەنى 10-ئەسىردىن 13-ئەسىرلەرگىچە)، ئۇيغۇر مائارىپى تەدرىجىي ھالدا ئىسلام مائارىپىنىڭ ئىزىغا سېلىنغان. ئالىي مائارىپتا تەفسىر، ھەدىس، رىيازىيات (ماتېماتىكا)، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، تەقۋىم (كالېندارچىلىق) قاتارلىق ئاساسلىق پەنلەر ئەرەبچە ئۆتۈلگەچكە، ئۇيغۇرچىدىن باشقا ئەرەبچىدىمۇ كامالەتكە يەتكەن زىيالىيلار تەربىيىلىنىپ چىققان. بۇ مەزگىلدە، ئەرەبچىدە تازا كامالەتكە يەتكەن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن مۇھەممەد ئەبۇ نەسىر فارابىيدەك ئالىملار ھەممە ئەسەرلىرىنى بىۋاسىتە ئەرەبچە يېزىپ، مۇسۇلمان دۇنياسىغا ئۆزىنىڭ ئەرەب تىلى بويىچە يېتىشتۈرۈلگەن تالانتىنى نامايەن قىلغان بولسىمۇ، مۇتلەق كۆپ سانلىق ئالىملار ئۆز ئەسەرلىرىنى يەنىلا ئانا تىلى ئۇيغۇرچە بىلەن يازغان. بۇنىڭغا بۈيۈك ئالىم يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئاتلىق شاھ ئەسىرى، شائىر ئەھمەد يۈكنەكىينىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» (ھەقىقەتلەر بوسۇغىسى) ناملىق يىرىك ئەسىرى قاتارلىقلار مىسال بولالايدۇ.

بۇ دەۋرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە (يەنى 14-ئەسىردىن 16-ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا) بولسا، ئۇيغۇرلاردىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان پارسلارنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش جەھەتتە، خۇسۇسەن ئىسلامىي تىل-ئەدەبىيات ساھەسىدە بىر قەدەم ئالدىدا مېڭىۋاتقانلىقى ۋە شۇۋەجىدىن ئۇلاردىن چىققان ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىي، خوجا ھافىز شىرازىي، شەيخ مۇسلىھىددىن سەئدىي ۋە ئابدۇرەھمان جامىي قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قايىل قىلارلىق يىرىك ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا تىل-ئەدەبىيات دۇنياسىدا مۇتلەق ئۈستۈن نوپۇز تىكلەپ كەتكەنلىكى سەۋەبلىك كۆپ سانلىق تۈركىي تىللىق ئەدىبلەردە يېزىقچىلىقتا پارس تىلىنى قوللىنىش ئادىتى ئەۋج ئېلىپ كەتكەن. بەزەن تۈركىي تىللىق شائىرلار خېلى بۇرۇنلا، مەسىلەن ئەزەربەيجان شائىرى نىزامىي گەنجەۋىي 12-ئەسىردە، ھىندىستاننىڭ دېھلى شەھىرىدە ياشاپ ئۆتكەن ئاتاقلىق تۈركىي شائىر ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىي 13-ئەسىردە پارس تىلىدا ئەسەر يېزىشنى باشلاپ بەرگەچكە، كېيىنچە مەيدانغا چىققان شائىرلار، خۇسۇسەن دورامچى ياش ئەدىبلەر ئىچىدە پارسكۈيلۈق (يەنى پارس تىلى بىلەن ئەسەر يېزىش) چېكىدىن ئاشقان دەرىجىدە ئەدەپ كېتىپ، ئۆز ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى «شېئىر يازغىلى بولمايدىغان قوپال تىل» دەپ ئاھانەت قىلىشقا قەدەر يەتكەن. بىراق، گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، بۇخىل ھەقسىزلىق ئاخىرقى ھېسابتا ئۇيغۇر تىلىنى نابۇت قىلالمىغان. خۇددى ئەسىرىمىزنىڭ ئالدىنقى بابلىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، بۇ ھالغا بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ئەلىشىر ئىبنىي غىياسىددىن نەۋائىي باش بولۇپ قەتئىي خاتىمە بەرگەن ۋە ئۆزىنىڭ ھەرقانداق پارسپەرەسنىڭ تىلىنى لال قىلىدىغان نادىر ئەسەرلىرى ئارقىلىق يىگىرمە يىل

ھارماي-تالماي كۆرەش قىلىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆلمەس ھاياتىي كۈچىنى نامايەن قىلغان.

ئۇيغۇرچە - ئەرەبچە مەركەز قىلىنغان قوش تىللىق مائارىپ دەۋرىنىڭ كېيىنكى مەزگىلى، يەنى 17-ئەسىردىن 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان ئارىلىقتا كەلسەك، بۇ مەزگىلدە بۈيۈك ئەجداد ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئىزىنى باسقان كېيىنكى ئەۋلادلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى مۇتلەق نوپۇزىنى قوغداپ، ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئېلىپ بارغان، ئۆز ئەسەرلىرىنى بولسا، ئومۇمەن ئۇيغۇر تىلى بىلەن يازغان. بۇنىڭغا خىرقەتىي، ئاياز شىكەستە، زەلىلىي، نەۋبەتىي ، ئابدۇرەھىم نىزارىي، غەرىبىي، گۇمنام، سەبۇرىي، موللا بىلال، تەجەللىي، مۆجىزىي ۋە مۇسا سايرامىي قاتارلىق نامايەندىلەرنىڭ ئەدەبىي، تارىخىي ۋە دىنىي ئەسەرلىرى، شۇنداقلا قەدىرخان ياركەندىي ۋە ئامانىساخان نەفىسىي قاتارلىقلارنىڭ ئەمگىكى بىلەن رەتلەنگەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ دۇردانە تېكىستلىرى مىسال بولالايدۇ.

ئەمدى، ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە مەركەز قىلىنغان قوش تىللىق مائارىپ دەۋرى دېگىنىمىز، 20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدىن باشلانغان ۋە بۈگۈن بىز ياشاۋاتقان شۇبۇ مائارىپ دەۋرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يېپيېڭى دەۋردە، ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئۆز ئانا تىلى ئۇيغۇرچىدىن باشقا، دۆلەت تىلى بولغان خەنزۇچىنى ئۆگىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن بۆلەك، ئىلىمنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرى تەقەززا قىلغان ئېھتىياج بويىچە ئىنگلىز تىلى، ياپون تىلى، رۇس تىلى ۋە گېرمان تىلى قاتارلىقلار بويىچىمۇ مائارىپ كۆرۈۋاتىدۇ. دەرۋەقە، بۇ ساھەدە، خۇسۇسەن ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى دۆلىتىمىز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز تەرەققىياتىنىڭ نۆۋەتتىكى سۈرئەت قەدىمى تەلەپ قىلىۋاتقان دەرىجىگە يەتكۈزۈش جەھەتتە ھەقىقەتەنمۇ يېتىشسىزلىكلەر مەۋجۇد. بۇ يېتىشسىزلىكلەرنى جىددىي تۇتۇش قىلىپ، ئەڭ تېز سۈرئەتتە تۈگىتىشىمىز كېرەك (بۇ ھەقتە ئەسىرىمىزنىڭ «تەتقىقات ۋە تەرەققىيات» دېگەن بۆلۈمىدە تەپسىلىي توختىلىمىز). بىراق، بۇيەردە بىز مۇھاكىمىگە قويۇۋاتقان مەسىلىنىڭ جان يېرى شۇكى، تەدبىر قوللىنىپ ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ دۆلەت تەلەپ قىلغان ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش بىر مەسىلە، ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى دەسلەپ ئالىي مائارىپ ساھەسىدىن باشلاپ، تەدرىجىي ھالدا ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىش بولسا، ماھىيەت جەھەتتىن تۈپتىن ئوخشىمايدىغان باشقا بىر مەسىلە. بىز بۇ ئىككى مەسىلىنى ھەرگىزمۇ ئارىلاشتۇرۇپ قويماسلىقىمىز ياكى بىرىنى يەنە بىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ قويماسلىقىمىز لازىم.

يەنە دېسەك، يۇقىرىدا قىسقىچە بايان قىلىنغان تارىخىي پاكىتلار كۈچلۈك ھالدا چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇكى، بىرىنچىدىن، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ قوش تىل بويىچە مائارىپ كۆرۈشى يالغۇز بۈگۈنلا بولۇۋاتقان ئىش ئەمەس، بەلكى ئۇ مىڭ يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ئادەت بوپكەتكەن بىر ئىش. ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇرلار ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۆز ئانا تىلىدىن ھەرگىزمۇ ۋازكەچمەيدۇ. ئەينى ۋاقىتتا قوش تىللىق مائارىپ تەلەپ قىلغان بۇرچىنى ئادا قىلىپ، مەدەنىيەت تەرەققىياتى نىشان قىلغان پەللىگىمۇ چوقۇم يېتەلەيدۇ. بۇمەسىلىنى يەنىلا بۈيۈك ئەجدادىمىز ئەلىشىر نەۋائىي ئەڭ مېغىزلىق بايان ئارقىلىق قايىل قىلارلىق ھالدا چۈشەندۈرگەنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ قۇتلۇق ئەسىرى «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» (ئىككى تىل توغرىلىق مۇھاكىمە) دە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەبىئىيتىدىنلا قوش تىللىق بولۇشقا لايىق قىلىپ يارىتىلغان، تىل ئۆگىنىشكە ماھىر بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى ئىما قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇنلىشىش ئىقتىدارىنىڭ تەبىئىيتىدىنلا پارسلارنىڭكىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىگە دەلىل-ئىسپات بۇنىڭدىنمۇ قايىل قىلارلىق بولمايدۇكى، ئۇيغۇرلار بىلەن پارسلاردا ياشلارنىڭ، قېرىلارنىڭ، چوڭلارنىڭ، كىچىكلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ئوخشاش دەرىجىدە بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا ئارىلىشىدۇ، گەپلىشىدۇ. يەنە كېلىپ پارسلاردا بىلىم ۋە زېھىن ئەھلى كۆپرەك ئۇيغۇرلاردا بولسا بىلىمسىز ۋە ساددا كىشىل پارسلارغا قارىغاندا كۆپرەك. شۇنداق بولۇشى قارىماي ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭىدىن كىچىكىگىچە ، بېگىدىن پۇقراسىغىچە دېگۈدەك پارس تىلىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ. ھەممىسى ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا سۆزلىيەلەيدۇ، بەزىلىرى ئىنتايىن كېلىشتۈرۈپ سۆزلىيەلەيدۇ. ھەتتا ئۇيغۇر شائىرلىرى پارس تىلىدا گۈزەل شېئىر ۋە شېرىن ماقالىلەرنىمۇ يازالايدۇ...» (شۇنامىلىق ئەسەر، 7-، 8- بەتلەر، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1988-يىل نەشرى).

قىسقىسى، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ھولۇقۇپ، بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر قۇتۇپقا يۈگۈرۈپ كەتكۈدەك ئىش يوق. ئىشىنىش كېرەككى، ئون ئەسىردىن بۇيان نامىزىنى ئەرەبچە، دۇئاسىنى ئۇيغۇرچە قىلىپ كېلىۋاتقان خەلقىمىز، بۈگۈنكى يېڭى دەۋر تەقەززا قىلغان ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە قوش تىللىق بولۇشنىڭ ھۆددىسىدىنمۇ يۈزدە يۈز چىقالايدۇ. شۇڭلاشقا، ۋەلىيلىرىمىز مائارىپ پىلانى تۈزگەن چاغدا، ھەم ئۇيغۇرچە ھەم خەنزۇچە مائارىپ كۆرسە، خەلقنىڭ يۈكى ئېغىر بوپكېتەرمىكىن دېگەن ياخشى نىيەت بىلەن بولسىمۇ، جانىجان ئۇيغۇرتىل-يېزىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىدىغان ھەم بىھۇدە، ھەمدە خەلقنىڭ نەپرىتىگە، تارىخنىڭ لەنىتىگە قالىدىغان نائەھلى ئىشنى قىلىپ تاشلىماسلىقلىرى كېرەك، دەپ قارايمىز.

# 4.تەتقىقات ۋە تەرەققىيات

## ـ قوش تىللىق مائارىپ ۋە ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنىڭ ئىستىقبالى

بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ئەلشىر ئىبنىي غىياسىددىن نەۋائىي ئۆزىنىڭ «مۇھاكەمەتول لۇغەتەين» (ئىككى تىل توغرىلىق مۇھاكىمە) ئاتلىق مۇبارەك ئەسىرىدە، 15-ئەسىردىكى تۈركىي تىللىق زىيالىيلارنىڭ تىل - ئەدەبىيات ساھەسىدە پارس تىلىنى قوللىنىشقا قىزىقىپ كېتىشى ۋە «تۈركىي تىل پارس تىلىغا يەتمەيدۇ» دېگەن بىمەنە قاراشنىڭ جەمئىيەتتە خېلى كەڭ كۆلەمدە بازار تېپىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلغاندا، بۇنىڭ تىل تەتقىقاتىغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدىن، يەنى تەتقىقات ئارقىلىق تۈركىي تىلنىڭ ئەمەلىيەتتە ھەرقانداق تىلدىن قالغۇچىلىكى يوق، كامىل ئىقتىدارغا ساھىب بىر تىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىپ بەرمىگەنلىكتىن بولغان ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «شۇ قەدەر مول نازۇك ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدىغان بۇ سۆز-ئىبارىلەر بىرەر كىشى ئەرىپىدىن مۇلاھىزە قىلىنىپ، ھەقىقىي ھالىتى كۆرسىتىپ بېرىلمىگەنلىكتىن تاكى مۇشۇ كۈنگىچە يوشۇرۇن ھالەتتە تۇرۇپ قالغان. بىلىمسىز ھەم بىلى بوش تۈرك يىگىتلىرى ئاسانلىقنى قوغلىشىپ، پارس تىلى بىلەن شېئىر يېزىشقا كىرىشىپ كەتكەن. ۋەھالەنكى، ئەگەر ئۇلار ياخشى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگەن ۋە ئىشنىڭ ھەقىقىتىگە چوڭقۇر چۆككەن بولسا ئىدى، ئۆز تىلىدىكى شۇ قەدەر كەڭ ئىمكانىيەتنى تاپقان ۋە بۇ تىلدا ھەرقانداق پىكىرنى ئىپادىلەش، خۇش سۆزلۈك، شائىرلىق ۋە داستانچىلىق سەنئەتلىرىنى بىمالال جەۋلان قىلدۇرۇش تېخىمۇ ئاسان ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولاتتى»، «ھەممە سەۋەبلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى شۇكى، تۈركىي تىلنىڭ پارس تىلىغا قارىغاندا شۇنچە ئارتۇقلۇقى، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتىكى شۇقەدەر نازۇك ۋە ئەۋرىشىم تەرەپلىرى نەزم قائىدىلىرى تەرىقىسىدە نامايەن قىلىنمىغان، ئەكسىچە، مەخپىيەتخانىغا تاشلىنىپ قېلىپ، ئۇنتۇلۇشقا ئاز قالغان» (قاراڭ: شۇ ناملىق ئەسەر، 26-، 28-بەتلەر، ئەسلى مەتىن77-، 78-، 79-بەتلەر، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1988-يىل نەشرى). دېمەك، ئەلشىر نەۋائىينىڭ قارىشىچە، بىر تىلنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ھەقلىق ئورنىنى ئەبەدىيەتلىك قوغداپ قېلىشتا، ئۇنىڭغا تالىق تەتقىقاتنى ئەستايىدىللىق بىلەن ياخشى ئېلىپ بېرىش ياكى بارماسلىق، ئاجايىپ مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئەمدى، 21-ئەسىردىكى ئۆز ئەھۋالىمىزغا كەلسەك، بۈگۈنكى قوش تىللىق مائارىپ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان بۇ يېڭى دەۋرىمىزدە، ھېچ ئويلىمىغان بىر ئەھۋال« ئالىي مەكتەپ، ئىنىستىتۇت ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملاردا پەۋقۇلئاددە كەسپلەردىن باشقا كەسپلەرنىڭ ھەممىسىدە قەدەممۇ قەدەم خەنزۇچە ئوقۇ-ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇش كېرەك» (قاراڭ: «شىنجاڭدا ئازسانلىق مىللەتلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان قوش تىللىق ئوقۇ-ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى»، 19-بەت، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى2001-يىل نەشرى) دېگەن پىكىرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە بۇ پىكىرنىڭ «قەدەممۇ قەدەم» دېگەن ۋاقىت جەدۋىلى قىسمىمۇ ئېلىپ تاشلىنىپ، ئوپۇل-توپۇللا ئىجراغا پەرمان قىلىنىشى بىزدە : «مەزكۇر پىكىر ۋە ئىجرالارمۇ تەتقىقات ئاساسى تازا مۇكەممەل بولمىغان ئەھۋالدا ئوتتۇرىغا ۋە ئىجراغا قويۇلۇپ قالدىمۇ-قانداق؟ دېگەن سەمىمىي ئوينى پەيدا قىلدى. ئەسىرىمىزنىڭ بۇ قىسمىدا، مۇشۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلىك مۇلاھىزىمىزنى ئىلىم ۋە ئەمەل ئەھلىلىرىنىڭ مۇھاكىمىسىگە مۇنداق قويىمىز:

### 1.قوش تىللىق مائارىپنىڭ مەملىكىتىمىز مىقياسىدىكى ئومۇمىيەتلىك تەتقىقات ئەھۋالى

شۇنى بىلىش كېرەككى، قوش تىللىق مائارىپ بۈگۈنكى كۈندە، يالغۇز ئۇيغۇر خەلقىنىڭلا بېشىغا كېلىۋاتقان توي ئەمەس، بەلكى ئۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى زېمىنىدە ياشاۋاتقان، خەنزۇلارغا سېلىشتۇرغاندا ساندا ئاز بولغان 55 ئازسانلىق مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا ئورتاق چۈشكەن بىر مەرىكىدۇر. ھالبۇكى، بۇ ئومۇمىيەتلىك تەلىم-تەربىيە ھادىسىسىنىڭ پۈتكۈل مەملىكىتىمىز مىقياسىدىكى ئومۇمىيەتلىك تەتقىقات ئەھۋالىنى ئۆگىنىپ ۋە چۈشىنىپ ئۆتۈشىمىز ھەقىقەتەنمۇ زۆرۈر. بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزچە، 1979-يىل مايدا، «جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلەر قوش تىللىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش تەتقىقات جەمئىيىتى» قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگونىڭ قوش تىللىق مائارىپى يىلدىن يىلغا ئۆز سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئۇ ئومۇمىي جۇڭگو مائارىپىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بوپقالدى. تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، قوش تىللىق مائارىپنىڭ يىگىرمە نەچچە يىللىق تەتقىقاتى جۇڭگو زېمىنىدە تىلشۇناسلىق ئىلمىغا تەۋە يېڭى بىر تارماق ئىلىم – «قوش تىللىق ئىلمى» ( 双语学 ) نى بارلىققا كەلتۈردى. مەزكۇر قوش تىللىق ئىلمى شۇ تۇرقتا، باشتا قابىل پېشقەدەم ئالىملىرى، ئاياغدا ماھىر ياش ئىزباسار مۇتەخەسسىسلىرى بولغان، زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە بىر ئىلىم سالاھىيىتى بىلەن جۇڭگونىڭ، شۇنداقلا دۇنيانىڭ ئىلىم سورۇنلىرىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك رولىلارنى ئويىنىماقتا. مەزكۇر قوش تىل ئىلمى ئۆزىنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرى ۋە

ئەمەلىي خىزمەتلىرى ئارقىلىق ئىلمىي يوسۇندا شەرھلەپ كېلىۋاتقان قوش تىللىق مائارىپنىڭ پۈتكۈل مەملىكىتىمىز مىقياسىدىكى ئومۇمىيەتلىك تەتقىقات ئەھۋالىنى ئەڭ قىسقا جۈملىلەر بىلەن يىغىنچاقلاپ، تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تەرەپتىن چۈشىنىشىمىز مۇمكىن:

**بىرىنچى، قوش تىللىق مائارىپنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرى بويىچە تەتقىقات.**

بۇ ساھەدە، مەملىكىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق تىلشۇناسلىرى بولغان يەن شۆجۇن ئەپەندى ۋە ماشۆلياڭ ئەپەندى قاتارلىقلارنى جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلەر قوش تىللىق مائارىپى نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنىڭ سەردارلىرى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۇزۇن يىللار جاپالىق ئەمگەك سەرپ قىلىپ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش نەتىجىسىدە يېزىپ چىققان بىر قاتار ئەسەرلىرى ئارقىلىق، مەملىكىتىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قوش تىللىق مائارىپنىڭ نەزەرىيە مەسىلىرىنى تەتقىقات يۇكسەكلىكىدە يورۇتۇپ بەرگەن. ئالايلۇق، يەن شۆجۇن ئەپەندى ئۆزىنىڭ «جۇڭگو سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقى ھەققىدە قىسقىچە بايان» (ئوتتۇرا جۇڭگو سانائەت ئىنىستىتۇتى نەشرىياتى 1985-يىل نەشرى) ناملىق كىتابىدا، مەملىكىتىمىزدىكى خىلمۇ خىل مۇرەككەپ تۈس ئالغان قوش تىللىق، ھەتتا كۆپ تىللىق بولۇش ھادىسىسىنى سىستېمىلىق ھالدا تەھلىل قىلىپ، جۇڭگو سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقىنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرى ۋە تەتقىقات ئۇسلۇبىنى ئەتراپلىق شەرھلەپ كۆرسەتكەن. ئۇ مەزكۇر ئەسىرىدە، يەنە مەملىكىتىمىز مىقياسىدا قوش تىللىق مائارىپ تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، بۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان يېڭى تىپتىكى دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ چىقىش، قوش تىللىق مائارىپ قانۇنىنى يولغا قويۇش، شۇ ئارقىلىق جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرىنى تونجى بولۇپ يورۇتۇپ بەرگەن. ماشۆلياڭ ئەپەندى بولسا ئۆزىنىڭ «قوش تىللىق بولۇش مەسىلىسىگە بولغان تەتقىقاتقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك» («خەنزۇچە ئۆگىنىش» ژۇرنىلى 1981-يىل 1-سان)، «قوش تىللىق بولۇش ۋە قوش تىللىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش» («مىللەتلەر تىل-يېزىقى» ژۇرنىلى 1986-يىل 2-سان)، «قوش تىل تەتقىقاتىدىكى قوش سۆزلەر مەسىلىسى» («مىللەتلەر مائارىپى» ژۇرنىلى 1988-يىل 6-سان)، «قوش تىل ھادىسىسى ۋە قوش تىل تەتقىقاتىدىكى بىر نەچچە مەسىلە» (بېيجىڭ تىل ئىنىستىتۇتى نەشرىياتى 1988-يىل نەشرى) قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم ئىلمىي ئەسەرلىرىدە، شۇنداقلا «مىللەتلەر يېزىقى ۋە قوش تىللىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش ھەققىدە»، «قوش تىللىق بولۇش مەسىلىسى ھەققىدە سۆزلەنگەن نۇتۇق»، «قوش تىللىق ئوقۇ-ئوقۇتۇشنى تىرىشىپ ياخشى قىلايلى» قاتارلىق مۇھىم نۇتۇقلىرىدا (بۇ نۇتۇقلار مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلغان «ماشۆلياڭ مىللەتلەر تەتقىقاتى ئەسەرلىرى» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلگەن) قوش تىللىق بولۇشنىڭ تەبىرى، مەملىكىتىمىزدە قوش تىللىق بولۇش ئىجتىمائىي ھادىسىسىنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبلىرى، ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى قوش تىللىق بولۇش ھەتتا كۆپ تىللىق بولۇش ھادىسىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللەتلەر تىل-يېزىق سىياستى، قوش تىللىق بولۇش ۋە ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشى قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا ئۆزىنىڭ ئىزدىنىش ۋە چۈشەنچىلىرىنى شەرھلەپ، مەملىكىتىمىز قوش تىلچىلىق ئىلمىنىڭ نەزەرىيە ئاساسلىرىنى تېخىمۇ تولۇقلىغان. ئۇندىن باشقا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پروفېسسور گەي شىڭجۈ ئەپەندى يازغان «قوش تىللىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئاساسىي بىلىملىرى» قاتارلىق قوش تىللىق مائارىپقا ئائىت بىر قاتار ئەسەرلەر نەشر قىلىنىپ، مەملىكىتىمىز قوش تىلچىلىق ئىلمىنىڭ كۈندىن كۈنگە پىشىپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى نامايەن قىلماقتا (قاراڭ: «قوش تىللىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات»، 2-توم 10-، 11-بەتلەر. مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1999-يىل نەشرى).

**ئىككىنچى، قوش تىللىق مائارىپنىڭ مەقسىتى ۋە غايىسى ھەققىدىكى تەتقىقات.**

جۇڭگودا يولغا قويۇلغان قوش تىللىق مائارىپنىڭ نۆۋەتتىكى مەقسىتى ۋە ئۇنىڭ ئاداققى غايىسى زادى نېمە؟ بۇ مەسىلە جۇڭگودىكى پۈتكۈل ئازسانلىق مىللەتلەر، خۇسۇسەن تارىختىن بۇيان ئۆزىنىڭ تىل-يېزىقى بار بولۇپ كېلىۋاتقان مىللەتلەر ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈدىغان ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ نازۇك بىر مەسىلە بولۇپ، مەملىكىتىمىز ئالىملىرى بۇ ھەقتىمۇ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىزدىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات سەمەرىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئالايلۇق، «جۇڭگو مىللەتلەر تىلشۇناسلىقى تارىخى» ۋە «مىللەتلەر تىلشۇناسلىقى نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى» قاتارلىق خاس ئەسەرلىرى، شۇنداقلا ئۆزى نەشرگە تەييارلىغان «قوش تىللىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات» ناملىق تۆت توملۇق ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى ئارقىلىق ئىلىم ساھەسىگە تونۇلغان مىللەتلەر مائارىپى نەزەرىيىچىسى ۋە قوش تىللىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئەمەلىيەتچىسى، پروفېسسور، دوكتور ۋاڭ يۈەنشىن ئەپەندى مۇنداق يازىدۇ: «مەملىكىتىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلىۋاتقان قوش تىللىق مائارىپ تۈزۈمى بولسا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل ۋە مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش، قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، شۇنداقلا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇدلۇقى ۋە تەرەققىياتىغا بېرىپ تاقىلىدىغان، كۆز ئالدىدىكى نەق مەنپەئەت بىلەن كەلگۈسى مەنپەئەتنى ئۆز-ئارا بىرلەشتۈرۈش چىقىش نۇقتىسى قىلىنغان تۈزۈمدۇر»، «قوش تىللىق مائارىپ ئەمەلىيىتىدە

قوللىنىلىۋاتقان تۇرلۇك ئۇقۇتۇش ئۇسلۇبلىرى شەكىل، جەريان ۋە دەرس سائەتلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە پەرقلىق بولسىمۇ، ئاداققى غايە بىرلا، ئۇ بولسىمۇ، بىرىنچىدىن، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىلى بىلەن مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش، قوغداش ۋە گۈللەندۈرۈش؛ ئىككىنچىدىن، ئازسانلىق مىللەتلەرتىللىرى بىلەن خەنزۇ تىلىنى ئوخشاش دەرىجىدە پىششىق بىلىدىغان قوش تىللىق خادىملارنى تەربىيىلەپ، ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر» (ۋاڭ يۈەنشىن: «جۇڭگو مىللەتلەر تىلشۇناسلىقى نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى»، 322ـ، 323ـ بەتلەر، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى2002ـ يىل نەشرى).

**ئۈچىنچى، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىق قوللىنىش مەسىلىسىگە دائىر قانۇن ۋە سىياسەتلەر ھەققىدىكى تەتقىقات.**

مەملىكىتىمىز ئالىملىرى پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىق قوللىنىش مەسىلىسىگە دائىر چىقارغان قانۇن ۋە سىياسەتلىرى، شۇنداقلا ھەردەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ قوش تىللىق مائارىپنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە قارىتا قوللانغان تەدبىرلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈلىدۇ. ئالايلۇق، ئۆزىنىڭ «مەدەنىيەتتىكى ئۆزگىرىش ۋە قوش تىللىق مائارىپ» ۋە« مىللەتلەر، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ» قاتارلىق ۋەزىنلىك خاس ئەسەرلىرى بىلەن ئىلىم ئەھلى ئارىسىدا شۆھرەت قازانغان پروفېسسور، دوكتور تېڭ شىڭ ئەپەندىنىڭ باشچىلىقىدا، مائارىپ مىنىستىرلىكى فىلولوگىيە پەنلىرى بويىچە نۇقتىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش مەركىزىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە يېزىلغان« 20ـ ئەسىر جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلىرى ۋە مائارىپ ـ نەزەرىيە، سىياسەت ۋە ئەمەلىيەت» ناملىق يىرىك خاس ئەسەردە «ئازسانلىق مىللەتلەر قوش تىللىق مائارىپىغا دائىر سىياسىي نەزەرىيىلەر ۋە سىياسەتلەر» دەپ مەخسۇس بىر باب ئېچىلغان. مەزكۇر بابتا، جۇڭگودىكى ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا يولغا قويۇلغان قوش تىللىق مائارىپقا دائىر ئاساسىي نەزەرىيىلەر نىسبەتەن تەپسىلىي بايان بىلەن چۈشەندۈرۈلگەندىن باشقا، جۇڭگودا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى مىللەتلەر تىل-يېزىقىغا دائىر چىقىرىلغان قانۇن، سىياسەت ۋە بەلگىلىمىلەر يىل تەرتىپى بويىچە تىزىلىپ، بىرمۇ بىر شەرھلەنگەن. شۇ بابنىڭ جۇڭگو مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتىنىڭ فاكچىنى، ۋەزىپە ۋە تەدبىرلىرى ئۈستىدە توختالغان قىسمىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «1991ـ يىلى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن تەستىقلاپ تارقىتىلغان دۆلەت مىللەتلەرئىشلىرى كومىتېتىنىڭ 〈ئازسانلىق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا دوكلات〉 ىدا، جۇڭگودىكى ئازسانلىق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتىنىڭ رېئال ئەھۋالى ئوبيېكتىپ ھالدا تەھلىل قىلىنىش بىلەن بىرچاغدا، 1990ـ يىللار جۇڭگو مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتىنىڭ فاكچىنى، ۋەزىپىسى ۋە قوللىنىلىدىغان تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا مۇنداق:

مەملىكىتىمىز مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتى شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، مۇۋاپىق بىرتەرەپ قىلىش، مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى قوغداش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش، شۇنداقلا ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش قاتارلىق جەھەتلەردە ئوخشاشلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ:

1. يېڭى دەۋر مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئاساسىي فاكچىنى بولسا، ماركسىزمنىڭ تىل-يېزىق باراۋەرلىكى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تىل-يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش؛ ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، ئالغا بېسىشىغا ۋە گۈللىنىشىگە پايدىلىق بولۇشنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ ئىش كۆرۈش؛ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئايرىم-ئايرىم يېتەكچىلىك قىلىش، ئاكتىپ، ئېھتىياتچان ۋە مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن مىللەتلەر تىل -يېزىق خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

2. يېڭى دەۋر مىللەتلەر تىل-يېزىق سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش؛ مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتىنىڭ قانۇن-تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش؛ ماركسىزملىق مىللەتلەر تىل-يېزىق نەزەرىيىسى ۋە سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش؛ مىللەتلەر تىل-يېزىقى بويىچە قائىدىلەشتۈرۈش، ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش؛ مىللەتلەر تىل-يېزىقى بويىچە تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىش، مائارىپ ئېلىپ بېرىش، خەۋەرلىشىش، رادىئو ئاڭلىتىش، تېلېۋىزور ۋە قەدىمىي ئەسەرلەرنى رەتلەش قاتارلىق ئىشلارنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ مىللەتلەر تىل-يېزىقى بويىچە ھەمكارلىشىش ۋە ئۆزئارا ئىلىم ئالماشتۇرۇش قىلالايدىغان خادىملارنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىش، شۇنداقلا ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئۆزئارا تىل-يېزىق ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

3. مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتىنىڭ فاڭچېن ۋە ۋەزىپىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىدىغان تەدبىرلەر بولسا، ئەمەلىيەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ ئايرىم-ئايرىم يېتەكچىلىك قىلىش؛ ئازسانلىق مىللەتلەر تىل-يېزىقلىرىنىڭ قوللىنىلىش ۋە يولغا قويۇلۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ياخشى ئىشلەش؛ قەدىمدىن بۈگۈنكىچە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىپ كەلگەن مىللەتلەر يېزىقلىرىغا نىسبەتەن ئۆگىنىش، قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش؛ مىللىي تىل-يېزىقنىڭ شۇ مىللەت مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يۈرگۈزۈۋاتقان رايوننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىشىغا ھەقىقىي رەۋىشتە كاپالەتلىك قىلىش، شۇنداقلا مىللىي يېزىقنىڭ قائىدىلەشتۈرۈلۈشى ۋە ئۆلچەملەشتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇنى كۈنسايىن مۇكەممەللەشتۈرۈش. . . » قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.
( قاراڭ: تېڭ شىڭ: «20-ئەسىر جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلىرى ۋە مائارىپ — نەزەرىيە، سىياسەت ۋە ئەمەلىيەت»، 351-، 352-بەتلەر. بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 2002-يىل نەشرى)

دېمەك، يۇقىرىدىكى نەقىللەردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، قوش تىللىق مائارىپ مەملىكىتىمىز مىقياسىدا ، مەيلى نەزەرىيە ئاساسى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى مەقسەت، نىشانى جەھەتتىن بولسۇن ۋەمەيلى سىياسەت جەھەتتىكى قانۇنىي كاپالىتى جەھەتتىن بولسۇن ئومۇمىيۈزلۈك مۇكەممەل تەتقىقات ئاساسىغا ئىگە. ئەمدى، بۇ تەتقىقاتلار ئەمەلىيەتتە، قوش تىللىق مائارىپنىڭ دۆلىتىمىز ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك ساغلام تەرەققىياتقا ئىگە بولۇشىنى زۆرۈر ئاساسلار بىلەن تەمىن ئېتىدىغان مول ئەھمىيەتلىك مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، بۇ نەقىللەرنىڭ ھېچبىرسىدە، مەلۇم باسقۇچقا كەلگەندە، ئازسانلىق مىللەتلەر تىل-يېزىقلىرىنىڭ چەكلەش ۋە مۇئەييەن دائىرە ئىچىدە بوغۇپ قويۇشقا ئۇچرايدىغانلىقىغا ئىما-ئىشارەت قىلىندىغان بىرەر جۈملىمۇ ئۇچرىمايدۇكى، بۇ ھال بىزنى مەزكۇر تەتقىقاتلارنىڭ روھىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىغا تەدبىقلاپ كۆرۈشىمىزگە ئۈندەيدۇ.

## 2. قوش تىللىق مائارىپنىڭ نۇقتىلىق تەتقىقات ئەھۋالى

بۇيەردىكى نۇقتىلىق تەتقىقات دېگىنىمىز ، مەملىكىتىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئەمەس، پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇئەييەن بىر مىللەتكىلا قارىتىپ ياكى ئايرىم بىر ئازسانلىق مىللەتنىڭلا ئەمەلىي ئەھۋالىدىن ئېلىپ قىلىنغان تەتقىقاتنى كۆرسىتىدۇ. بۇخىل تەتقىقات ھەرقانداق بىر ئازسانلىق مىللەتنىڭ ئۆزگەزالىرىدىن بولغان ئالىملار تەرىپىدىن قىلىنىشىمۇ ياكى باشقا مىللەتتىن بولغان ئالىملار تەرىپىدىن قىلىنغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

مەملىكىتىمىزدە قوش تىللىق مائارىپ تەتقىقاتىنىڭ بۇ تۈرىمۇ خېلى مۇكەممەل دەرىجىدە ئېلىپ بېرىلماقتا. بىز بۇيەردە، مەخسۇس چاۋشيەن مىللىتىنىڭ قوش تىللىق مائارىپ ئەھۋالى تەتقىق قىلىنىپ يېزىلغان «چاۋشيەن مىللىتىدە قوش تىللىقلىشىشنىڭ شەكىللىنىش جەريانى» ( 朝鲜族双语现象成因论 ) دېگەن كىتاب ۋە ئۇنىڭدىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار ئارقىلىق بۇ تېمىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىمىز. بۇ كىتابنى مانجۇ مىللىتىدىن بولغان دوكتور گۈەن شىنچيۇ( 关辛秋 ) خانىم يازغان. گۈەن خانىم ئۆزىنىڭ بۇ بەش بابلىق خاس ئەسىرىدە ، چاۋشيەن مىللىتىنىڭ قوش تىللىق مائارىپ تارىخىنى تەتقىق قىلىپ، جۇڭگودىكى ئەللىك بەش ئازسانلىق مىللەت كىشىلىرىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل دۇنيادىكى تۈرلۈك دۆلەتلەردە ئازسانلىق مىللەت بولۇپ ياشاۋاتقان ھەرقايسى ئەل ئىنسانلىرى ئۈچۈنمۇ ئۆرنەك بولغىدەك تولىمۇ ئەھمىيەتلىك تەجرىبە ۋە ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ چىققان. ئاپتور بۇ ئەسىرىدە، چاۋشيەن مىللىتىدىكى قوش تىللىقلىشىش ئەھۋالىنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى تەتقىق قىلىپ چىقىشنىڭ رېئال ئەھمىيىتىنى مېغىزلىق بايان قىلغاندىن باشقا، «چاۋشيەنچە — خەنزۇچە قوش تىللىق مائارىپ تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىدىن چاۋشيەن مىللىتىنىڭ قوش تىللىقلىشىشنى شەكىللەندۈرگەن ئىچكى ئامىللارغا نەزەر» ، « چاۋشيەنچە — خەنزۇچە قوش تىللىق مائارىپ تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىدىن چاۋشيەن مىللىتىنىڭ قوش تىللىقلىشىشىنى شەكىللەندۈرگەن تاشقى ئامىللارغا نەزەر» دېگەن مەخسۇس ئىككى بابنى ئېچىپ، ئازسانلىق ئورنىدىكى بىر مىللەت ئەزالىرىنىڭ ھەم ئۆز ئانا تىلىنى ھەمدە ئۆز دۆلىتىنىڭ ئاساسلىق پىكىر-ئالاقە قورالى بولغان باشقا بىر تىلنى ئوخشاشلا پىششىق دەرىجىدە ئىگىلەشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان ئىچكى-تاشقى ئامىللار ۋە ئۇلارنىڭ رولىنى ئاجايىپ تەسىرلىك ۋە قايىل قىلارلىق تەسۋىرلەپ كۆرسەتكەن.

دوكتور گۈەن شىنچيۇ خانىمنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، چاۋشيەن مىللىتىنى مەملىكىتىمىزدىكى تىل-يېزىقى بار مىللەتلەر ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك قوش تىللىقلاشقان مىللەت قىلىپ چىقىشتا ئاچقۇچلۇق رول ئوينىغان ئىچكى ئامىل مۇنداق تۆت تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، چاۋشيەن مىللىتىگىلا خاس بولغان كۈچلۈك مىللەتپەرۋەرلىك ئېڭى؛ ئىككىنچى، چاۋشيەن مىللىتىگىلا خاس بولغان ئەپ بىلەن ئۆز مەۋجۇدلۇقىنى ساقلاش ئېڭى؛ ئۈچىنچى، خەنزۇ مەدەنىيىتىگە بولغان قايىللىق؛ تۆتىنچى، شەرتلىك

ئەمما كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ساھىب بولغان قوش تىللىقلىشىش ئىدىيىسى، ئۈمىدۋار، ئاكتىپ ۋە ئېرىشچان تىل ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى. ئەمدى، چاۋشيەن مىللىتىنىڭ قوش تىللىقلىشىشىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان تاشقى ئامىللار بولسا: بىرىنچى، چاۋشيەن تىل-يېزىقى بويىچە ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىشنى قوغدايدىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇدىغان قانۇن-تۈزۈم تۇرغۇزۇش؛ ئىككىنچى، قوش تىللىق مائارىپ تۈزۈمى ئاستىدىكى ئاساسىي مائارىپنى ئەڭ يۇكسەك سەۋىيە بىلەن ئومۇملاشتۇرۇش؛ ئۈچىنچى، قوش تىللىق مائارىپ بىلەن ئالاقىدار بولغان سەرەمجانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەش؛ تۆتىنچى، ئۆز-ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولغان يېڭى شەيئىلەر ۋە يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۈنۈملۈك چاۋشيەن مىللىتىنىڭ قوش تىللىق مائارىپىنى ئىلگىرى سۈرۈش (قاراڭ: شۇنامىلىق ئەسەر، 51-، 64-، 74-، 90-، 115-، 141-، 155-، 182- بەتلەر).

بىز بۇيەردە دوكتور گۇەن شىنچيۇ خانىم يازغان «چاۋشيەن مىللىتىدە قوش تىللىقلىشىشنىڭ ەكىللىنىش جەريانى» ناملىق كىتابنىڭ ۇناسىۋەتلىك باب ۋە مەزمۇن ھالقىلىرىنىڭ اۋزۇلىرىنىلا تەرجىمە قىلىپ قويدۇق. ئۈمىد شۇكى، ئۇيغۇر قوش تىللىق مائارىپى ۋە ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بارلىق بىلىم ئەھلىلىرى مەزكۇر كىتابنى ئەستايىدىللىق بىلەن، كۆڭۈل قويۇپ بىر ئوقۇپ چىقساق، كىتابتا بايان قىلىنغان مۇناسىۋەتلىك جەريان ۋە ئەھۋاللارنى ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇد ھالىتىمىز ۋە تۇرقىمىزغا تەدبىق قىلىپ، سېلىشتۇرۇپ باقساق؛ ئەگەر پەرق تاپساق، ئۆزىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكىمىزنى بايقىساق، ھېچ ئىككىلەنمەي، بىز بىلەن تەقدىرداش بولغان ئۆتىلغار ئازسانلىق مىللەتتىن ئۆگەنسەك.

## 3. ئۆزىمىزنىڭ تەتقىقاتى ۋە بىزگە تالىق تەتقىقاتلار

قوش تىللىق مائارىپ ھەققىدە ئۆزىمىز ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلار شۇنداقلا قېرىنداش مىللەتلەرگە مەنسۇپ باشقا ئالىملارنىڭ ئۇيغۇر قوش تىلچىلىقى توغرىسىدا خالىسانە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى بابىدا ئۆز ئىمكانىمچە ئىزدەندىم. پروفېسسور، دوكتور ۋاڭ يۈەنشىن ئەپەندى نەشرگە تەييارلىغان «قوش تىللىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات» ناملىق تۆت توملۇق ئىلمىي ماقالىلار توپلىمىنى بىرمۇ بىر ۋاراقلاپ چىقتىم. تاپالىغىنىمچە، مۇناسىۋەتلىك گېزىت-ژۇرناللار ۋە كىتابلارنى تېپىپ، مۇتالىئە قىلدىم. بۇيەردە، ئەشۇ ئوقۇپ كۆرگەنلىرىم ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە دەپ قارىغان ئۈچ ئەسەر ئۈستىدە توختىلىپ، ئۆز مۇلاھىزەمنى قىسقىچە

قويۇپ ئۆتىمەن:

بىرىنچى، شىنجاڭ كەسپلەر ئۇنىۋېرسىتېتى (新疆职业大学) دىن گاۋ خۇيچېڭ ئەپەندى (高会成) يازغان «شىنجاڭدا قوش تىللىقلىشىشنىڭ كېلىپ چىقىشى، تەرەققىياتى ۋە رولى ھەققىدە يۈزەكى تەھلىل» (浅析新疆双语现象的产生,发展及作用) ناملىق ئەسەر. تۆت باب ۋە ئالتە پاراگرافتىن تەشكىل تاپقان بۇ ئەسەر «قوش تىللىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات» ئاتلىق ئىلمىي ماقالىلار توپلىمىنىڭ ئۈچىنچى تومىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «شىنجاڭدا ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى، ئولتۇراقلىشىشى ۋە تىل قوللىنىش ئەھۋاللىرى»، «شىنجاڭدا قوش تىللىقلىشىش ھادىسىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى»، «شىنجاڭدا قوش تىللىقلىشىشنىڭ رولى» ۋە «قوش تىللىق مائارىپ ۋە قوش تىللىقلاشقان خادىملارنى تەربىيىلەشنىڭ ئاساسلىق يولى» دېگەن ماۋزۇلار بويىچە مېغىزلىق بايان بېرىلىپ، شىنجاڭدىكى قوش تىللىقلىشىش مەسىلىسى نىسبەتەن توغرا قاراش بىلەن لىللا مەيداندا تۇرۇپ شەرھلەنگەن. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان يېرى شۇكى، ئەسەرنىڭ «دۆلەتنىڭ تىل-يېزىق سىياسىتى قوش تىللىقلىشىشنى داۋاملىق ساقلاپ قالىدۇ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ» دېگەن پاراگرافىدا، شىنجاڭدىكى قوش تىللىقلىشىشنىڭ مەملىكەتنىڭ باشقا ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى قوش تىللىقلىشىشقا ئوخشاشلا، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپ قانۇنى» ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» قاتارلىق دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا ئوخشاش قىممەتتە ئاقىدىغان دۆلەتلىك قانۇنلار، شۇنداقلا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تىل-يېزىق خىزمىتىنىڭ بەلگىلىمىلىرى» قاتارلىق يەرلىك ئاپتونومىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان مەخسۇس بەلگىلىمىلەرنىڭ قوغدىشى ئاستىدا، يەنە داۋاملىق مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋېرىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا قوش تىللىق مائارىپ ئارقىلىق ئۇنىڭ يەنە ھەقلىق رەۋىشتىكى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىدىغانلىقى قانۇن ئاساسى بىلەن ئىلمىي ھالدا شەرھلەپ كۆرسىتىلگەن.

مېنىڭچە، گاۋخۇيچېڭ ئەپەندىنىڭ قوش تىللىقلىشىش ۋە قوش تىللىق مائارىپ مەسىلىسىگە نىسبەتەن چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈشلىرى ئىلمىي، سەمىمىي ۋە بىرتەرەپلىمىلىكتىن خالىي. ھالبۇكى، ئىلىم ئادەملىرىمىزنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق تونۇشتا بولسا، شىنجاڭدىكى قوش تىللىقلىشىش، شۇنداقلا قوش تىللىقلىشىشنى قوغدايدىغان ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە قوش تىللىق مائارىپى تويۇق يولغا كىرىپ قالماي، ساغلام يول بىلەن راۋاجلىنالايدۇ.

ئىككىنچى، قېرىندىشىمىز نۇسرەت تۇردى

يازغان «قوش تىللىقلىشىش ۋە ئانا تىلىمىز» دېگەن ماقالە. بۇ ماقالە مۇبارەك ژۇرنال «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» نىڭ 2000-يىل 4-، 5 (قوشما) سانىنىڭ 103-بېتىگە ئېچىلغان «تىل ۋە تەرەققىيات» ناملىق سەھىپىسىگە بېرىلگەن. ئاپتور نۇسرەت تۇردى جاھان قوش تىلچىلىقى ئىلمىنىڭ سەردارلىرىدىن بولغان چىنگىز ئايتماتوفنىڭ «كۆپ تىللىق بولۇش شاراپەت، ئەمما ئانا تىلنى بىلمەسلىك جىنايەت» دېگەن مەشھۇر ئۇزۇندىسىنى ئۆز ماقالىسىگە سەھىپە بېشى قىلىش ئارقىلىق ، مۇھاكىمىگە قويۇلغان قوش تىللىقلىشىش مەسىلىسىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ شەرەپلىك، ئەمما نازۇك بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئوقۇرمەنلەرگە ئۇقتۇرغان. ئومۇمىي مەزمۇن ئورامىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇماقالە قوش تىللىقلىشىشنىڭ نېمىلىكى، قوش تىللىق بولۇشتا ئانا تىلىمىز بولغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قانداق ئورۇن ۋە قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكى مەسىلىسىنى مۇھاكىمە مەركىزى قىلغان بولۇپ، ئاخىرىدا «ئانا تىلىمىزنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغان ھالدا، قوش تىللىق بولۇشتىن ئىبارەت بۇ يېڭى دەۋر تەلەپ قىلىۋاتقان ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە ئاكتىپ قاتنىشايلى» دېگەن خۇلاسىنى چىقارغانلىقى بىلەن مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاپتورنىڭ بۈگۈنكى كۈندە يالغۇز ئۇيغۇر تىلىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيىتى دۇچ كېلىۋاتقان «قوش تىللىقلىشىش» بولۇپ ئىپادىلىنىۋاتقان بۇ مەسىلىگە جىددىي نەزەر ئاغدۇرۇپ، ئاكتىپ ئىزدەنگەنلىكى ۋە بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ھەقىقەتەنمۇ تەقدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. شۇڭا، مەن بۇماقالىنى ئۇيغۇر قوش تىلچىلىقى ئىلمىنىڭ ئەمەلىي رىقابەتتە نۇسرەت بىلەن روناق تېپىشى ئۈچۈن باش قاتۇرغان ياخشى ئەسەر، دەپ باھالىدىم.

ئەمما، ماقالىنى تەكرار ئوقۇغىنىمىزدا، «ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات داۋامىدا ئاستا-ئاستا ئاساسىي مەدەنىيەت بولۇش ئورنىدىن چۈشۈپ قېلىشقا ئەگىشىپ ، ئۇيغۇر تىلىمۇ تۇرمۇشىمىزدىكى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا يۈزلەندى. ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىن جانلىنالماسلىقى، تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ ئىزچىل تۆۋەن بولۇپ تۇرۇشى. . .» دېگەن ئىككىنچى ئابزاسنىڭ ئەمەلىيەتتە تولىمۇ پاسسىپ قاراشلىق بىھۇدە ۋايساش بولغانلىقىنى سېزىلىپ، كۆڭلىمىزنى غەش قىلىدۇ.

مەلۇمكى، بۈگۈنكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بىر قېرىنداش مىللەت. ھالبۇكى، ئون مىليونغا يېقىن نوپۇسلۇق بىر قېرىنداش مىللەت بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى بىر مىلياردتىن ئارتۇق نوپۇسلۇق خەنزۇلار ئاساسىي گەۋدە بولغان جۇڭگونىڭ ئاساسلىق مەدەنىيىتى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەمما، پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۇيغۇرنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئەبەدىلئەبەد ئاساسىي مەدەنىيەت بولىدۇكى، باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتى ھەرقانچە ئالتۇن مەدەنىيەت بوپكەتسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر ئۆگىنىش ۋە پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولىدىغان قوشۇمچە نەرسىدىنلا ئىبارەت، خالاس. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بۈگۈن ئاساسىي مەدەنىيەت بولۇش ئورنىدىن چۈشۈپ قالمىدى ۋە مەڭگۈ چۈشۈپ قالمايدۇ!

«ئۇيغۇر تىلىمۇ تۇرمۇشىمىزدىكى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا يۈزلەندى» دەپ بەتدۇڭا ئەۋلىيالىق قىلىشنىڭ ئاساسى زادى نېمىدۇ؟ ! بىزنىڭچە، ئۇيغۇرمىللىتىنىڭ بىر مىللەت بولۇپ تۇرۇش سالاھىيىتىلا بولىدىكەن، ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تۇرمۇشىدىكى مۇقەددەس ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا ھەرگىزمۇ يۈزلەنمەيدۇ، بۇ بىر تەرەپ. يەنە بىر تەرەپتىن، سىز-بىز ئۆزىمىزنى «مەن ئۇيغۇرمەن» دەپ مەيدىمىزگە مۇشتلاپ يۈرگەنىكەنمىز، تىرىكلا بولساق، ئۇيغۇر تىلىنى تۇرمۇشىمىزدىكى مۇقەددەس ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا ھەرگىز يۈزلەندۈرمەيمىز: بىزچە، ئۇيغۇر تىلىنى قوغداش دېمەك ئۇيغۇر مىللىتىنى قوغداش دېمەكتۇر. ئەڭ مۇھىمى، ئۇيغۇرنى، ئۇيغۇر تىلىنى مەۋجۇدلۇق كاپالىتىگە ئىگە قىلىش بىزنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ھەققىمىزدۇركى، بۇ ھەققىمىزنى قوغداش ئۈچۈن، گېزى كەلسە ھېچ ئىككىلەنمەي جېنىمىزنى پىدا قىلىمىز!

«ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىن جانلىنالماسلىقى ، تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ ئىزچىل تۆۋەن بولۇپ تۇرۇشى» دېگەندە، نېمە كۆزدە تۇتۇلغانكىن؟ ئەگەر جۇڭگودا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەللىك ئۈچ يىل نەزەردە تۇتۇلغان بولسا، قاراپ باق: تۇردى ئاخۇن ئاكا قاتارلىق بىرقانچە پېشقەدەمنىڭ ئېغىزىدىنلا قېپقالغان ئۇيغۇرئون ئىككى مۇقامى دەسلەپ سىمغا ئېلىندى، ئاندىن نوتىلاشتۇرۇلدى، ئاندىن ئۇنىڭ دۇردانە تېكىستلىرى توم تومى بىلەن نەشر قىلىندى، ئاندىن تۈرلۈك تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئېلىندى. ئەدەبىيات گۈلزارى ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتچىلىكتىن ھېكايىچىلىققا، ھېكايىچىلىقتىن پوۋېستچىلىققا، پوۋېستچىلىقتىن رومانچىلىققا بالداقمۇ بالداق ئۆرلەپ، خېلىلا مەزمۇت ۋە يامان ئەمەس سۈرئەتلىك قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلدى. ھەرىكەتلىك سەنئەت بولسا، باشتىكى لەپەر ئېيتىشىش ۋە سەھنە ئەسىرى ئويناشتىن، قۇرۇلمىسى مۇكەممەل بولغان زامانىۋى دراممىلارنى ئويناشقا، ئۇنىڭدىن تېلېۋىزىيە، كىنولىشىشقا تەرەققىي قىلدى. ئەسلىدىكى مەھەللىۋى نەۋرۇز قوتلاشلىرى ۋە مەشرەپ چايلىرى بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز ھەتتا پۈتكۈل مەملىكەت مىقياسىدا بىرلا چاغدا كۆرسىتىلىپ، خەلقئالەمگە ھۇزۇرلىنىش بېرەلەيدىغان كۆلەم ۋە سەۋىيىنى ياراتتى. تەرەققىيات ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىن ھالقىپ، سانائەت،

تىبابەت ۋە تىجارەت ساھەلىرىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئالغا باسقان، ئىلغار گەۋدىسىنى كۆرسەتمەكتە. ئالايلۇق، «ئارمان» باش بولۇپ يول ئاچقان ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەك سانائىتى بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭ «ئامىنە» تەييار چۆپلىرى، «ئابلاجان» نانلىرى ۋە «ئىدرىس» قايماقلىرى بىلەن رىقابەت بەيگىسىدە زەپەر بويىنى كۆرسەتسە، ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر شىپاخانىسى زەربىدارلىقىدىكى ئۇيغۇر تىبابىتى ئۆزىنىڭ دورىگەرلىك، داۋالاش ۋە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق ھەممە تارماقلىرى بويىچە ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىپ، خۇددى «موڭغۇل تىبابىتى» ۋە «زاڭزۇ تىبابىتى» دېگەنگە ئوخشاشلا، ئۆزىنىڭ جۇڭخۇا تىبابىتى سورۇنىدىكى ئورنىنى «ئۇيغۇر تىبابىتى» دېگەن ئالتۇن نام بىلەن يازدۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلماقتا. ئۇيغۇر تىجارىتىمۇ، بۇرۇنقى يەككە تىجارەت ۋە كىچىك يايمىچىلىق، چەرچىنچىلىكتىن، «ئىنچىلار» سودا چەكلىك شىركىتى، «ئىسمائىل» ئۈزۈم پادىشاھى چەكلىك شىركىتى دېگەندەك شىركەتلىشىشكە، تەنھا شىركەتلىشىشتىن شىركەتلەر گۇرۇھى گەۋدىسىنى ھاسىل قىلىشقا تەرەققىي قىلىپ، ئىشسىز ۋە ئاشسىز قالغان قېرىنداشلىرىنىڭ بېشىنى ئۆزلىرى سىلىيالىغىدەك كۆلەم ۋە دەرەم نەكىللەندۇرۇش ئۈچۈن چېلىشماقتا ۋە ئېلىشماقتا.

.. مانا بۇلار ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى يادرولۇقىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تومۇرىدا مەھمۇد كاشغەرىي، ئەلىشىر نەۋائىي كەبىي ئەجدادلارنىڭ قېنى ئۇرغۇپ تۇرغان باش ئەگمەس، بوي بەرمەس ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بوشاشماستىن كۈرەش قىلىشى ئارقىسىدا، تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ھەرئامال بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئالغا سىلجىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ ئايانچىلىق مىساللىرى، خالاس. دېمەكچىمەنكى، تەتقىقات رېئاللىقنى ئېتىبارغا ئېلىشى، «بىرنى بىر دېگۈلۈك» دېگەن ئۇيغۇر سەممىيىتى بىلەن ئەمەلىيەتنى لىللا ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇشى لازىم، ئەلۋەتتە.

ئۈچىنچى، ۋاڭ جېنبېن (王振本) ۋە ئابلا ئەمەت يولداشلار يازغان «شىنجاڭدا ئازسانلىق مىللەتلەرگە ئېلىپ بېرىلغان قوش تىللىق ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتلار» (新疆少数民族双语教学与研究) (بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 2000 ـ يىل نەشرى) ناملىق خەنزۇچە خاس ئەسەر. بۇ ئەسەر مەزكۇر تېمىدىكى تۇنجى خاس ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن تەبرىكلەشكە ئەرزىيدۇ، مۇبارەك بولسۇن! شۇنداقلا، ئەسەرنىڭ بىرىنچى بابىدا بېرىلگەن «شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ تىل ـ يېزىق ئەھۋالى»، «پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىزچىل ھالدا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇچە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە» قاتارلىق پاراگراپلاردا، شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىق ئىشلىتىش ئەھۋالى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىق قوللىنىش مەسىلىسىگە قارىتىپ چىقارغان قانۇن، سىياسەت ۋە بەلگىلىمىلىرى ھۆججەتلىك مول نەقىللەر بىلەن بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇلار تولىمۇ مۇھىم بولغان ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

بىراق، «شىنجاڭدا ئازسانلىق مىللەتلەرگە ئېلىپ بېرىلغان خەنزۇچە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشنىڭ تارىخىدىن ئەسلىمە»، «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ رايوندا ئازسانلىق مىللەتلەر ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان خەنزۇچە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ۋە مۇلاھىزىلەر»، «شىنجاڭدا ئازسانلىق مىللەتلەرگە ئېلىپ بېرىلغان خەنزۇچە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە چارە ـ تەدبىرلەر»، «خەنزۇچە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشنىڭ ئەخلاقىي تەربىيە رولى ۋە ئەقلىي تەربىيە رولى»، «خەنزۇچە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشتا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۇبيېكتىپ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك»، «تىل ئاممىللىرى ھەققىدىكى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش»، «تىل ئىقتىدارىغا تالىق ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش»، «خەنزۇچە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشنىڭ جەريانىغا دائىر بىرقانچە مەسىلە»، «سىناق ئېلىش»، «خەنزۇچە دەرسلىك ماتېرىيالىنىڭ يېزىلىشى»، «خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تەربىيىلىنىشى ۋە تەتقىقات خىزمىتى»، «چەت ئەل تىلى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ساھەسىدىكى ئېقىملار ھەققىدە ئومۇمىي بايان» بولۇپ جەمئىي ئون ئىككى بابتىن تەشكىل تاپقان مەزكۇر «شىنجاڭدا ئازسانلىق مىللەتلەرگە ئېلىپ بېرىلغان قوش تىللىق ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتلار» ناملىق بۇ كىتابتا، ئەمەلىيەتتە قوش تىللىق ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئەمەس بەلكى يەك تىللىق ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش يەنى خەنزۇچە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشلا سۆزلەنگەن. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەزكۇر كىتاب شىنجاڭدىكى خەنزۇ بولمىغان مىللەتلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان خەنزۇ تىلى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشىنى ۋە تەتقىقاتىنىلا بايان قىلغان. شۇڭا، بۇ كىتابنىڭ قايتا نەشرىدە، كىتاب ئىسمىنى «شىنجاڭدا ئازسانلىق مىللەتلەرگە ئېلىپ بېرىلغان خەنزۇچە ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتلار» (新疆少数民族汉语教学与研究) قىلىپ ئۆزگەرتكەن تۈزۈك. پەقەت شۇنداق بولغاندىلا، كىتابنىڭ ئىسمى ئۇنىڭ جىسمىغا لايىق، يەنى كىتاب ماۋزۇسى ئۇنىڭ ئىچىدىكى بايان قىلىنغان مەزمۇندا مۇۋاپىق بولىدۇكى، بۇنى خەنزۇچىدا 名正言顺 (نام يوللۇق بولغاندىلا، گەپ ئاقىدۇ) دەيدۇ!

بۇيەردە، كۆڭۈل بېرىپ مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشىمىزگە ۋە ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ بېقىشىمىزغا ئەرزىيدىغان مەسىلە شۇكى، شىنجاڭدا ئۇزۇن يىللار تىل ـ يېزىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئىلىم ئەھلىلىرىمىز يازغان نوپۇزلۇق خاس ئەسەردە، «قوش تىللىق ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش» ئەمەلىيەتتىكى «خەنزۇ تىلى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشى» دەپ قارالغان. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەزكۇر كىتابنىڭ ئۇيۇشتۇرغۇچى ۋە ئاپتورلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرمۇنچە ئالىملىرىمىزنىڭ نەزىرىدە، «قوش تىللىق

ئوقۇ-ئوقۇتۇش» ۋە «قوش تىللىق مائارىپ» دېگەن گەپ ئەمەلىيەتتە «خەنزۇچە ئوقۇ-ئوقۇتۇش» ۋە «خەنزۇ تىلى مائارىپى» دېگەن بولىدىكەن. ئەمدى، بۇ چۈشەنچە بىلەن «جۇڭگودىكى ئازسانلىق مىللەتلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قوش تىللىق مائارىپ ئاساسلىقى خەنزۇ تىلى( جۇڭگو مىللەتلەر ئاراتىلى) بىلەن ئازسانلىق مىللەتلەر تىللىرىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان مائارىپتۇر» ( قاراڭ: «20-ئەسىر جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلىرى ۋە مائارىپ» ، 337-بەت، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 2002-يىل نەشرى) ، «قوش تىللىق مائارىپ جۇڭگودىكى ئازسانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا يولغا قويۇلغان ئازسانلىق مىللەتلەر تىللىرى ۋە خەنزۇ تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان مائارىپتۇر» ( قاراڭ: يۇقىرىدىكى ئەسەر342-بەت) دېگەن چۈشەنچىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، ئوتتۇرىدىكى پەرق نېمىدېگەن زور-ھە؟! دېمەكچىكى، مانا بۇنىڭدىن ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قوش تىللىق مائارىپ ياكى قوش تىللىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش ساھەسىدىكى تەتقىقاتنىڭ سەۋىيە جەھەتتىن مەملىكىتىمىز مىقياسىدىكى ئومۇمىيەتلىك تەتقىقاتلاردىنمۇ، نۇقتىلىق تەتقىقاتلاردىنمۇ نەقەدەر تۆۋەن تۇرىدىغانلىقى ئوچۇقلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ھالبۇكى، بىز جەزمەن ئەمەلىي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، قوش تىللىق مائارىپ تەتقىقاتى جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى تۈزىتىپ، تەتقىقات سەۋىيىمىزنى مەملىكىتىمىزدىكى ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىقات ۋە نۇقتىلىق تەتقىقات سەۋىيىسىگە چوقۇم يەتكۈزۈشىمىز ۋە ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋېتىشىمىز كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز قوش تىللىق مائارىپىنىڭ ئىستىقبالى پارلاق ئىقبال تامان گۈلدەك ئېچىلىدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىدىكى پاكىتلىق بايانلار، سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشلار ۋە ئۆگىنىشلەردىن يەكۈن چىقىرىپ ئېيتالايمىزكى، قوش تىللىق مائارىپ ياكى قوش تىللىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش دېگىنىمىز ئازسانلىق مىللەتلەر تىللىرى بىلەن خەنزۇ تىلىدا ئوخشاش قىممەتتە ئېلىپ بېرىلىدىغان مائارىپ ۋە ئوقۇ-ئوقۇتۇشنى كۆرسىتىدۇ؛ قوش تىللىق مائارىپنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ھەرگىزمۇ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە يوقىتىش ئەمەس، بەلكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقلىرىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، خەنزۇ تىلى بىلەنمۇ ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىپ، ئازسانلىق مىللەتلەر زىيالىيلىرىنى «ئانا تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىدا ئوخشاشلا ماھىر» (民汉兼通) قىلىپ يېتىشتۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت. ھالبۇكى، قوش تىللىق مائارىپتا ، ئازسانلىق مىللەتلەر تىل-يېزىقلىرى بويىچە ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش بىلەن خەنزۇ تىلىدا ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىشقا تەڭ قىممەتتە ئوخشاش ئەھمىيەت بەرگەندىلا، ئاندىن ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، قوش تىللىق مائارىپ پەقەت ئازسانلىق مىللەتلەر تىل-يېزىقلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئالدىنقى شەرتىگە كاپالەتلىك قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» دا بەلگىلەنگەن «جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل-يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكە ئىگە» دېگەن قانۇنىي بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن ئىش بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقلىرى ھەرقانداق باھانە ۋە سەۋەب بىلەن چەكلەنسە ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا، بۇ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىنغان خاتا ئىش بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ، سەممىيەت بىلەن ئېيتىمىزكى، بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا «ئالىي مەكتەپ، ئىنستىتۇت ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملاردا، پەۋقۇلئاددە كەسپلەردىن باشقا بارلىق كەسپلەردە ، خەنزۇ تىلى بىلەن ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىشنى قەدەممۇ قەدەم ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك» دېگەن پىكىر بويىچە يولغا قويۇلغان ئەمەلىيەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇرتىل-يېزىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەدبىرى«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» دا بەلگىلەنگەن «ئازسانلىق مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تىل-يېزىقلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە» دېگەن قانۇنىي بەلگىلىمىگە ئېنىق ھالدا خىلاپلىق قىلىنغان خاتا تەدبىردۇر. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىمكان بار بالدۇرراق تۈزىتىلىشىنى چىن كۆڭلىمىزدىن ئۆتۈنۈپ سورايمىز. چۈنكى، بىر مىللەتنىڭ تىل-يېزىقى ئالىي مائارىپتا قوللىنىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىدى دېگەنلىك، ئەمەلىيەتتە ئۇ مىللەتنىڭ تىل-يېزىقى تەرەققىي قىلىش ئىمكانىدىن مەھرۇم قىلىنىدى دېگەنلىك بولىدۇ. پاكىت شۇكى، بۈگۈنكى دۇنيادا ھەقىقىي تەرەققىيات پەقەت ئالىي مائارىپ ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشىدۇ، ئەلۋەتتە. ھالبۇكى، بىز ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزئانا تىلىمىزنىڭ يادرولۇقىدا شەكىللەنگەن ۋە ئۇيغۇر تېبابىتى، تىجارىتى، سانائىتى ۋە ئەدەبىيات-سەنئىتى. . قاتارلىق كۆپ شاخچىلار بىلەن ئىپادىلەنگەن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىمىزنىڭ جۇڭخۇا ئېلىدىكى زاڭ، موڭغۇل ۋە چاۋشيەن قاتارلىق قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە ئوخشاشلا ئالىي مائارىپ سورۇنىدا ئۆز تىل-يېزىقىمىز بىلەنمۇ ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش، شۇئارقىلىق ھەقىقىي يۈسۈندىكى تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇشنى جانۇكۆڭۈلدىن خالايمىز.

يەنە شۇنداق قارايمىزكى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا ، ئەمەلىيەتتىكى ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى ئالىي مائارىپ سورۇنىدا ئەمەلدىن

قالدۇرۇشتىن ئىبارەت خاتا تەدبىرنى يولغا قويۇشنىڭ ھەقىقىي جاۋابكارى بىزنىڭ رەھبەرلىرىمىز ئەمەس، بەلكى بىز زىيالىيلار، خۇسۇسەن ، بىز تىل-يېزىق خىزمىتى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان زىيالىيلار بولۇشىمىز كېرەك. چۈنكى، ئەگەر بىز تىل-يېزىق خادىملىرى تەتقىقاتنى ياخشى قىلىپ، مەملىكىتىمىزدە يولغا قويۇلغان قوش تىللىق مائارىپىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقلىرىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا ، خەنزۇ تىلى مائارىپىنىمۇ ماس قەدەمدە كۈچەيتىپ، ئازسانلىق مىللەتلەر زىيالىيلىرىنى ھەم ئۆز ئانا تىلىنى ھەم خەنزۇ تىلىنى ئوخشاشلا سۇدەك بىلىدىغان ۋە ماھارەت بىلەن قوللىنالايدىغان قوش تىل ئەھلى (زۇل-لىسانەين) قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان ئاقىلانە ياخشى مائارىپ ئىكەنلىكىنى ھەقىقىتى بىلەن، دەسلەپ ئۆزىمىز ياخشى چۈشىنىپ، ئاندىن ئۇنى باشلىقلىرىمىزغىمۇ ئوبدان چۈشەندۈرەلىگەن بولساق، بەلكىم رەھبەرلىرىمىز ئۇنداق خاتا پەرمان چۈشۈرۈپ تاشلىمىغان بولاتتى ۋە بىزمۇ بۈگۈنكى بۇ بەجايىكى ئانا تىلىنىڭ چەكلىنىشىدەك راھەتسىز ۋە ئەندىشىلىك ئېغىر ۋەزىيەتكە قالمىغان بولاتتۇق.

خەيرىيەت! «قوتاننى بىر قوي قاچقاندىن كېيىن تۇزەتسەڭمۇ كېچىككەن بولمايسەن» دەيدۇ ئۇيغۇر بوۋايلار. ھېلىھەم بولسىمۇ دەرھال ئۆزىمىزگە كېلىپ، ھېلىقىدەك بىھۇدە، تاپا-تەنىلىك ۋايساشلارنى قويۇپ، تەتقىقاتنى ۋىجدانەن ياخشى ئېلىپ بارساق، يەنى قانۇن-سىياسەتلەرنىمۇ، خەلقىمىزنىڭ ئارمان-ئارزۇسىنىمۇ، ياش ئەۋلادلىرىمىزنىڭ گۈزەل كېلەچەك يارىتىشقا ئاتىغان قەتئىي ئىرادىسىنىمۇ ياخشى تەتقىق قىلساق، تەتقىقات بىلەن ئەمەلىيەتنى چەمبەرچەس بىرلەشتۈرۈپ، رىقابەت ئىچىدە دولقۇن يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلىسەك، بۇھالدا، ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنىڭ ئالىي مائارىپ مۇنبىرىنىمۇ ئۆزئىچىگە ئالغان پۈتكۈل مەدەنىيەت سورۇنىدىكى ھەقلىق ئورنىنى جەزمەن قوغداپ قالالايمىز ۋە ئۇنى ھەقلىق رەۋىشتىكى تەرەققىيات ئىستىقبالىغا يۈزلەندۈرەلەيمىز.

بىز ئۇيغۇرلار كومپارتىيىنىڭ ئادالىتىدىن ھېچقاچان شەكلەنگەن ئەمەسمىز. ئەللىك ئۈچ يىللىق شانلىق مۇساپىلىك يولدا، گاھى-گاھى يولغا قويۇلۇپ قالغان خاتا سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى كومپارتىيىنىڭ ھەممىشە ۋاقتى-ۋاقتىدا تۈزىتىپ كەلگەنلىكىنىمۇ ئوبدان بىلىمىز. ھالبۇكى، بۈگۈنكى كۈندىمۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن يولغا قويۇلۇپ قالغان مەزكۇر ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى ئالىي مائارىپ سورۇنىدا ئىشلىتىلىشتىن قالدۇرۇشتەك تەدبىرنىمۇ جەزمەن ۋاقتىدا تۈزىتىپ بېرىدۇ، دەپ يۈزدە يۈز ئىشىنىمىز!

## خاتىمە

دەرۋەقە، بىزدە قانۇندىن تولاراق سىياسەت بويىچە ئىش بېجىرىلىدۇ. يەرلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى تەرىپىدىن ھۆججەت قىلىپ چۈشۈرۈلگەن بىر قارارنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان قانۇن ماددىلىرىغا ئۇيغۇن بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش گويا پۇقرالارنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەستەك كۆرۈلىدۇ ۋە كۆرسىتىلىدۇ.

بىراق باش شۇجى جياڭ زېمىن يېقىندا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇن خەزىنىسى» ( 中华人民共和国法库数 ) دېگەن كىتابقا يېزىپ بەرگەن كىرىش سۆزىدە «دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش» دېگەن ستراتېگىيىلىك ئىدىيىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسەتكەن. داھىمىزنىڭ بۇ دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ تەلىماتىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بولغاچقا، بۇ ئەسەرنى يېزىپ، خەلقنىڭ ئوچۇق مۇھاكىمىسىگە قويۇشقا جۈرئەت قىلدۇق.


ئەگەر دېگەنلىرىمىز توغرا بولسا، ئاۋاز قوشۇشقا مۇشەررەپ بولساق؛ ناۋادا خاتا دەپ تاشلىغان بولساق، تەنقىدكە مۇيەسسەر بولساق. بۇ ھەر ئىككى ئەھۋالدا ئەل خۇمار قولىمىز خەلق سۆيەر كۆكسىمىزدە. مانا بۇ بىزنىڭكى كۆڭۈلدىكى سۆزىمىز. تەبىئىيكى، بۇنىڭغا جاۋابكار ۋىجدانىمىز، ئۆزىمىز!

2002-يىل 5-نويابىر، شەھىرى بېيجىڭ

---

ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدا(M1)

بېكىتكۈچى: مۇھەممەت زۇنۇن (پروفېسسور، ش ئۇ ئا ر تارىخ، مەدەنىيەت سارىيىنىڭ تەتقىقاتچىسى، ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ سابىق نازىرى، ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان نازارەتچىسى)



# زىيالىيلارغا نېمە بولدى؟

## ـ ئېدۋارد سەئىدنىڭ «زىيالىيلار» ناملىق كىتابىنى ئوقۇغاندىن تەسىرات

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي

شائىر ل. مۇتەللىپ 16 يېشىدا يازغان « ئەپەندى بولماق» دېگەن ساتىراسىدا « تېشى پال-پال، ئىچى غال- غال» ئەپەندى قىياپىتىگە كىرىۋالغان ساختىپەزلەرنى تەنقىد قىلغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا جەمئىيەتنىڭ بىلىملىك قاتلىمى سانالمىش زىيالىيلارنى تەنقىد قىلىدىغان« نەپسىگەر سۇرەتكە كەلسە، سۇرىتى ئاخۇن كېلۇر» ، « سەللە يوغان ئىمان يوق» ، « بولدى بۇگۈن بىزگە يولباش بىئىناۋەتلەر كېلىپ، مەسچىتلەرگە بولدى ئىمام بىتاھارەتلەر كېلىپ» دېگەندەك ئاچچىق مەسخىرە بىلەن سۇغۇرۇلغان ئاچچىق ھەقىقەتلەرنىمۇ ئاڭلاپ كېلىۋاتىمىز. بۇ ئەھۋالدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەيلى ل. مۇتەللىپ ياشاپ، ئىجاد قىلغان 20-ئەسىرنىڭ 30-، 40- يىللىرى بولسۇن ۋە ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى، كېيىنكى دەۋرلەر بولسۇن خەلقىمىزدە ئۆز زىيالىيلىرىغا تەنقىدىي نەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بىر روھ مەۋجۇد بولغان. بۇ روھنىڭ مەۋجۇدلۇقى خەلقىمىز روھىدىكى ئىككى مەسىلىنىڭ بىۋاسىتە ئىنكاسىدۇر. بىرىنچى مەسىلە، خەلقىمىز زىيالىيلارنىڭ بىر مىللەت تەرەققىياتىدا ئوينايدىغان رولىنى ئىلمىي تونۇپ يەتكەن. ئىككىنچى مەسىلە، خەلقىمىزنىڭ زىيالىي قاتلىمى ئەزەلدىن ساغلام بولمىغان. بىر مىللەت زىيالىي قاتلىمىنىڭ ساغلام بولماسلىقى نورمال ئىش، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن. لېكىن زىيالىيلارنىڭ مىللىي تەرەققىياتتىكى رولىنى ئىلمىي تونۇش، بۇ بىر مىللەتنىڭ ساپاسىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. چۈنكى بۇ تونۇشنىڭ يۇزەكى ياكى چوڭقۇرلۇقى مىللەتنىڭ ئەمەلىيىتىدە ئەكس ئەتمەي قالمايدۇ. زىيالىي ـ مىللەتنىڭ كاللىسى ياكى كۆزى دېمەكتۇر. بۇ كاللىنىڭ سەل دەردى بولسا، كۆز نورمال كۆرمىسە، بۇنداق كاللا ۋە كۆز مەنسۇپ بولغان تەن ھامان تەرەققىيات يولىدىكى غالىب ئەمەس، ھەممە يېرىنى جاراھەت باسقان بىر بىچارە بايقۇشتۇر. ئىلمىي تونۇش ئەڭ ساغلام كاللا ۋە ئۆتكۈر كۆزگە ئېرىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ساغلام بولمىغان زىيالىيلار قوشۇنىنى داۋالاپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ئاكتىپ ئامىللىرىغا ئايلاندۇرۇشنىڭ كاپالىتى. تونۇيالماسلىق، كېسەل تۇرۇپ ئۆزىنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى بىلەلمەسلىك ـ تراگېدىيە ياكى تراگېدىيىنىڭ باشلىنىشى. چۈنكى بىزدە« ئەقىلسىز باشنىڭ جاپاسىنى پۇت تارتىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك گەپ بار.

بىر خەلقتە مەلۇم دەۋردىكى زىيالىيلارنىڭ جانلىنىشى شۇ خەلقنىڭ جانلىنىشىنى پەيدا قىلىدۇ. زىيالىيلاردىكى بۇرۇقتۇرمىلىق دەۋرنىڭ بۇرۇقتۇرمىلىقى ۋە غېرىبلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. زىيالىيلاردىكى بىچارىلىك دەۋرنىڭ چىرايىدا مەغلۇبىيەت، خارلىق بىلەن ئەكس ئېتىدۇ.

ئۇنداق بولسا زىيالىي دېگەن نېمە؟ ل. مۇتەللىپنىڭ ساتىراسىدىكى ئەپەندى ـ زىيالىيدۇر. سەللىسى يوغان موللام، نەپسىگەر (نەپسانىيەتچى) سۇرىتىدە كېلىدىغان ئاخۇم ھەم زىيالىيدۇر. تېخىمۇ چۈشىنىشلىك قىلىپ ئېيتقاندا، شۇ مىللەتنىڭ تەقدىرىنى بىۋاسىتە قولىدا تۇتۇپ تۇرغان ياكى تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان گەۋدىدىكى باش ۋە كۆزگە، قۇلاق ۋە بۇرۇنغا، يۈرەككە ئوخشايدىغان كىشىلەر زىيالىيدۇر. تېخىمۇ ئېچكىرىلەپ كىرگەندە، خەلقنىڭ دىلىغا ئىلىم سالىدىغان ئوقۇتقۇچىلار، خەلقنىڭ ئېتىقادىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان موللا-ئاخۇنلار، خەلقنىڭ روھىنى لايىھىلەيدىغان پەيلاسوپ ـ ئەدىبلەر، خەلقنىڭ سىياسىي - ئىقتىسادىغا يولباشچىلىق قىلىۋاتقان باشلامچى

سىياسىيئونلار زىيالىيدۇر. زىيالىي دېگەن سۆزنىڭ بىر دەۋردىكى مەنىسى بىلەن يەنە بىر دەۋردىكى مەنىسى كۆرسىتىدىغان دائىرە ئوخشاش بولمايدۇ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن بۇرۇن ئاساسەن تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى مەكتەپلەرنى تۈگەتكەنلەر زىيالىي ھېسابلىناتتى. بىر چاغلاردا ساۋاتلىقلار زىيالىي ھېسابلىنىدىغان بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىن ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالىدىغانلار زىيالىي دەپ قارالدى. ھازىر ئوقۇتقۇچىلار، تار مەنىدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، مەلۇم كەسىپنىڭ ۋايىغا يەتكەن ئۇستىلىرى زىيالىي ئاتىلىدىغان بولدى. قىسقىسى، زىيالىي دېگەن گەپ رېزىنكىگە ئوخشاش سوزسا سوزۇلىدىغان، قەيەرگە تارتسا شۇ يەرگە تارتىلىدىغان بىر ئاتالغۇغا ئايلىنىپ قالدى. زىيالىي نامىدىكى كىشىلەرنىڭ بارغانسېرى ئاۋۇپ، ئەكسىچە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ بارغانسېرى ئاستىلاپ كېتىشى، زىيالىي بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ جەمئىيەت نەتىجىلىرىدە توغرا ئەكس ئەتمەسلىكى، كىشىلەردە زىيالىي دېگەن ئاتالغۇغا نىسبەتەن بىزار بولۇش كەيپىياتىنى پەيدا قىلدى. ھەتتا كىشىلەر جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن ئوسال ئىشلارنى زىيالىيغا دۆڭگەيدىغان، زىيالىينى تىللايدىغان ئەھۋاللارمۇ كېلىپ چىقتى. بەزى جايلاردا زىيالىي دېگەن سۆز ئەخمەق - دۆت دېگەن سۆزنىڭ ۋارىيانتىغا ئايلىنىپ قېلىشقا ئاز قالدى.

ئۇنداق بولسا سوئالىمىزنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىساق: زىيالىي دېگەن نېمە؟ زىيالىي زادى قانداق بولۇشى كېرەك؟ ماقالىمىزنىڭ مەقسىتى دەل مۇشۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش؛ ئۆزىنى زىيالىي دەپ ھېسابلاپ يۈرگەن كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ زىيالىي ياكى ئەمەسلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم كۆرسىتىپ بېرىشتۇر. بۇنداق قىلىشنىڭ پايدىسى شۇكى، زىيالىي دېگەن كاتتا نامغا ئىگە بوپقالغان، بۇ نامنىڭ ۋەزنىنىڭ ئېغىرلىقىدىن مۈكچىيىپ كەتكەنلەرنىڭ قەددىنى رۇسلاپ قويغىلى، كىشىلەرگە كىمنىڭ ھەقىقىي زىيالىي ئىكەنلىكى، زىيالىي بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەنلەرگە بولسا، زىيالىيلىق يولىنى كۆرسىتىپ قويغىلى بولىدۇ.

1935- يىلى قۇددۇس شەرىف (ئېروسالىم) تە تۇغۇلغان، ھازىر ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئېدۋارد سەئىد بۇ ھەقتە خېلى كۆپ ئىزدەنگەن. پەلەستىننىڭ ئالاھىدە ئىجتىمائىي شارائىتى، خەلقىنىڭ تەقدىرى ئەڭ خەتەرلىك ئەھۋالغا دۈچ كەلگەن چاغلار سەئىدنى زىيالىي مەسىلىسى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشقا مەجبۇر قىلغان. 1994- يىلى بۇ ئىزدىنىشلىرىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە «زىيالىيلار» دېگەن كىتابىنى ئېلان قىلغان.

ھەقىقەت ئۈچۈن شەخسىيەتسىزلىك بىلەن ئۆزىنى پىدا قىلالايدىغان، چىرىكلىككە جەڭ ئېلان قىلالايدىغان، ساغلام بولمىغان نوپۇزغا قارشى تۇرالايدىغان كىشىلەر ھەقىقىي زىيالىيدۇر، دەيدۇ ئېدۋارد سەئىد.

ئۇنىڭ كۆرسەتمەكچى بولغىنى دەل بىز زىيالىي دەپ قاراۋاتقان توپ ئىچىدىكى يۇقىرىقى خىسلەتكە ئىگە كىشىلەردۇر. بىز بۇ ئۆلچەم بويىچە خەلقىمىز ئىچىدىكى زىيالىي ماركىسىدا ياشاۋاتقان كىشىلەرگە نەزەر سالساق، بىر چاغلاردا بىزگە ناھايىتى كۆپ كۆرۈنگەن زىيالىيلار توپى تېزلا شالاڭلىشىپ كېتىدۇ. چۈنكى بىزگە مەلۇم، مەن «شەرق بىلەن غەرب ئارىلىقىدا» (ژۇرنىلىمىزنىڭ 2001- يىل 5- سانىغا بېسىلغان . - مۇھەررىردىن) ناملىق ماقالەمدە ئېيتقاندەك، مىللىتىمىز گېرمان پەيلاسوپى نېتزىنىڭ: «يوقالسۇن ئاجىزلار!» دېگەن چاقىرىقىغا تەڭداش «ياۋاشنى بۆرەك ئەتمەسەڭ قىيامەتتە سورىقى بار» ئەقىدىسىگە نېتزىنىڭ ئوخشاش مەنىلىك گېپىدىن نەچچە يۈز يىل بۇرۇن ئەمەل قىلىپ كەلگەن بىر قەۋمدۇر. ئەلۋەتتە ئاجىزلار يوقالسا، دۇنيادا كۈچلۈكلەر ئېشىپ قالىدۇ. قارىماققا بۇ ئەقىدە دۇنيانىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىدىن، ھەممىنىڭ كۈچلۈككە ئايلىنىش ئارزۇسىدىن قارىغاندا ناھايىتى توغرىدەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما ئوبدان ئويلاپ باقساق، بۇ گەپ بىر ئەكسىيەتچى، دۇنيانىڭ يارىلىش، مەۋجۇد بولۇش ئەندىزىسىگە خىلاپ ئەقىدىدۇر. چۈنكى دۇنيانىڭ يارىلىش نۇقتىئىينەزىرىدىن قارىغاندا، ئاجىزلار بىلەن كۈچلۈكلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئەينەك بىلەن ئۇنىڭغا قارىغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتىدۇر. ئاجىزلار بولمىسا كۈچلۈكلەرنىڭ مەۋجۇد بولمايدىغانلىقى ھەقىقەت. ئەڭ توغرا ئەقىدە ئاجىزلارنى يوقىتىش ئەمەس، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشتۇر. بىزدە ئاجىزلارنى قوغداپ يۆلەيدىغانلار قانچىلىك؟ ئاجىزلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ سەت كۈلىدىغانلارچۇ؟

ھەقىقەت ئۆز جان پىدالىرى ئەڭ كۆپ جايدا ئەڭ كۆپ بولىدۇ. جان پىدالىق ئارقىلىق ھەقىقەت ئۆز مەنىسىنى تاپالايدۇ. ھەقىقەت ئۈچۈن جان پىدا قىلالايدىغان كىشىلەر بۇ جەمئىيەتتە قانچە ئاز بولسا ئۇلارنى ئوراپ تۇرغان سەپسەتە، ساختىلىق شۇنچە كۆپ بولىدۇ. كۆزىمىز بارغانسېرى سەپسەتە بىلەن ساختىلىقنى ھەقىقەت دەپ قاراپ قالىدىغان بولىدۇ ۋە ئەتراپىمىز ھەقىقەت بىلەن سەپسەتە ئاستىن - ئۈستۈن بوپكەتكەن دۇنياغا ئايلىنىدۇ. بىزنىڭ ھەقىقەتكە جان پىدا قىلىش دەرىجىمىزنى ئېرىشكەن ھەقىقىتىمىز ئارقىلىق ئۆلچىگىلى بولىدۇ. ھەقىقەتكە قانچە كۆپ ئېرىشكەن بولساق، بۇ بىزدە ھەقىقەت

پىداكارلىرىنىڭ كۆپلىكىنىڭ ئىسپاتى. ئاز ئېرىشكەن ياكى ئېرىشەلمىگەن بولساقچۇ؟ ھەقىقەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيدىغان بوپقالساقچۇ؟ بۇ ئۆلچەمدىن قارىغاندا بىزدە زىيالىي زادى قانچىلىك؟

ساغلام بولمىغان نوپۇزغا قارشى تۇرالايدىغان كىشىلەر نۇقتىسىدىن قارىساقچۇ؟ ساغلام بولمىغان نوپۇز - خاتا، ساختا، ھەقىقەتنى يوقاتقان نوپۇز دېمەكتۇر. بىزدىكى «سىڭگەن نېنىنى يېيىش»، «مازارغا چالما ئاتماسلىق»، «سەۋر قىلىش» ئەقىدىسىدىن مەلۇمكى، بىزدە بۇنداق كىشىلەر تېخىمۇ ئاز. يۇقىرىقى ئەقىدىدىن ئادەملىرىمىزنىڭ ساغلام بولمىغان نوپۇزغا بولغان كۆز قارىشىنى، تەسلىمچىلىكىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس. تەسلىمچىلىك يۇراپ تۇرغان بۇ كۆزقاراشلارنىڭ رىئاللىقتىكى ئىپادىلىرى شۇنچە كۆپكى، ئېچىڭىز ئېلىشىدۇ. ساختا مازار خوجاملار ماڭدامدا بىر يۇتلىشىپ، تېنىڭىزنى شۈركەندۈرىدۇ. ساختا نوپۇز ئىگىلىرى مەنپەئەت بۆلىدىغان چۆمۈچلىرىنى تاراڭشىتىپ، ئۇۋچىسى يوق جاڭگال كەبي خاتىرجەم ۋە بەھوزۇر ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلىدۇ. ناۋادا سىز ئۇلارنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتۈپ قالسىڭىز ياكى ئۇلاردىكى نوپۇزنىڭ چىن ياكى ساختىلىقى ھەققىدە خىيالغا چۆكۈپ قالسىڭىز، شۇ ھامان ئەتراپتىكى چىۋىن قورۇيدىغان غالچىلارنىڭ ۋە مەيدانىنىڭ تايىنى يوق، قايسى ئېقىم ئۇلۇغ بولسا شۇنىڭغا قېتىلىپ «خانلەيلۇن»نى توۋلاپ كېتىۋېرىدىغان قاپاق نوچىلارنىڭ تاپا-تەنىسىگە قالىسىز. مۇسۇلمانىمىز، شەخسكە چوقۇنمايمىز دېيىشىدۇيۇ، شۇنداق قىلغانلارنى كۆزىگە سىغدۇرالمايدۇ. ساختا نوپۇز ئىگىلىرىنى خۇداغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا تاسلا قالىدۇ. بۇ خىل مەمەدان مىجەز ئارىمىزدا شۇنداق ناچار كەيپىيات پەيدا قىلغانكى، بەزىدە تارىختىكى ئەڭ ئەشەددىي خائىنلارنىمۇ تارىخنىڭ چەكلىمىلىكى نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ، ئاقلاپ ئاقارتىۋېتىپ، قەھرىمانغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا تاس قالىمىز.

ساختا نوپۇزنىڭ زەھەرلىك سايىسىدا ھەقىقەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتقان كىشىلەر توپىدىن زىيالىي تەمە قىلىش، ئېدۋارد سەئىد تەسۋىرلىگەن زىيالىيلارنى تاپماقچى بولۇش بەڭگىنىڭ خىيالىمۇ قانداق؟ زىيالىي مەۋجۇد بولسىمۇ، ئۇلار سايىنىڭ ئاستىدا ئەمەس، سايىلارنى پارا- پارا قىلىپ تاشلايدىغان قۇياشنىڭ يورۇقىدا بولۇشى مۇمكىن.

مۇستەقىل خاراكتېر ۋە تەپەككۇرغا ئىگە، نوپۇز ئالدىدا راست گەپ قىلىشقا پېتىنىدىغان باتۇر، غەزەپلىك ۋە چۇس مىجەز كىشىلەر ھەقىقىي زىيالىيدۇر، دەيدۇ ئېدۋارد سەئىد. بۇنداق كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، نوپۇز ئىگىسى مەيلى قانچىلىك كىچىك بولسۇن بەرىبىر، خاتالىق ئۆتكۈزسە تەنقىد قىلىنىۋېرىدۇ.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە يازغۇچى شولوخوفنىڭ مۇستەبىت ستالىن ئالدىدا راست گەپ قىلىشقا پېتىنغىنى كىتابخۇمار زور كۆپچىلىك ئادەمگە سىر ئەمەس (ليۇشاۋچىنىڭ ماۋزېدۇڭغا خەلق كوممۇنىستىنىڭ نۇقسانلىرى ھەققىدە راست گەپ قىلغانلىقىمۇ بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر. — مۇھەررىردىن). ئەمما شۇ چاغدا مەشھۇر پرولېتارىيات يازغۇچىسى گوركىي شولوخوفنىڭ داھىيغا گەپ ياندۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تىترەپ كەتكەن... ئۇنداقتا بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى ھەقىقىي زىيالىي؟ ئەلۋەتتە گوركىي چار پادىشاھ دەۋرىدە قولغا ئېلىنغان، ئۇنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە قاراتقان تەنقىدلىرى ئۇنىڭغا شۇنداق تەقدىرنى سوۋغا قىلغان. لېكىن ئۇنىڭ يەنە بىر مۇستەبىت ستالىن دەۋرىگە كەلگەندە قورقۇپ تىترەپ كېتىشلىرىچۇ؟

نوپۇز ئالدىدا راست گەپ قىلىش بەكمۇ قىيىن، ئەمما شەرەپلىك ئىش. يالغان ئېيتىش ناھايىتى ئاسان، ئەمما بۇ ئىللەت كىمگە كۆپرەك زىيان يەتكۈزىدۇ؟ نوپۇز ئىگىسىنى بىر ھاكىمىيەت دەپ قارىغاندا، زىيان شەخسكە قارىغاندا كوللېكتىپقا تېخىمۇ ئېغىر ۋە پاجىئەلىك بولىدۇ. راست سۆزلەش، تەنقىدچۇ؟ يېغىرىغا تەگكەندەك قىلغىنى بىلەن نوپۇز ئىگىسىگە ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىش پۇرسىتى بېرىدۇ. نوپۇز ئىگىسىنى شۇئارقىلىق ئۆزىگە ئوبيېكتىپ باھا بېرىش ئاكتىپلىقىغا ئېرىشتۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى ئوڭشىۋالىدۇ، تېخىمۇ قۇدرەت تاپىدۇ.

شەخس نۇقتىسىدىن قارىغاندا، نوپۇز ئىگىسى ئالدىدا راست گەپ قىلىش - تەنقىدلەشكە پېتىنىش بەزى ھاللاردا شەخسكە ئاپەت ئەكەلسىمۇ، شۇ شەخسنىڭ روھى بىر چىراغ كەبي نۇرغۇن كىشىنىڭ قەلبىنى يورۇتىدۇ. ئامەت ئەكەلگەندە بولسا، ئىككىلا تەرەپ غەلىبە شادلىقىدىن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ. مەسىلەن، شائىر روزى سايىت نوپۇزغا جەڭ ئېلان قىلىشقا پېتىنغان، دېھقانلارنىڭ قالايمىقان سېلىق، يەرلىك ناتوغرا سىياسەت دەستىدىن ئازاب تارتىۋاتقانلىقىنى ئوچۇق - ئاشكارا دېيىشكە پېتىنغان شائىر ئىدى. شائىرنىڭ «دېھقان بولماق تەس» دېگەن بىر قاتار شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە ئارتۇق ئويلاپ سالىدىغان بەزى كىشىلەر ئەندىشىمۇ قىلغانىدى. ئاقىۋەتتىچۇ؟ شائىر راك كېسىلى بىلەن ئاغرىپ ياتقاندا دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمايىل ئەھمەت ئالاھىدە يوقلاپ كەلدى، غەمخورلۇق قىلدى. بىر دۆلەت رەھبىرىنىڭ

بىر شائىرغا، بولۇپمۇ تەنقىدكە ئامراق شائىرغا تۇتقان شۇنداق ياخشى پوزىتسىيىسى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ مەتبۇئاتچىلىقىمىزدىمۇ بۇنداق ئەھۋاللار مەۋجۇت. نۇرغۇن باش مۇھەررىرلەر خاتىرە كۈن - بايراملارنى قەسىدە بىلەن تولغان يالتىراق ئايەملىك شېئىرلار بىلەن تەبرىكلەپ، كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا بىزارلىق پەيدا قىلىۋاتىدۇ. دۆلەت ۋە خەلق ئالدىدا مەسئۇلىيەتچان بەزى ئاز ساندىكى باش مۇھەررىرلەر بولسا خەلق تۇرمۇشىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن، تەنقىد روھىغا باي ئەسەرلەر بىلەن چىن كۆڭلىدىن تەبرىكلەيدۇ. دۆلەتنىڭ بايراملىرىغا ئېسىل ئەسەرلەر بىلەن ئەمەلىي سوۋغا تۇتىدۇ. بۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەمەلىي نەتىجە يالتىراق شوئارلاردىن مىڭ ياخشى. ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن گېزىت - ژۇرناللار ئۆز سەھىپىسىنى دۆلەتكىمۇ، خەلققىمۇ مەنپەئەت يەتمەيدىغان، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالدايدىغان قۇرۇق سەپسەتە، يالغان گەپ، پوچەك مەزمۇنلار بىلەن تولدۇرۇپ، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ كەسكىن كۈرەش تاينىمىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، قۇيرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە ساتىدۇ، دۆلەتنىڭ مەبلىغىنى ئىسراپ قىلىدۇ. بۇنداق كىشىلەر زىيالىيمۇ ياكى ساختىپەزمۇ؟

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى تەن ستۇڭ، كاڭ يۇۋېي قاتارلىق ئىلغار خەنزۇ زىيالىيلىرى ئەينى دەۋر ۋەزىيىتىنى توغرا تەھلىل قىلىپ، چىڭ ھۆكۈمىتى ئالدىدا راست گەپ قىلىپ، قانۇن ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلارنىڭ تەشەببۇسى چىڭ ھۆكۈمىتىگە ياقماي تەن ستۇڭ جازا مەيدانىدا قۇربان بولدى. لېكىن راست گەپ خۇشياقمايدىغان چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىچۇ؟ ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتمەي ئەسكى تامدەك غۇلاپ چۈشتى. تەن ستۇڭنىڭ تەشەببۇسى ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئاخىرى ئۇنۇم بەردى. ھەقىقەتەن تەن ستۇڭنىڭ قېنى بىكارغا ئاقمىدى. بىرىنچىدىن، تەنقىدنى قوبۇل قىلالمىغان چىڭ ھۆكۈمىتى غۇلاپ چۈشتى. ئىككىنچىدىن، خانلىق غۇلاپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلۇپ تەن ستۇڭنىڭ ئىدىيىسى تېخىمۇ ياخشى ھاكىمىيەت ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشتى.

ھەممىلا ئادەمدە نوپۇزغا قارشى تەنقىد قىلغۇدەك جىگەر بولۇشى ناتايىن. ئەمما زىيالىيدا بۇنداق جىگەر بولۇشى، ئەگەر بولمىغاندا تەنقىد قىلالىشقا پېتىنالمىسىمۇ راست گەپ قىلغۇدەك ماغدۇرى، راست گەپ قىلالىشقا پېتىنالمىسا، راست گەپنى قوللىغۇدەك، تىڭشاپ بەرگۈدەك جۈرئىتى بولۇشى لازىم. بۇنداق قىلغاندا ئۇلارنى پۈتۈنلەي زىيالىي دېگىلى بولمىسىمۇ، زىيالىي ئەمەسلەرنىڭ تۈپىغا ھەم ئىتتىرىپ قويغىلى بولمايدۇ. ھەر ھالدا بۇنداق بولۇشىنىڭ نەتىجىسى زىيالىي بولالمىغاندىن ياخشىراق.

« زىيالىيلار ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە كىشىلەردۇر. ئۇلار جارىستاندا مەلۇم كۆز قاراشقا ۋەكىللىك قىلىپ، قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ- خەتەردىن قورقماي، ئۆز كۆز قارىشىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئىپتىشقا جۈرئەت قىلالايدۇ» دەيدۇ يەنە ئېدۋارد سەئىد.

ھازىرقى جارىستان مەتبۇئاتتۇر. ھازىر بىزدە قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ - خەتەردىن قورقماي جارىستاندا ئۆز كۆز قارىشىنى ئوچۇق - ئاشكارا دېيىشكە پېتىنىدىغان ئەدىبتىن زادى نەچچىسى بار؟ بەزىلەر بىز دېسەكمۇ مەتبۇئات قوبۇل قىلمىسا قانداق دېيەلەيمىز، دېيىشىدۇ. ئۇ بىر باھانە. دۇنيادا مەلۇم مەقسەتنى ئۇقتۇرۇشنىڭ بىرلا خىل ئۇسۇلى بولغان ئەمەس. مەتبۇئات قوبۇل قىلالايدىغان ئۇسۇللارنى تېپىش، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى ئىپادىلەش دەل سەنئەتتۇر، بەدىئىيلىكتۇر. دېمەك، بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ھەممە ئەدىب زىيالىي بولالامدۇ؟ ناتايىن.

زىيالىي ئېغىزىدا سۆزلىگۈچىلا ئەمەس، ئۆز ئەقىدىسىنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرغۇچىدۇر، دەيدۇ سەئىد. ئۇنىڭ قارىشىچە، سۆزلەش نۇرغۇن ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. ئەمما ئەقىدىسىنى ئۆز ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. « بىزدە موللا جىق يەردە قوي ھارام» دېگەن ھېكمەت بەلكىم مۇشۇ ھالغا تەمسىل قىلىنغان بولسا كېرەك.

خەلقىمىزنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى سۆزلەشكە ئامراق، ھەرىكەتكە ناقىسلىقتۇر. بىزدە سۆزلىگۈچىلەر ھەقىقەتەن تولا. سۆزلەش ئۆلچىمى بويىچە زىيالىيلارنى تونۇپ چىقىدىغان بولساق ساناق يەتمەيدۇ. ھەرىكەت ئۆلچىمى بويىچە تونۇغاندا ساناپ- ساناپ بارماق تۇشمايدۇ. « موللىنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما» دەيدۇ شۇڭا كونىلار.

ئەڭ بۈيۈك ھەقىقەتمۇ سۆزلىنىپ ھەرىكەتكە ئايلىنالمىسا، قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەڭ ئۇلۇغ ھەقىقەتلەرنى سۆزلەيدىغان ئېغىز سۆزلەپلا توختاپ قالسا، بۇنداق ئېغىزنىڭ ئۈنئالغۇدىن باشقا رولى بولمايدۇ. شۇڭلاشقىمۇ دىيارىمىزدا دۇنيادىكى ئالتە مىليارد ئىنساننىڭ زور كۆپچىلىكى قوغلىشىپ يۈرگەن ئەقىدىلەرنىڭ كۆپىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. بىزدە دۇنيادىكى بىر مىليارد ئادەم ئېتىقاد قىلىدىغان ئىسلام دىنى بار، ئەمما مۇسۇلمان ئاز؛ دۇنيا 150 يىل ئەگەشكەن ماركسىزم بار، ھەقىقىي ماركسىزمچىلار ئاز - ھەقىقىي مۇسۇلمانلار ئاز، بەڭگە - ھاراقكەش كۆپ؛ ھەقىقىي ماركسىزمچىلار ئاز، پۇرسەتپەرەسلەر ۋە پارىخورلار كۆپ.

ئېدۋارد سەئىد زىيالىيلار ھەققىدە يۇقىرىقىدەك كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە ئۇنى

تېخىمۇ كونكرېت سۇپەتلەيدۇ. ھەرقانداق زىيالىينىڭ مىللەت تەۋەلىكى، دەۋر ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. ھەر بىر مىللەتنىڭ ئوخشىمىغان دەۋرلەردە ئۆز زىيالىيسىغا قويىدىغان تەلىپىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە ھەرقانداق جۇڭگو زىيالىيسىغا قويىدىغان تەلىپى بىرلا خىل بولغان. خەلقنى يات مىللەتنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشقا قوزغاتقان، يېتەكلىگەن، شۇ غايە ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلغان كىشىلەر زىيالىي، دەپ قارالغان. باشقىلار ھەرقانچە ئۇلۇغ ئەدىب بولسىمۇ، ئەڭ چوڭ رەھبەر ياكى باي بولسىمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىكى سۇس، مىللەتنىڭ كۆپىكى، پاخىلى قارالغان. . .

ئېدۋارد سەئىد زىيالىيلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە توختىلىپ: «ھەرقانداق زىيالىي مەلۇم بىر مىللەتكە تەۋە بولىدۇ. ئۇ چوقۇم ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىنى ئىشلىتىشى كېرەك. شۇ تىلدىلا ئۇنىڭ ساداسى ئەڭ توغرا، ئەڭ ئۈنۈملۈك چىقىدۇ. مىللىي تىل ـ مىللەتنىڭ ئۆزى دېمەكتۇر. شۇ مىللەتنىڭ ئارزۇسىنى شۇ مىللەتنىڭ تىلىدىلا ئەڭ ياخشى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ» دەيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، بىر خەلق ۋە مىللەتنىڭ ئالاھىدە تارىخىي دەۋردىكى ئارزۇسىنى، ئىنتىلىشىنى، غايىسىنى چۈشىنىپ يەتكەن ۋە شۇ غايىنى ئۆز غايىسى قىلغان زىيالىي ھەقىقىي زىيالىي سانىلىدۇ.

سەئىدنىڭ زىيالىي ھەققىدىكى بۇنىڭدىن باشقا قاراشلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ. قىستۇرۇپ قويۇشقا بولىدىغان بىر نۇقتا، ئۇنىڭچە: زىيالىي ئۆزىنىمۇ، دۈشمىنىنىمۇ چۈشىنەلەيدىغان، ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي مەنپەئىتى بىلەن زىيالىيلىق ۋىجدان توقۇنۇشۇپ قالغاندا، ھەقىقەت تەرەپتە تۇرالايدىغان كىشىلەردۇر. مەسىلى، ئاق تەنلىك تۇرۇپ نېگىرلار ھوقۇقى ئۈچۈن كۈرەشكەن، يەھۇدىي تۇرۇپ پەلەستىنلىكلەرنىڭ ئازابىغا ھېسداشلىق قىلغان (خەنزۇ تۇرۇپ قىرغىز تىلىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتا قىلغان خۇ جېنخۋا ئەپەندىمۇ بۇنىڭ بىر مىسالى، ئەلۋەتتە. ـ مۇھەررىردىن) كىشىلەر شۇنداق زىيالىيلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇلار شەخسىي مەنپەئەتنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلغان زىيالىيلاردۇر.

مېنىڭچە، يۇقىرىقى بايانلار ئارىمىزدىكى ھەقىقىي زىيالىيلارنى ئايرىپ، خەلقىمىزنىڭ زىيالىي ھەققىدىكى خىرەلىشىپ قالغان قاراشلىرىنى تۈزىتىشكە ياردەم بېرەلەيدىغان قاراشلاردۇر. بۇلارغا قاراپ ھەرقانداق بىر ئادەم ئۆزىنىڭ زىيالىيلىقىغا باھا بېرەلەيدۇ ۋە ئالغا ئىلگىرىلەش پەللىسىنى بېكىتەلەيدۇ. چۈنكى ھەقىقىي زىيالىي بولۇشمۇ بىر خىل ئارزۇلىقتۇر.

ماقالە ئاخىرىدا قوشۇپ قويۇشقا تېگىشلىك بىر قىستۇرما: شەيتان لەئىنمۇ ئەسلىدە چوڭ ئالىم، ھازىرقى ئاتاق بويىچە بىر زىيالىي ئىكەن. لېكىن ئۇ ئاللانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلغاچقا، جەننەتتىن قوغلانغانىكەن. ئېدۋارد سەئىدنىڭ قارىشى بويىچە شەيتان زىيالىي ئەمەس. ئۆز بىلىمىنى دۇنيانىڭ ياخشىلىقى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك ئىشلىتەلمەيدىغان، بىلىمىلا بار، ئىدىيە ۋە ئەقىدىسى يوق كىشىلەر ھەم زىيالىي ئەمەس. ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، ئەمدى ئۆزىڭىزگە سوئال قويۇپ بېقىڭ: سىز زىيالىيمۇ، ئەمەس؟

2002 ـ يىل ئاۋغۇست، شەھىرى ئۈرۈمچى

---

ئاپتور: شىنجاڭ ماائارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى(M2)

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت

بۇ سانىنىڭ تەھرىرداكتورى ۋە مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت



# تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر

▲ئېمىگە ھەقىقىي موھتاجلىقىمىزنى بىلمىگەنلىك سەۋەبىدىن موھتاجلىقتىن قۇتۇلالماي كەلدۇق.

▲ چىنلىق ـ رېئاللىقنىڭ ئالدىدا قەپەستىكى شىرغا ئوخشايدۇ.

▲تۇرمۇش راست ۋە يالغان ئارىسىدىكى ئۈزۈلمەس سىمفونىيىدۇر.

**ـ مۇختار روزى**

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسى يېزا ئىگىلىك 3-دىۋىزىيە مارالبېشى 53-پولك 10-روتىنىڭ بوغالتىرى

▲ ئوقۇغۇچىلارنى «لۇغەت» قىلىپ تەربىيىلىگەن مەكتەپ مەكتەپ بولماستىن، بەلكى «قېلىپ» زاۋۇتىدۇر.

▲ئۈزىنى بەختسىز دېگۈچىلەر زېمىستان قىشنىڭ كەينىدىن ئىللىق باھارنىڭ كېلىشىگە ئىشەنمىگۈچىلەردۇر.

▲ئۈچ بارمىقىڭ بىلەن قەلەم كۆرىشى قىل، بەش بارمىقىڭ بىلەن ئەلەم كۆرىشى قىل، شۇندىلا سەن ئىتتىپاقلىقنىڭ ئېمىلىكىنى ھېس قىلالايسەن.

▲ 21-ئەسىر ئۆز نۆۋىتىدە شۇنداق بىر ئەسىركى، بىز ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي يەر شارى بىلەن ئاي شارى ئوتتۇرىسىدا قاتناپ تۇرساقمۇ، ئىشىكىمىزنىڭ ئۇدۇلىغا كۆچۈپ كەلگەن قوشنىمىز بىلەن

## تەپەككۇر كۆزى

ئالاقە قىلمايدىغان، كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەت سۇسلاشقان ئەسىردۇر.

▲چېچىلاڭغۇ، ئىتتىپاقسىز مىللەت قىيامەتنى ئەڭ بالدۇر كۆتۈۋالىدىغان مىللەتتۇر.

▲ھازىرقى دۇنيا ۋەزىيىتى تىنچلىق شوئارى ئاستىدىكى پارتلاي دەپ تۇرغان يانار تاغقا ئوخشايدۇ.

**ـ ئابلىكىم روزى**

---

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

▲يېزىقچىلىق ـ ئۇ، قەلبتە ھاكىمىيەت تىكلەش جەريانى.

▲بىزدە بىرتەرەپلىمە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ـ بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى.

▲كلاسسىك مۇزىكىلار روھنى تەۋرەتسە، جاز مۇزىكىلىرى تەننى تەۋرىتىدۇ.

**ـتۇرسۇنتوختى ئەبەيدۇللا**

---

ئاپتور: خوتەن ناھىيە لاڭرۇ يېزا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

▲ئۇستازىم دائىم ماڭا مۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ: «ئىنسانلار دۇنيادا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ياساپ چىقتى، لېكىن بىرلا پۇشايماننى ئالىدىغان قاچىنى ياساپ چىقالمىدى، شۇڭا سەن بۇگۈنىڭنى قەدىرلەپ، ئەتە ئۈچۈن تىرىش».

**ـ ئابلاجان ئابدۇراھمان**

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيە 3-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى

▲ كۆلكىگە قارىغاندا ياش ساپ ھەم چىن بولىدۇ.

▲ ھەقىقەت يىراق ئۈپۈقتا ئەمەس، يېنىڭدا؛ رەزىللىك باشقا پەردە ئەمەس، كۆز ئالدىڭدا.

▲ پەرشارىدىكى ئالتە مىليارد ئادەمگە نىسبەتەن ئەرزىمەس ئادەمسەن، ئەمما ئۆزۈڭگە نىسبەتەن سەندىنمۇ مۇھىم نەرسە بولمايدۇ.

▲ يالىڭاچلىق - گۈزەللىكنىڭ خاتىمىسى. ئەخلاق، ھايا، ئادىمىلىك. . . دېگەندەك ئىنسانىي پەزىلەتلەردىن ھېچنەرسىسى قالمىغان ئادەم ئاخىرى يالىڭاچلىقنى دوغا تىكىدۇ.

- يۈسۈپجان سەمەت

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دىنىي ئىنستىتۇتىنىڭ تالىبى

▲ قارشىلىقنى ئەخمەقلىق، دەپ چۈشەنگەن كىشىلەر ئەڭ مەھكۇم، ئەڭ بەختسىز كىشىلەردۇر.

▲ ئۆزى خالىمىغان ئىشنى مەجبۇرىي قىلىشقا ئادەمگە كۈنلەر شۇنچە ئۇزۇن، ھايات شۇنچە مەنىسىز بىلىنىدۇ.

▲ مەنپەئەتنىڭ ئورنى قانچە يۇقىرىلىغانسېرى ئادىمگەرچىلىكنىڭ ئورنى شۇنچە تۆۋەنلەيدۇ.

▲ ۋاز كېچىشكە جۈرئەت قىلالمىغان ئادەم، تاقەت قىلىشقا مەجبۇر بولىدىغان ئادەمدۇر.

▲ كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئۇرسا تۇيىقى سىرقىرىغاندەك، رەقىبىڭنىڭ دوستىغا ھال ئېيتساڭ، ئۇ ھامان رەقىبى ئۈچۈن سۆزلەيدۇ.

▲ ئۆزلىكىدىن رىشايە قىلىدىغانلار كۆپ بولغان بولسا، قەدەمدە بىر ئاگاھلاندۇرۇش تاختىلىرى ئۇچراپ تۇرمىغان بولاتتى.

▲ چەكلىمىنىڭ كۆپەيگەن كۈنى خۇدۇكسىرەشنىڭ باشلانغان كۈنىدۇر.

- ئەركىن ئابدۇكېرىم

---

ئاپتور: تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيە شىڭگۈەن چېكرا مۇداپىئە ساقچىخانىسىدىن

▲ «بىلىم-كۈچ» دېيىدىغان ھېكمەت پەيدا بولغىلى ئۇزۇن بولدى. مەن يېقىندا بۇ گەپلەردىن سەل شۈبھىلىنىدىغان بوپقالدىم. مېنىڭچە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن بىر قىسىم مودا نەرسىلەرگە ئوخشاش بۇمۇ ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى بىرمودا گەپمىكىن، دەيمەن. تارىخقا نەزەر سالسام، ھەقىقەتنىڭ ھامىيلىقىدا ۋە جاسارەتنىڭ تۈرتكىسىدە بولمىغان ھەرقانداق بىلىم، مەيلى ئۇ قانچىلىك دەبدەبىلىك بوپكەتسۇن، ئاخىرقى ھېسابتا ھەقىقىي مەنىدىكى كۈچ بولالماي قالىدىكەن. شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىمكى، ئىلىم-پەن ئۇستىدىكى ئىزدىنىش ھەقىقەتكە بولغان ئىنتىلىشنى مەنبە قىلمىسا، ئۇ مەڭگۈلۈك ئېنېرگىيە كۈچىدىن ئايرىلىپ قالغان بولىدۇ. دېمەك، بىلىم-كۈچ ئەمەس، ھەقىقەت - كۈچتۇر.

- ئابدۇلھەكىم ئوسمان ھەقيار

---

ئاپتور: گۇما ناھىيە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ خادىمى

▲ دۇنيانىڭ تەڭسىزلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ۋاقتىڭىزدا ئاندىن نىسپىي باراۋەرلىكتىن بەھرىمەن بولالايسىز.

▲ ئاياللار راست نەرسىلەرگە ساختا نەرسىلەرگە ئىشەنگەندەك ئىشەنگەن بولسا ئىدى، بىر ئۆمۈر ھىجران ئازابى تارتمىغان بولاتتى.

▲ ئايال كىشىنى غەپلەت باسقان ۋاقتىدا بارلىقىنى باشقىلارغا ئاتايدۇ. ئەرلەرنى غەپلەت باسقاندا ئاياللارنىڭ ھىيلە-نەيرەڭلىرىگە ئالدىنىپ قالىدۇ.

▲ ئاياللارنىڭ مۇھەببىتى نەپرەتكە ئايلانغاندا، يامانلىق ئۈچۈن ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدىغان بوپقالىدۇ.

▲ مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تالان-تاراج قىلغانلىقىدىن ئاغرىنماي، ئۇلاردىن ئۆگىنىشكە تىرىشقىن. ئەگەر سېنىڭدىمۇ ئۇلاردا بار بولغان قابىلىيەت بولغان بولسا ئىدى، ھەرگىزمۇ زۇلۇمغا ئۇچرىمىغان بولاتتىڭ. باشقىلارنى باش ئەگدۈرۈشكىمۇ تەدبىر ۋە جاسارەت كېتىدۇ.

▲ ئىنسانلار دۇنيادا رەھىمسىزلىكنى ئۆزى تېرىپ يېتىشتۈرىدۇ. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ تىكەنلىرى ئۆز پۇتىغا سانجىلغاندا: «رەھىمسىز دۇنيا، بىۋاپا ئىنسانلار. . .» دەپ مۇقام توۋلاشقا باشلايدۇ.

▲ پادىشاھقا بەك يېقىن تۇرۇپ كەتمە، خەۋپ-خەتەرگە يېقىن بوپقالىسەن؛ بەكيىراق تۇرۇپمۇ كەتمە، بەزىبىر مەنپەئەتلەردىن قۇرۇق قالىسەن.

▲ دۇنيادا تەڭسىزلىك بولغاچقىلا تەرەققىيات مەۋجۇد.

▲ دۈشمىنىڭنىڭ قەستىدىن ئېھتىيات قىلىپ، دوستۇڭنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز قالما. ئىنسانغا بالا-قازانىڭ دائىملا دۈشمىنىدىن كېلىشى ناتايىن.

▲ مېھىر-شەپقەت پۇل بىلەن ئۆلچىنىدىغان جەمئىيەتتە ئاۋارغا ئايلانمىغان ھېچنەرسە قالمايدۇ.

- ئابدۇللا روزىمۇھەممەت

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە كاۋاك يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى كادىرى

▲ ھاكىمىيەت ئىسسىق قان بىلەن كۆز ياشتىن پۈتكەن بىنادۇر.

▲ ئىنسانىيەت قانچە تەرەققىي قىلغانسېرى يوقاتقان نەرسىسى شۇنچە كۆپىيىپ بارىدۇ.

▲ تەرەققىيات يوقىتىش بىلەن ئېرىشىش دېمەكتۇر.

- ئابدۇكېرىم ئەبەيدۇللا

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە 5-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

▲ تەرەققىيات نامىلىق بۇ دەۋر قۇشى سائادەت ۋە پاجىئەدىن ئىبارەت بىر جۈپ قانات ئارقىلىق پەرۋاز قىلىپ تۇرىدۇ.

- تەلئەت جېلىل كەنجى

---

ئاپتور: قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى كانسۇ كۆمۈركېنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خادىمى

▲ نەسەب سۈرۈشتۈرۈش كۆتەك كولىغانغا ئوخشايدۇ.

▲ دۇنيادا گۇناھكار بولمايدىغىنى تەقدىر.

▲ بىز بارلىق ئەزالىرىمىزدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغاندا، تەڭرىنىڭ مەڭزىگە قىزىللىق يۈگۈرىدۇ.

▲ خىيال سېنى ماگىمدەك تارتقىنىدا، سەن بۇنازىنىنىڭ قۇچىقىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقالىساڭ، ئاندىن ئۇنىڭ ھەقىقىي لەززىتىنى تېتىيالايسەن.

▲ ئەخمەقلەرگە خىيال سىرتماق بولىدۇ.

▲ گۈل ئۈزەلىگەنلەر بەختلىك ئەمەس، گۈل ئۈندۈرەلىگەنلەر بەختلىك.

▲ تەسەللى بەختسىزلەر ئۈچۈن ئېمىزگە.

▲خەلقىمىز ھېچقاچان تەڭرىدىن قورقۇپ باققان ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىگە سوئال قويۇشتىن قورققان. شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن تەڭرىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

▲سەھەر تۇرغانلار كەچتە خاتىرجەم.

▲ئېتىقاد خۇدا دېمەكتۇر. ئېتىقاد يوقالسا، خۇدا ئىنسان بىلەن بىرگە يوقايدۇ.

▲مۇھەببەتنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى چۈشەنمەكچى بولساڭ، كۆك ئاتا بىلەن يەر ئانىنىڭ سۆيگۈسىدىن چاچرىغان چەشمىلەرگە قارا!

▲ ھەسرەت - پۇشايماننىڭ ئاچچىق تىنىقى.

▲خەلقىمىزدە شۇنداق بىر ئاجىزلىق بار: ھەشىمەتلىك ئىشنىڭ نەتىجىسىگە ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. ئەگەردە ئىشنىڭ بېشىغىمۇ ئېتىبار بەرگەن بولساق، نەتىجە تېخىمۇ ياخشى بولار ئىدى.

▲ھېسسىيات ھاكىم چاغدا تەقدىر ئارغامچىسى ئەقىلنىڭ قولىدا، ئەقىل ھاكىم چاغدا تەقدىر ئارغامچىسى ھېسسىياتنىڭ قولىدا.

▲قىممىتى يوق دېيىش ياراتقۇچىغا قارا چاپلىغانلىق.

▲ئەگەر قەسەمنىڭ بېشىنى تەڭرى ئۆزى باشلاپ بەرمىگەن بولسا ئىدى، قەسەمخورلارئاللىقاچان يەر بىلەن يەكسان بولاتتى.

▲قەھرىمانلار تارىخ چاقىنىڭ ئوقىدۇر.

▲ئەقىل ھېچقاچان ئۆز يولىدا تېڭىرقىمايدۇ، ھېسسىياتمۇ ھەم شۇنداق. پەقەت ھېسسىيات بىلەن ئەقىل توقۇنۇشقاندىلا ئىنسان تېڭىرقايدۇ.

▲بەخت، سەن قەيەردە، دەپ سوراش ئەخمەقلىق، ئەمما مەسخىرە قىلىشمۇ ئەخمەقلىق. چۈنكى بەخت تىلسىزدۇر.

▲شەيتان مېنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمدىكى ئىككىنچى ئۇستازىم. ئۇ ئەزەلدىن ئەقلىمنى يېتەكلەپ كەلدى.

▲باھاردا يىغلىسام، «بۇ يىغا قىممەتلىك» دېدى، يازدا يىغلىسام، «نېمىدېگەن بىچارىلىك بۇ! » دېدى، كۈزدە يىغلىسام، «ئۆلگۈر! » دېدى. سەن كىم، دەپ سورىسام، يىللار، دېدى.

▲رەزىللىكنىڭ ۋاڭ-چۇڭى دۇنيانى قاپلىغاندا، ياخشىلىق ئىگىلىرى ئۆز مىسرالىرىنى تەمتىرىمەي ئوقۇسۇن. رەزىللەر پەقەت بۈگۈننى ئويلىدى. ياراتقۇچى ھەق بىلەن ناھەقنى چوقۇم ئايرىيدۇ. ئەقىل ئىگىلىرى ئەتىسىنى ئويلىسۇن.

▲ ئازابنى سۆيەلىگىنىڭدە بەختىڭنى تاپىسەن.

▲ئىككىيۈزلىمچى ئادەم بەلگىلىك مۇددەتتە پارتلايدىغان بومبىغا ئوخشايدۇ.

▲رېئاللىقنىڭ تەمى ھېسسىيات ئۈچۈن ئاچچىق، ئەقىل ئۈچۈن تاتلىق.

شەيئىلەرگە بېرىلگەن باھا توغرا ۋە مۇكەممەل بولغاندا جاھان تەڭشىلىدۇ.

**-ئابدۇرېھىم قادىر**

---

ئاپتور: لوپ ناھىيە ناۋا يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ ئىنتىپاقلىقنى باراۋەرلىكنىڭ ئالدىغا قويۇش سىياسىي زومىگەرلىكتۇر.

▲ بوۋام خۇدا دېگەندە دادام كۈلۈپتىكەن، دادام خۇدا دېگەندە مەن يىغلاۋاتىمەن.

**- ئېلى توختى**

---

ئاپتور: باي ناھىيە مىڭئۆي يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

▲ سەن ئۆزۈڭ ياشاۋاتقان جەمئىيەتكە باھا بەرمەكچى بولساڭ، شۇ جەمئىيەتكە قانچىلىك بەدەل تۆلىگەن بولساڭ، ساڭا قانچىلىك ئۇسسۇم بىلەن قايتۇرغانلىقىغا قاراپ باھا بەرگىن.

▲ھەربىر جەمئىيەتنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئاسىيلىرى بولىدۇ. ئۇلار دەۋر ئاتا قىلغان ئىدىيە ئىسكەنجىسىدە تۇرۇپ ئەتراپىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئاسىيلىق قىلىدۇ. . . ھەممە نەرسىنى ساتىمىدى، دېگەندىمۇ ئۆزىدىكى ۋە خەلقىدىكى نۇرغۇن مۇھىم نەرسىلەرنى سېتىپ بولغان بولىدۇ.

▲ئېرىشكەندە - زېرىكىش، مەھرۇملۇقتا ئىزدەش . . . ھاياتنىڭ رەزىللىكى ۋە گۈزەللىكى شۇيەردە بولسا كېرەك.

▲مەلۇم بىر دەۋرنىڭ جىنايەتكارى مەلۇم بىر دەۋرگە بارغاندا قەھرىمان بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

**- مەھمۇتجان يانتاق**

---

ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى

▲ كىچىكلەرنىڭ سۆزلىگەن ئەپسانە - رىۋايەتلىرى تارىخ ھېسابلىنىدۇ، ئاجىزلارنىڭ سۆزلىگەنلىرى بولسا قۇرۇق گەپ.

▲ئۆزگىلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان ۋاقتىمىزنى ئۆزىمىزنى چۈشىنىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان بولساق، ئارىمىزدا ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي يۈرگەن كىشىلىرىمىز ھازىرقىدەك كۆپ بولمىغان بولاتتى.

**- ئەخمەتجان مىجىت**

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىسى

▲ياخشىلارنىڭ ھەممىسى ياخشى ئەمەس، ئەسكىلەرنىڭ ھەممىسى ئەسكى ئەمەس. بىراق سەن ياخشىلارنىڭ ئىچىدىن ئەسكىنى، ئەسكىلەرنىڭ ئىچىدىن ياخشىنى تاپالمىدىڭ ئەمەسمۇ.

**- مۇختار مۇھەممەت**

---

ئاپتور: باي ناھىيە قىزىل يېزا ئىگىلىك باشقۇرۇش پونكىتى خادىمى

▲ئۆزىنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاشنىڭ ئەۋجىگە چىققان پەيتى - دەل ئۆلۈم سىگنالىنىڭ چېلىنغان مەزگىلىدۇر.


▲ دۇنيانىڭ ئارغامچىسى ئۆزۈن، تەقدىر ۋە ھايات تولىمۇ ئېغىر-بېسىق ۋە سالماق. ئۇ، تارىخنى ئۆز مەيلىگە شۇنداق قويۇپ بېرىدۇكى، ئۆزاققا سوزۇلغان بۇ ئۆمۈر مۇساپىسىدە تالاي تەلۋىلەر، مۇشتۇمزور - زوراۋانلار، جاھانگىر - قانخورلار تارىخ يۈزىدە خۇدىنى بىلمەي شىلتىڭ ئېتىپ، ئالەمنى بېشىغا كىيىپ باقىدۇ. ئاقىۋەتتە ئۆزىنىڭ دۇنياخور ۋە ئادەمخور ئىچكى ماھىيىتىنى ئاشكارىلايدۇ. تارىخ ۋە دۇنيا شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ھەققانىي سوتىنى ئاچىدۇ.

▲مىلوشېۋىچ ۋە تالىبانىنىڭ مەغلۇبىيىتى دۇنياغا بېرىلگەن ئىككى چوڭ سوئال.

**- زەپەر ئابدۇلھەي**

---

ئاپتور: نىلقا ناھىيە سۇچىلىق ئىدارىسىنىڭ خادىمى(M1)



# مەدەنىيەتنىڭ زەھرى ۋە سەھرى

سۇلايمان قەييۇم

ئۈرۈمچىگە قەدەم باسماستىن ئىلگىرى، بۇ ئالپىتە شەھەرنىڭ يۈزەكى تەسىراتلىرى كاللامدا غىل-پال پەيدا بولۇپ، بىرخىل ئىنتىلىش ۋە ھاياجان مېنى ھەرقاچان دەيدەيگە سالاتتى.

ئىلىم تەھسىل قىلىش باھانىسىدا 25 يېشىمدا ئۈرۈمچىگە كەلدىم. دىيارىمىزدىكى ھەشىمەتلىك بۇ شەھەردىكى داشقايناقتا قايناپ پىشۋاتقان ھاياتلىق، كۆك ئاسماننى كۆرسەتمەيدىغان غۇۋا مانان، جەددالنىڭ قوڭغۇرىقى① دەك شاۋقۇن-سۈرەن قوينىدا ئالدىراش چېپىپ يۈرگەن ئادەملەر كۆزۈمگە تولىمۇ سۈرۈن كۆرۈندى. بىر قارىماققا بۇيەردە ھاياتلىق شۇنچىلىك قايناق، ھاياتنىڭ قەدىمى شۇنچىلىك تېز، ھەممە نەرسىدىن «زامانىۋىلىق» دېگەن خەت جىمىرلاپ تۇرسىمۇ، ئەمما پەلەككە بوي سوزغان، ئادەمگە قىلچىلىك سەنئەت ھۇزۇرى بەرمەيدىغان، ئادىل ئابدۇقادىر «تاش ئورمان» دەپ ئاتىغان سەرەڭگە قېپىدەك تۆت چاسا ئىمارەتلەردىن، ئالدىراش ئەمما شۇنچىلىك ھارغىن كۆرۈنىدىغان ئادەملەرنىڭ ئەلپازىدىن . . . ھەممىلا نەرسىدىن شۇنچىلىك ئېغىر مۇڭ، ئېيتقۇسىز بىرخىل يالغۇزلۇق، غېرىبلىق مىڭ يەردىن تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇيەردە ھەممىلا ئادەم بىر-بىرىگە شۇنچىلىك ئوخشايدۇ، خۇددى بىر قېلىپتا قۇيۇلغان كېسەكتەك. شۇغىنىسى ئۇلار سۆزلەۋاتقان تىل پەرق قىلىدۇ. بەزىلەر بىرخىل تىلدا، يەنە بەزىلەر ئىككى-ئۈچ خىل تىلدا ئارىلاش سۆزلەيدۇ.

ئۈرۈمچىنىڭ بارا-بارا قىستاڭ بولۇۋاتقان، يوغانراق تىنغىلىمۇ بولمايدىغان ئاۋات رەستىلىرىدە كېتىۋاتقىنىمدا مەرھۇم مۇتەپەككۇر بۇۋام ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ مەن تولا ئوقۇۋېرىپ ياد بوپقالغان «بېپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش» ( بۇ ماقالە ژۇرنىلىمىزنىڭ 1995-يىل 5-، 6 ( قوشما) سانىغا بېسىلغان. - مۇھەررىردىن ) ناملىق ماقالىسىدىكى «ئەرەب-پارسلار قانچە ئەسىرلىك تامغىسىنى باسقان، بېپەك يولىغا ھۆسن قوشقان، چىڭگىز سەلتەنىتىگە مەنىۋى قان بەرگەن، ئەڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئەھمەتشاھ قاراقاشى غەزىلىدىكى ( ئات ) ئورنىغا چۈشۈپ قالغاندى» دېگەن ھەسرەتلىك قۇرلار مېڭەمدە لەيلەشكە باشلايتتى.

بۇيەر ھېچنەگە ئوخشىمايدۇ. بۇيەردە روھىڭغا ھۇزۇر بېرىدىغان ئارامبەخش بوشلۇقلار يوق دېيەرلىك. ئادەملەر قارا قۇشقاچتەك ھاۋايى مۇئەللەقتە تىقىلىشىپ ياشايدۇ. مانا شۇنداق كۇنلەردە سەھرادىكى غېرىبانە كەپەم بەئەينى جەننەتۇل فىردەۋسى② دەك كۆرۈنىدۇ.

بۇيەردە غەلىتە بىر ئەۋلاد يېتىشمەكتە. ئۇلارنىڭ تىپىك تاشقى ئالاھىدىلىكى: ئوغۇل ياكى قىز ئايرىمايلا كاسا، تىز-پۇشقاقلىرىغا ياماق چۈشكەن پادىچى ئىشتىنى كىيىۋالغان، ئوغۇل-قىز بولامدۇ بەئەينى دەرۋىشلەرنىڭ تەلەتىنى ئەسكە سالىدىغان سالۋاراپ تۇرۇدىغان چاچلىرىنى جاھاندا بارلىكى بوياقلار بىلەن بويىغان. بەزى ئوغۇللار قۇلاق-بويۇنلىرىغا خويمۇ يارىشىملىق زىرە-مۇنچاق ئاسقان. يەنە دىققەت قىلسىڭىز بەزىلىرىنىڭ بويۇنلىرىغا مەسىھنىڭ ( ئېيسا پەيغەمبەر ) چارمىخى ( كرست ) ئېسىلغان بولىدۇ. بۇلارنىڭ قايسىبىرىدىن «مەسىھ كىم؟» دەپ سورالسا ئۇلار سىزگە تولىمۇ غەلىتە جاۋابلارنى بېرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ غەرب ياشلىرىغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، پەقەت كۆزىگە يېڭى كۆرۈنسىلا بولدى، ئۇلاردىن سادىر، نوزۇگۇم ھەققىدە سورىسىڭىز كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرغان بىلەن، «تىتانىك» كىنوسىدىكى پېرسۇناژلارنىڭ غەيرىي رەسمىي تەرجىمىھاللىرىنى

## روھ چوققىلىرى

پىششىق بىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ تېنى ئۈرۈمچى رەستىلىرىدە بولغىنى بىلەن روھى «تىتانىك»نىڭ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرۈشىدۇ.

ئۇلار هامبۇرگ بولكىسى، كېنىدىجى، كوكاكولانى، جېكسون بىلەن مادوننانى قەۋەت ياقتۇرىدۇ. ھەتتا ئۇلار بېرلىن، نيۇ-يوركلاردا تۇغۇلمىغىنىغا ئۆكۈنىشىدۇ. ئۇلار ئۇچىسىغا ئارتىۋالغان ھايالىق جايلىرىنى «مانا مەن» دەپ ئاشكارىلاپ تۇرىدىغان ھېسسىپتەك (ھېسسىپمۇ خېلى كەڭرى بولىدۇ) تار ئىشتان ۋە غەلىتە لاتا-پۇتىلار (بۈگۈنكى خوتۇن-قىزلىرىمىزغا ئىلگىرىكىدەك يارىشىملىق ئۇستىۋاشلارنىڭ لازىمى يوقتەك تۇرىدۇ. جېلىل ئاۋۇت: «ماگىزىنىدا رەختلەر بېسىلىپ قېلىۋاتىدۇ، كوچىدا خانىم-قىزلار يالىڭاچ قېلىۋاتىدۇ» دېگەنىدى ئېچىنىپ)، ئۇلارنىڭ نېرۋىلىرىنى توختىماي غىدىقلاپ تۇرىدىغان «ياۋا ئادەم»، «چەكسىزلىك»③ مۇزىكىلىرى بۇ بىچارىلەرنى بارغانسېرى ئاي-يۇلتۇزلارنى خىجىل قىلىدىغان رەڭدار دوپپا، ئەتلەسلەردىن، يىگىتلەرنىڭ يۈرىكىگە ئوت ياقىدىغان 40 تال چاچلاردىن، چەكسىز جەلپكار مۇقام-ناۋالاردىن ئاستا-ئاستا چەتلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان نامەلۇم بىر بوشلۇققا قاراپ يېتىلىمەكتە (ھازىرقى ئادەملەر بەكلا تېرىككەك ۋە ئالدىراقسان. ئۇلاردىكى ئەقىل ئېتىزى نېمىشقىدۇر بارغانسېرى شورلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. مانا قاراڭ: زامانىۋىلىق ئاياللارنى بىراقلا يالىڭاچلاپ تاشلىدى. ئەركەكلەرنىڭ ئەقىل كۆزى ھەم ھېسسىيات كۆزى غۇۋالىشىپ كەتكەنمۇ قانداق، ئاياللار ئۆزتېنىنىڭ يوشۇرۇن گۈزەللىكىنى ئاشكارىلاشقا تەقەززا بولدى. ھەممىلا نەرسە ئاشكارا ھالەتكە ئۆتسە گۈزەل بولۇۋەرمەيدۇ. تاغ-دەريا، تەبىئەت يالىڭاچلىقى بىلەن جەزبىدار. ئاياللار ئۆزىدىكى يوشۇرۇن گۈزەللىك بىلەن ئەركەكلەرنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدۇ. ئەپسۇسكى، ئەشۇ گۈزەللىك بىراقلا پارتلاپ، يالىڭاچلىققا ئۆتكەندە ئەركەكلەرنىڭ ھېسسىيات كۆزىنى ئىلگىرىكىدەك يېقىملىق چېكەلمەيدىغان بولدى).

بىز ھامان بىر نەرسىدىن قۇتۇلۇشنى ئىستەيمىز. قانداقلا بولمىسۇن بىرنىمىلەرنى ياراتقۇمىز كېلىدۇ. پەيلاسوپلار ئادەتتە: «ھەربىر دەۋرنىڭ ئۆزىگە لايىق دەردى، ۋەھىمىسى، جاراھىتى بولىدۇ» دېيىشىدۇ.

يۇقىرىدا بىز زىكىر قىلغان ئەشۇ «قامقاقسىمان جامائەت» بىردەم بولسىمۇ روھىي شادلىققا ئېرىشمەك ئۈچۈن ئەشۇ يولنى تاللىغاندۇ! خەيرىيەت! بۇ، بىز ئىزدەۋاتقان قۇتۇلۇش يولى ھەم مەدەنىيەتتىكى غېرىبلىققا بەرھەم بېرىشنىڭ شىپاسى بولالمايدۇ.

مەن دىيارىمىزنىڭ باشقا جايلىرىغىمۇ باردىم. پاجىئەنىڭ دەرىجىسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ يىگىلەپ كەتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. كېچىكىپرەك بولسىمۇ شۇنى ھېس قىلىۋاتىمىزكى، مەدەنىيىتىمىزنىڭ نۇرغۇن نادىر شەكىللىرى بىزنى تاشلاپ ئاللىقانداق يەرگە كېتىپ قاپتۇ ياكى بىز ئۇلارنى تاشلاپ بۇيەرگىچە كەپتۇق.

يىراق قەدىمدىن بۈگۈنگىچە داۋام قىلغان، چەت ئەللىك دوستلارنىڭ گۆھەردەك قەدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولۇپ، مۇزېيلاردا قورال بىلەن قوغدىلىۋاتقان ئەشۇ تەۋەررۈك مەدەنىيەتنىڭ ھەقداسى تۇرۇپ، پەلەك چاقى چۆرگىلەپ بۈگۈنگە كەلگەندە ئەشۇ دۇردانىلىرىمىزدىن كۆزىمىزنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ ئايرىلىپ قالامدۇق؟! . . .

سەن بۈگۈن ئوڭاي ۋاز كەچكەن، بىلىپ-بىلمەيلا ئەخلەت كەبى نەلەرگە چۆرۈپ تاشلاۋاتقان ئەشۇ ئەسكى-تۈسكىلەر ئۈچۈن باتۇر بوۋىلىرىمىز چاپقۇر ئارغىماقلارغا مىنىپ، ياتلارنىڭ يۇرتىغا بوراندەك بېسىپ بېرىپ «تىزلىقلارنى تىزلاندۇرۇپ، بېشى بارلارنى باش ئەگدۈرگەن»④ ئەمەسمۇ؟ ئەگەر بىلسەڭ مۇشۇ مەدەنىيەتنى يارىتىش ئۈچۈن تالاي شەھەر-قەلئەلەر بوۋىلارنىڭ ئات تۇياقلىرىدا چەيلىنىپ، باشلار تاغدەك دۆۋىلىنىپ، ئىلى-تارىم دەريالىرى كەبى ئاققان قانلار مۇشۇ دىيارغا سىڭگەن ئەمەسمۇ؟ سەن بۈگۈن دەسسەپ تۇرغان ئەشۇ تۇپراق ئەجدادلارنىڭ روھىغۇ؟! ئۆزۈڭغۇ مەدەنىيەت ياراتمىساڭ، ئۇنى ئاز دەپ ئەجدادلار ياراتقان مەدەنىيەتنى ساقلاپمۇ قالالمىساڭ، تارىخ بېتىگە ئۆز ئىمزايىڭنى قويمىساڭ، دۇنياغا ئۆز ئەقلىڭدىن گۈلدەستە سۇنمىساڭ، ئەجداد روھىغا تىك بېقىپ قارىيالامسەن؟ . . .

شۇنداق قىلىپ، بىز قانداقتۇر بىر زۆرۈرىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن قىياپىتىمىزدىكى ئۇيغۇرچە بەلگىلەرنى ئاستا-ئاستا زامان ئازگاللىرىغا چۆرۈۋەتتۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن تىلىمىزغا، دىلىمىزغا، بارا-بارا قېنىمىزغا، گېنىمىزغا ئۆتۈپ، خەلقئارالىق دولقۇنغا ئۈن-تىنسىزلا قوشۇلۇپ كېتىشىمىز مۇمكىن. مانا بۇ مەدەنىيەتنىڭ خەلقئارالىشىشى، بىردەكلىشىشى ئەكېلىدىغان مۇقەررەر نەتىجە. ئۇچاغ نەقەدەر «ئۇلۇغ چاغلار-ھە؟» ھېچكىممۇ ئالا-يېشىل بويالغان ئۇزۇن-قىسقا چاچ توغرىسىدا سوراقلىمايدۇ. يەنە ھېچكىممۇ دوپپاڭ قېنى؟ يېنىڭغا ئاسىدىغان نەقىش دەستىلىك پىچىقىڭ قېنى؟ (ئۇ چاغدا پىچاقنى يەنە يانغا ئېسىۋېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ، ئەلۋەتتە) كەشتىلىك تون-سەرپايلىرىڭنى نەگە چۆرۈۋەتتىڭ، دەپ سورىمايدۇ. ئەركەك تۇرۇپ ئەركەك بىلەن، چىشى تۇرۇپ چىشى بىلەن جۈپلەشسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ. ئەگەر سىز ئايال جىنسى بولغان بولسىڭىز ھەرقانداق ئامال بىلەن ئەركەك بولالايسىز. ئەگەر خالىسىڭىز كۆڭلىڭىزنى قىستىراپ كېتىۋاتقان چېچىڭىزنى مانا ئەمىسە دەپ پاك-پاكىز قىردۇرۇپ شاۋلىن راھىبلىرىدەك بولۇپ، ئاندىن تۇغما پېتى كوچىغا چىقسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ (ئامېرىكىدا مانا مۇشۇنداقلار پەيدا بولۇۋاتىدۇ، ئامېرىكىمۇ خىجىل بولسا كېرەك، جامائەت دەرھال ئەيىبلەشتى. بۇ ئىش بېسىققان بولسىمۇ ئەمما شۇنداق خىيالدىكىلەر ناھايىتى كۆپىيىش). مانا بۇ تەسەۋۋۇرىمىزدىكى شۇ قەدەر مەدەنىي دۇنيا. ئەنە شۇ چاغدا سىز بار-يوق دەسمايىڭىزنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا دوغا تىكىپ، خەلقئارا مەدەنىيەتنىڭ ھالاۋىتىنى قانغۇچە سۈرىسىز. شۇ چاغنىڭ ئاتا-ئانىلىرىمۇ ئەلۋەتتە بۇ دولقۇندىن قېچىپ قاچىشقا چىقىۋالالمايدۇ. بۇلارنىڭ ئىدىيىسى شۇنچىلىك ئازاد، شۇنچىلىك ئوچۇق. زامانىۋىلىققا ياتىدىغان ھەرقانداق ئۆزگىرىشنى ئۇلار شۇنچىلىك توغرا چۈشىنىدۇكى، سىز ئۇلارغا قانداق رەھمەت دېيىشنى بىلمەيسىز. ئادەمئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىدەك «جەننەت باغلىرى»دا بىر مەزگىل يايراپ كۈلىسىز. ئەمما سىز ئادەمزاتنىڭ ئاچكۆزلۈكى، جىنسىي تەلۋىلىكى كەشپ قىلغان ئەشەددىي قاتىل ئەيدىز بىلەن قانداقلارچە ئۇچرىشىپ قالغانلىقىڭىزنى سەزمەيسىز. ئەزرائىلغا تۈمەنىڭ قېتىم يېلىنىپ يالۋۇرسىڭىزمۇ پايدىسى يوقلۇقىنى، ئەزرائىل سىزگە قەدەممۇ قەدەم شىپقاپ كەلگەندە ھاياتتىكى ھەقىقىي شېرىنلىكلەرنىڭ تەمىنى تېتىشقا ئۈلگۈرمىگەنلىكىڭىزنى، پانىي ئالەمدىكى شاۋقۇن-سۈرەنلىك تۇرمۇشنىڭ چەكسىز جەلپكار، چەكسىز لەززەتلىك ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدا ھېس قىلىسىز. مانا بۇ چەكتىن ئاشقان، مەپتۇنكار ھوللىۋۇد مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى بولغان جىنسىي ئەركىنلىك ھەم جىنسىي مەدەنىيەتنىڭ سوۋغىسى.

غەربلىكلەر مانا مۇشۇنداق ئوچۇق جەمئىيەت ئۈچۈن ئالتە ئەسىر كۆرەش قىلدى. تېخى تۈنۈگۈنلا ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىنىڭ قېلىن چۈمپەردىسى ئىچىدە ياشايدىغان دىيارىمىزغا ئەيدىزنىڭ قەدىمى خېلىلا تېز يېتىپ كەلدى.

بۈگۈن شەھەردە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار (بۇنداق شەھەرنى شەھەر دەپ ئاتىغىلىمۇ بولامدۇ؟) رىۋايەتلەردىكى ئالدىغا چوغ كەلسىمۇ پۇۋ دېمەي يالمايدىغان يالماۋۇزغا ئوخشاش ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى چىرايلىق نەرسىلەرنى بىر باشتىن ئىستېمال قىلىشقا باشلىدى. ھالبۇكى، ئەسەبىيلەشكەن بۇ بىرتوپ ئاۋام يەۋاتقان بەزى نەرسىلەرنىڭ ھەقىقەتەن

«كۆڭۈلدىكى سۆز» پروگراممىسىدا رىياسەتچى بىر ياپون ھەم بىر شىۋېتنى زىيارەت قىلدى. ھېلىقى شىۋېتسىيىلىكنىڭ ئۈرۈمچىگە بولغان تەسىراتىنى سورىۋىدى، ئۇ: «مەن دۇنيانى بەش بۇرجەك بىنا كونترول قىلىدۇ، دەپ ئويلايتتىم، ئەمەلىيەتتە دۇنيانى ھوللىۋۇد كونترول قىلىدىكەن» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ يادىمغا بىرسىنىڭ ماقالىسىدىكى: «تاڭ دەۋرىدە چاڭئەندە ئۇيغۇرچە يېيىش، كىيىش، ئۇيغۇر سازىنى چېلىش، ئۇيغۇرچە ئات مىنىش ئەۋج ئالدى» دېگەن قۇرلار كەچتى. شۇنىڭغا قارىغاندا، تارىخ يېڭى - كونا دەپ ئايرىماي ئۈستىگە باشقىچە تون-سەرپاي كىيىپ، ئۆزىنى تەكرارلاپ تۇرۇشنى ياخشى كۆرسە كېرەك.

مەدەنىيەت دېگەن ھامان ئىنسانغا تەئەللۇق نەرسە. ئۇنى ئىنسان تەپەككۇرى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. بىز مەدەنىيەت دەپ ئاتاۋاتقان شۇنەرسە چوقۇم بىزنى بىز بايا تىلغا ئالغان يۈكسەك تاكامۇللۇققا ئېرىشتۈرەلىسە، ئاندىن ئۇنى ھەقىقەتەن زەھەرسىز مەدەنىيەت دېگىلى بولىدۇ. دۇنيادا ھېچ نەرسىگە تەۋە بولماسلىق ھەقىقەتەن ئازابلىق ئىش. بۈگۈن ئۈرۈمچىدە تۆرىلىپ، شاخلاپ، پايانسىز يېزا-قىشلاقلارغا ئاستا-ئاستا يامراۋاتقان ئالۋۇن مەدەنىيەتنىڭ ئىس-تۈتەكلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھەرقانداق پەرۋىشچىسىنى ئازابلىماي تۇرالمايدۇ. تىپىك مىسال سۈپىتىدە تانسا (بۇ ئىنگلىز تىلىدىكى Dance (ئۇسسۇل) دېگەن سۆزدىن كەلگەنمۇ ياكى ئەكسىچىمۇ؟) ۋە پادىچى ئىشتىنى توغرىسىدا توختىلىش كۇپايە. تانسا بۈگۈنكى كۈندە دىيارىمىزنىڭ ئەڭ چەت بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغا قەدەر بېرىپ بولدى. بۇنىڭدىن ھەتتا تانسىنىڭ ئىجادچىسى بولغان غەربلىكلەرمۇ ھەيرانۇ-ھەس. بىر ئامېرىكىلىق يارىمىزنى ئايلىنىپ تانسا توغرىسىدا: «ئاھ، خۇدا! بۇئۇيغۇر جايىپ مىللەتكەن. بۇيەردە تانسا شۇنچىلىك ئومۇملاشقان، مەشرەپنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغانلارمۇ چوقۇم تانسىنى بىلىدىكەن. بۇلار شۇنچىلىك نامراتلىقىغا قارىماي تانسا بىلەن ھاراقتا ئۆلگۈدەك ئامراقكەن، بۇلارغا ئۇلاردىن بۆلەك باشقا ئىش يوقمىدۇ؟!» دەپ ھەيرانلىقىنى بىلدۈرگەن.

خەلقىمىزنى پاراسەت، دانالىق، ساپ ھېسسىيات، سۈپسۈزۈك غۇرۇر ۋە يېتۈك پەزىلەت بىلەن تەربىيىلەيدىغان روھىيەت مەكتىپى - خەلق مەشرەپلىرىنىڭ مەزمۇنىنى تانسا بارا-بارا ئۆزگەرتكىلى تۇردى. قىز-ئاياللارنىڭ قەلبىدىكى ئەنئەنىۋى - ھەقىقىي مەنىسىدىكى ئىپپەت - ھايا ئۇقۇمى ۋە ئەركەكلەردىكى ئەرلىك غۇرۇر، ئەرلىك بۇرچ ئۇقۇمى تەدرىجىي ئۆز جۇلاسىنى يوقىتىپ بارماقتا. بۈگۈن ئۇيغۇرنىڭ تويىنى تانسا ۋە شارابسىز تەسەۋۋۇر قىلىش تەس. خۇددى ئۇ تويىنىڭ مۇقەددەس تەركىبلىرىنىڭ بىرسىگە ئايلىنىپ قالغاندەك قىلىدۇ. توي توغرىسىدا ئازراق توختىلىش ئارتۇقچە ئەمەس. ياۋروپالىقلار بىزگە تولىمۇ ھەجۋىي سىياقتىكى ئاپئاق توي كۆڭلىكى، تانسا ۋە شارابلار (شارابنى كىم كىمدىن ئەكىردى، بۇنىسى نامەلۇم، بىراق بىزنىڭ بۇيەردە كۆزدە تۇتىدىغىنىمىز شارابقا مۇناسىۋەتلىك ئۇرۇنسىز شەكىللەر ۋە ئىسراپچىلىقلار) نى، غەربچە قۇچاقلىشىپ سۆيۈشۈش شەكىللىرىنى ھەقسىز ھەدىيە قىلسىمۇ، تويىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى - مەنىسىنى ھەدىيە قىلمىغاندەك تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە توي مۇراسىملىرىمىزنىڭ شەكلىنى خەقتىن ئەكەلمىسەكمۇ بىزدە يېتىپ ئاشقۇچە بار ئىدى (غەربلىكلەر بىزدىن قانچىلىك ئەكېتىۋاتىدۇ، ئۇ بىزگە نامەلۇم). ئەمما ئۇ ھازىر تويغىمۇ - مۇسابىقىغىمۇ، نامايىشقىمۇ، كۆرەككىمۇ، يەپ-ئىچىش مۇسابىقىسىغىمۇ، ئېشەك سودىسىغىمۇ ئوخشاۋېرىدىغان بولدى. مانا قاراڭ: نۇرغۇن پۇل خەجلەپ، توي كۈنى ئۈستىگە بىر ئارتىۋالمىسا بولمايدىغان، سۈپۈرگىدەك يەرنى سۈپۈرۈپ ماڭىدىغان ئەشۇ ئاق كۆڭلەكنى كىيمىسە قىز تويى بولغاندەك ھېس قىلمايدۇ. ھېلىھەم جەنۇبتا ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۆلۈم پەتىسىگە ئاق كىيىم كىيىدۇ. قارىغاندا، بىز تويىنى ئازابنىڭ بىرىنچى قەدىمى دەپ قاراپ، ئاق رەڭنى تاللىساق كېرەك. ھەتتا كېپەنلىرىمىزمۇ ئاق (ئاق رەڭنىڭ ياۋروپالىقلار نەزىرىدىكى ئېستېتىك مەنىسى ئەلۋەتتە بىزگە ئوخشىمايدۇ). بۇنىڭ ئۆزى تويلىرىمىزدىكى بىر قارا يۇمۇر. بۈگۈن ياۋروپالىقلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋاتقان رەڭدار ئەتلەس - شايىلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ تەن قۇرۇلمىسى، چىراي ئالاھىدىلىكى ۋە پىسخىك ئالاھىدىلىكىگە ماسلىشىدىغان يارىشىملىق، نەفىس توي كىيىملىرى تىكىلسە بولۇۋېرەتتىغۇ، دەپ ئويلاپ قالىمەن (ھازىر دوپپا بىلەن ئەتلەس كونىلىقنىڭ، دەلدۈش ئادەملەرنىڭ تىپىك بەلگىسى بوپقالغاندەك قىلىدۇ. قارىمامسىز، تېلېۋىزورلاردىكى ئىنتوت-ئېپىزوتلاردا تەسۋىرلىنىدىغان دېھقانلارنىڭ ئوبرازى نەق ئەشۇ سىياقتا ئەمەسمۇ؟ شۇڭا ھازىر دوپپا ياكى ئەتلەس كىيگەنلەر شەھەر ئادەملىرىنىڭ كۆزىگە جەنۇبنىڭ ھاماقەت، ماڭۋاقتى، دەلدۈش دېھقىنىغا ئوخشاش كۆرۈنىدىغان بوپقالغان ئوخشايدۇ). خەۋەر تېپىشىمچە، چەت ئەللىكلەرتوي كۈنى قېرى - ياش ھەممەيلەن جەم بولۇپ، تويىنىڭ شادىيانە ناۋاسىنى تەڭ ياڭرىتىپ، بىرنىيەتتە قىز-يىگىتكە ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ سەمىمىي قۇت-تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشۈپ، ئۆزلىرى ئەڭ ئەھمىيەتلىك دەپ قارىغان سوۋغىتى (بۇ غەربتە بەك مۇھىم) نى تەقدىم قىلىپ، تويىنى تەڭ قىزىتىدىكەن. تويى بولۇۋاتقان قىز-يىگىتمۇ مېھمانلار بىلەن بىر-بىرلەپ سەمىمىي كۆرۈشۈپ چىقىدىكەن. ئۇلارنىڭ تويىدا بىزنىڭكىگە ئوخشاش رەسۋاچىلىقلار ئاز بولسا كېرەك.

بىزنىڭ تويىمىزچۇ؟ ھەي ي! بىزدە تويمۇ توي بولماي قالدىغۇ! بىزدە ھازىر ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان «ياشلار سورۇنى»، «ياشانغانلار سورۇنى» دەپ ئاتىلىدىغان «بېرلىن تاملىرى» (پەقەت تويدىلا ئەمەس) ياشلار بىلەن ياشانغانلارنى ئاستا-ئاستا ئايرىۋەتكىلى تۇردى. بۇنداق «بېرلىن تاملىرى» مەدەنىيىتىمىزدىكى بىر پاجىئە ھەم دەردىمىزنىڭ بىر يىلتىزى. مۇنداق سورۇندا ياشانغانلار ئۈچتەك ئاقارغان چاچ - ساقاللىرىنى سىيپاپ، ئۆزىنىڭ قىران دەۋرىنى ئەسلەپ پاراڭ سوقۇشۇپ ئولتۇرىدۇ. ياشلار بولسا مەست-ئەلەس، ئىگىز-پەس دەسسەپ تانسا ئوينىۋالغىنىغا خۇش («تانسا» دېگەن گەپ «بىر-بىرىدىن تانسا» دېگەن گەپكىمۇ ئوخشاپ دېدى). تويلىرىمىزدا سۈدەك ئىچىلىۋاتقان ھاراق-شارابلار، قىيامەتنىڭ سادالىرىغا ئوخشايدىغان جەڭگى-جېدەل، قىقاس-چۇقانلار ياشانغانلارنى ئىختىيارسىز ياقا تۇتتۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. ياشلار بىلەن ياشانغانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇنداق پاسىل تاملار بىزدە يەنە باشقىچە پاسىللارنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ بىزنىڭ تويىمىزدىكى ئىككىنچى قارا يۇمۇر. غەربلىكلەر ئادەتتە مېھمانلار تولۇق كەلگەندە تائام تارتىدۇ. ئۇيەردە كۆپرەك ئەل-جامائەتنىڭ ھەمجەھەتلىكى كۆزدە تۇتۇلسا كېرەك (پەقەت تويلا ئەمەس). بۇنداق بولغاندا تويغا قاتناشقان ھەممە مېھمانلار ئۆزئارا تونۇشۇپ چىقىدۇ. بىزدە باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى قەتئىي ئويلاپ قويمايدىغان ئوسال قىلىق بولغاچقا، چىرايلىق ئادەم ئېتىپ قىچقارغان يەرگە ھۆرۈن خوتۇننىڭ پايتىمىدەك سۆرۈلۈپ بارىمىز. بىر-بىرىمىزنى مانا شۇنداق ئەپلەپ-سەپلەپ ئالداپ كېلىۋاتقاچقا يىغىلىشلىرىمىز ۋاقتىدا باشلانمايدۇ. ساھىبخان ئىلاجىسىز مېھمانلارنى ئۇدۇللۇق ئۆزىتىدۇ. مېھمانلارنىڭ ئۆزئارا تونۇشقىدەك ئەسلا چولىسى بولمايدۇ. تويدا تويىنىڭ «مالىيە مىنىستىرى» يوقلىمىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، سىزنى ئىئانە بېرىشكە زورلايدۇ. بۇ بىزنىڭ ئەسلىدىنلا نامرات ياكى بارغانسېرى ئاچكۆزلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىمىزدىنمۇ قانداق؟ بۇ، تويىمىزدىكى ئۈچىنچى قارا يۇمۇر. بۇلار بىزدىكى توي بىلەن غەرب تويلىرىنىڭ كومېدىيىلىك سېلىشتۇرمىسى. بىز تولا ئىشلاردا ئاڭقاۋ⑥ بولساق كېرەك. مېغىزىنى تاشلاپ شاكالغا ئېسىلىپ، ئاخىرىدا شاكالنىڭ ئارىسىدىن مېغىز ئاقتۇرۇدىغان ئەخمەقلىق تۈرلۈك شەكىللەردە بىزدە بار بوپتۇ. بۇ ئىشلار بەزىدە

مەسىلىدىكى ئېيىق بىلەن ئادەم زىيالەت تېرىپ، مول ھوسۇلنى بۇلۇشكەندە ھەر قېتىم ئالدىنىپ قالىدىغان ھېلىقى ئەخمەق ئېيىقنى يادىمغا سالىدۇ.

پادىچى ئىشتىنى (ئىنگلىزچە Cowboy، خەنزۇچە 牛子裤) ئامېرىكا قىتئەسىدىكى پادىچىلارنىڭ كىيىمى بولۇپ، پۈتكۈل دۇنياغا مۇنداق تېز سۈرئەتتە يامرىشى ئۇنىڭ ئىجادچىسىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇپ، ئۇنى نەچچە يىلدىلا كاتتا زەردارغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. بۇنداق ئىش ھەقىقەتەن كەشپىيات تارىخىدا ئاز ئۇچرايدۇ. بۈگۈن كوچىدا ھەر ئون ئادەمنىڭ بىرسىدە چوقۇم بۇنداق كىيىم بار بولغان بولىدۇ. بۇنداق ئىشتانلار پات يىرتىلمايدىغان بولغاچقا، دېھقانلارغا تازا ياراشقىلىق تۇردى. بۇنداق كىيىم-كېچەكنىڭ شىددەت بىلەن ئومۇملىشىشى ئۇيغۇر كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىگە ئېغىر زەربە بولۇۋاتىدۇ. دۇنيادا شۇنداق بىر ھەقىقەت ئايان بوپكەپتۇ: سەن ئۆز قەدرىڭنى ئۆزۈڭ پايخان قىلساڭ، باشقىلاردىن ھۆرمەت كۈتمىسەڭمۇ بولىدۇ.

ماڭا ئىنگلىز تىلى ئۆتكەن جالالىيە ئىسىملىك ئامېرىكىلىق ئوقۇتقۇچى بىر قېتىملىق دەرستە مەدەنىيەت ۋە ئەنئەنە ئۈستىدە توختىلىپ: «مەدەنىيەتنىڭ چۈشكۈنلىشىشى ۋە ئادەملەردىكى روھىي تەنھالىق ياۋروپالىقلارنى دىنغا يېقىنلاشتۇردى. 200 ـ 300يىللىق تارىخقا ئىگە توپا باسقان قەدىمىي چېركاۋلار ھازىر قايتام-تاشقىنلىققا تولدى. ئامېرىكىدا ئۆز مەدەنىيىتى ۋە ئەنئەنىسىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان مىللەتلەرنى ئىنگلىزلار بەك ھۆرمەت قىلىدۇ. ئامېرىكىدىكى خەنزۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مىللىي ئۆرپ-ئادىتىنى ئىزچىل ساقلاپ كەلمەكتە» دېگەندەك بىر گەپنى قىلغانىدى. غەربنىڭ شالغۇت مەدەنىيىتى ئالدىدا شۇنچىلىك تەشەببۇسكار ۋە قىزغىن بوپكېتىۋاتقىنىمىزنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، بىزدىكى مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرى ئۆز ئورنىنى شەكىلگە ساقلاپ، يىلدا بىر قېتىم تەكرارلىنىدىغان مۇراسىم رەسمىيەتلىرىنى ئادا قىلىپ قويىدىغان رەسمىيەتچى ئورگانلارغا ئايلاندى. بۇنداق ئورگانلار ئەسلى قائىدە بويىچە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقان جەۋھەرلىرىنى جاھان ئەھلى (جاھان ئەھلىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئاۋۋال ئۆزىمىز) گە نامايان قىلىشى، مەدەنىيەتتىكى كەمتۈك جايلارنى تۈزىتىشكە يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك ئىدى. شۇنداق بولغاندا، بىزدە مىللىي مەدەنىيىتىمىزگە بولغان ئوتلۇق ھەۋەس قايتا قوزغىلىپ، مەدەنىيىتىمىزنىڭ سىرتىنى قاپلاپ تۇرغان ئىس-تۈتەكلەر بۇنچىۋالا قېلىنلاپ كەتمىگەن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى خەلقئالەم ئالدىدا بۈگۈنكىدەك غېرىبلارچە بويۇن قىسىپ قالمىغان بولاتتى. خۇداغا شۈكرى! بىزدە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» دېگەن بىر ژۇرنال بار ئىكەن. بۇ ژۇرنال زېمىنىسىگە تولىمۇ ئېغىر يۈكنى ئارتىپ، مەدەنىيەتنىڭ مەنزىللىرىدە سالماق قەدەم بىلەن چاماپ كېتىۋاتماقتا. غەرب ئەللىرىدە مەدەنىيەت مۇئەسسەسى تەتقىقاتى (غەربنى قويۇپ تۇرۇپ قوشنا ئەللەرگە قاراپ باقسىمۇ بولىدۇ) بىر تۇتاش پىلانلىق تۈردە ئىدىتلىق ئېلىپ بېرىلىدىكەن، پۈتكۈل ئاۋام قوللاپ-قۇۋۋەتلەيدىكەن. ئاۋامنىڭ رايىنى ئەكس ئەتتۈرەلىگەن ھەرىكەت تەنھا قالمايدۇ. مەدەنىيىتىمىزنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئاۋۋال ئۆزىمىز بايقىساق، ئاندىن خەققە چىش يېرىپ بىرنېمە دېگىلى بولىدۇ.

بۈرۈن بۇ جاي ھىندى، ياۋروپا، پارس، ئەرەب، خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچرىشىش نۇقتىسى بوپتىكەن. مەدەنىيىتىمىز شۇلاردىن ئۆزىگە لايىق شىرنە يىغىپ بۈگۈنگە كەپتۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، ئەمدىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى، خەلقئارالىشىش دولقۇنى تېخىمۇ دەھشەتلىك تۈس ئالىدۇ. روھىي مۇداپىئەسى ئاجىز مىللەت چوقۇمكى باشقىلارنىڭ خېمىرتۇرۇچىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بىزدە ئىنتايىن سىستېمىلىق مەدەنىيەت تەتقىقات ئورگانلىرى بولغان بولسا، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ جەۋھەرلىرىنى خەلققە بىلدۈرەلىگەن بولسا، خەلقىمىز ھەسەلگە مىلانغان غورىنى يەپ ئاغزىنى تاتلىق ئېتىپ يۈرۈۋەرمىگەن بولاتتى. ئەگەر مۇشۇنداق بولۇۋېرىدىغان بولسا چىشىمىز قاماپ، ھەقىقىي تاتلىق تەمنى سېزىش ئىقتىدارى يوقىلىشى مۇمكىن. ئۇنداقتا، مەدەنىيەت تەتقىقاتى دېگەن نەرسە بىزدە بارمۇ؟

بىزدىكى مەدەنىيەت تەتقىقاتى دېگەندە كۆپرەك كلاسسىك ئەسەرلەرنى توپلاپ، كلاسسىكلارنىڭ ھايات پائالىيىتىنى ئەرتىپلەش، ھەرقايسى جايلارنىڭ نامىدا ئاتالغان چۆچەك-قوشاقلار توپلىمى، ئانچە-مۇنچە مۇقام، مەشرەپ، ئوغلاق تارتىشىش، دېگەندەك ئەنئەنىۋى پائالىيەتلەر ھەم يىلدىكى 12ئاينىڭ تەرتىپى بويىچە دىيارىمىزدىكى يۇرتلارنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى نامىغا ئاتالغان بايرامچاقلار . . . مانا بۇ بىزدىكى مەدەنىيەت تەتقىقاتىنىڭ كومىدىيىلىك كۆرۈنۈشلىرى. ئەلۋەتتە بىزگە ئەشۇلار كېرەك. بىراق مەدەنىيەت تەتقىقاتى دېگەن مۇنداق يۈزەكى ھالەتتە توختاپ قالسا بولمايتتى.

مەدەنىيەت دېگەن يىلدا بىر قېتىم چېپىپ-قاشلاپ، قايتا سۇ قاچىلاپ قويسا بولۇۋېرىدىغان كۆلچەك ئەمەس. ئۇ توختىماستىن تاشقىن ياساپ، ئۆزىنىڭ قىرغاقلىرىنى دائىم يېڭىلاپ تۇرىدىغان، ئوپقۇنلۇق باغرىدا قۇلۇلە قارىنىدىكى مەرۋايىتنى ساقلاپ قالالايدىغان بىپايان دېڭىز. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئەسەد سۇلايمان، دىلمۇرات ئۆمەر قاتارلىق يول ئاچقۇچى پىداكار ئالىملىرىمىز مەدەنىيىتىمىزنىڭ تىنىدۇرمىسىنى ئۆزىمىزگە خېلىلا ئېنىق رەۋىشتە كۆرسىتىپ، خەلقئالەم تەھسىن ئوقۇغىدەك سەمەرىلىك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى. مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭ پىسخىك تىنىدۇرمىسى، مەدەنىيەتنىڭ قاتلىمى، مەدەنىيەتلەر تەسىرى دېگەنلەرنىڭ زادى قانداقلىقىنى بىز ئەمدىلەتىن قايتا بىلگەندەك بولدۇق. مەدەنىيەت تەتقىقاتى ئۆزىگە تولىمۇ يۈكسەك مەزمۇننى مۇجەسسەملىگەن. بىر مىللەتنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىگە بولغان مۇھەببىتى ۋە ھۆرمىتى مەدەنىيەتكە بولغان چوڭقۇر چۈشىنىشتىن ھاسىل بولىدۇ. ئەگەر، چۈشەنچە سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈك ھالىتىدە توختاپ قالىدىكەن، ئالۋۇ مەدەنىيەتكە سەجدە قىلىش يۈز بېرىدۇ. ياش پەيلاسوپ ئابدۇقادىر جالالىددىن ئەپەندى بىر قېتىملىق سۆزىدە: «مەدەنىيەتمۇ ۋەتەن» دېگەنىدى. بىز بۇنىڭدىن مەدەنىيەت ئۆتمىشىدىن روھىي ئۇيۇقلارنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىنمۇ پايانسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. بۇنىڭدىن كېيىن مەدەنىيەتنىڭ خەلقئارالىشىش دولقۇنىدا ئۆزىگە لايىق پىسخىك مۇداپىئەسى بولمىغان ياكى ئاجىز بولغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى خۇددى تارام ئېقىنلار ئەزىم دەريادا غايىب بولغانغا ئوخشاش ئىز-دېرەكسىز غايىب بولىدۇ. ئۇنى قايتا ياراتقىلى ياكى سۈزۈۋالغىلى بولمايدۇ. سۆزىمىزنىڭ دەلىلىنى بىز ھەركۈنى بۇرنىمىزغا ئۇسۇپ تۇرغان رېئاللىقتىن ئوچۇق كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. بۇنداق رېئاللىققا پەقەت كۆزنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرۇش ئەمەس، پاسسىپ پوزىتسىيە بولسا كېرەك.

ئىنسانىيەت تارىختا يەر، مۇستەملىكە ۋە نېفىت مەنبەلىرى ئۈچۈن قانلىق ئۇرۇشتى. بۇنداق ئۇرۇشلار ھېلىھەم ئۈزۈلۈپ قالغىنى يوق. 21-ئەسىردىكى ئۇرۇش بىر خىل شەكىلسىز، ئىس-تۈتەكسىز ئۇرۇش بولۇپ، ئۇنى «مەدەنىيەتلەر ئۇرۇشى» دەپ ئاتايمىز. ئامېرىكا ئالىمى ساموئېل خۇنتىڭتون بۇ ھەقتە: «دۇنيادا ئەمدى كرىست (خرىستىئان) مەدەنىيىتى، ھىلال ئاي (ئىسلام) مەدەنىيىتى، ئەجدىھا مەدەنىيىتى توقۇنۇشىدۇ» دەپ يازىدۇ. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن كۈچلۈك سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەمەلىي ئاساسقا ئىگە مەدەنىيەت ھامان يەرشارىلىشىش يۈزلىنىشىگە قاراپ سىلجىيدۇ. مۇنداق ئۇلۇغ «كۆچ-كۆچ» ھامان ئاجىز مەدەنىيەتلەرنىڭ جەسىتى ئۈستىدىن دەسسەپ ئۆتىدۇ. خۇددى ئۇيغۇر ماقالىسىدا دېيىلگەندەك: «يىقىلىپ چۈشسەڭ، قۇشقاچمۇ دەسسەپ ئۆتىدۇ». دۇنيادىكى تالاي سەلتەنەتلىك مەدەنىيەت قەسىرلىرى ئەنە شۇنداق غۇلاپ چۈشتى.

نۆۋەتتە خەلقئارادا «مەدەنىيەتنىڭ خەلقئارالىشىش» مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا بىر مۇنچە بەھس - مۇنازىرىلەر قوزغالدى. «مەدەنىيەتنىڭ خەلقئارالىشىشىغا قارشى تۇرۇش تەشكىلاتى» نىڭ ئەزالىرى ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ سىياسىي-مەدەنىيەت ساھەسىگە بېسىم پەيدا قىلىپ، «مەدەنىيەتنىڭ خەلقئارالىشىشىغا قارشى تۇرۇش» دولقۇنىنى قوزغىدى. مۇنداق تەشەببۇسلارنىڭ يەنە شۇ ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىن ئۆتۈپ چىققىنىغا قارىغاندا، تەرەققىيات، زامانىۋىلىقنىڭ ۋاڭ-چۇڭلىرى بىلەن تولغان، يەرشارىدىكى تالاي ئادەملەرنىڭ خىيالىدىكى جەننەتكە ئايلانغان ئەشۇ جايدىمۇ ئىنسانىي سۆيگۈنىڭ ئارامبەخش شامىلىغا قۇچاق ئاچالايدىغان سەزگۈسى ئويغاق ئادەملەر بولسا كېرەك.

ئىنساننى سۆيۈش دېگەنلىك ئىنسان ياراتقان، ئىنسانغا سۆيگۈ-مۇھەببەت، ئېتىقاد، ئىشەنچ ئاتا قىلالايدىغان بارچە مەغرۇرە نەرسىلىرىنى قەدىرلەپ سۆيۈش - قوغداش دېگەنلىك. ئويلاپ كۆرۈڭچۇ! يەرشارىدىكى تالاي رەڭگارەڭ مەدەنىيەتلەر ئۇشتۇمتۇت يوقىلىپ، ھەممىلا ئادەم بىرخىللا مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە تەۋە بوپقالسا، بۇنىڭدىنمۇ بىمەنە ئىش بولامدۇ؟ ئەشۇ رەڭمۇرەڭ مەدەنىيەت بولغاچقىلا دۇنيا مانا شۇنداق قۇۋناق. سىز كۈندە بىرخىل تائام يەپ، بىرخىل مۇزىكىنى ئاڭلاۋەرسىڭىز سەزگۈلىرىڭىز زېرىكىشكە باشلايدۇ. تاغ-دالىلاردا تەبىئەتكە ھۆسن قوشقان ياۋا گۈل-چېچەكلەر، دەل-دەرەخلەر، بارچە ھايۋانات-جانلىقلار دەل ئۆزىدىكى رەڭگارەڭ ئالاھىدىلىك، رەڭ-پۇراق ئۆزگىچىلىكى بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ گارمونىك مېلودىيىسىنى تەشكىل قىلغان ئەمەسمۇ؟ ئىنسان ياراتقان مەدەنىيەتمۇ دەل شۇنداق. ھەرقانداق بىرخىل شەكىلدىكى مەدەنىيەت بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدىكەن، زىيان تارتىدىغىنى شۇ مەدەنىيەتنىڭ ھەقدارلىرىلا بولمايدۇ.

ئادەملەر ھېلىھەم ئەجدادلىرى ياراتقان مەدەنىيەتتىن مەنپەئەت ئېلىپ كېلىۋاتامدۇ؟ بىز مەدەنىيەتنىڭ سۆڭەكلىرىنى نەي قىلىپ چېلىۋاتقىنىمىزدا بىر ئۇلۇغۋار قەدىمىي روھنىڭ ۋۇجۇدىمىزنى لەرزىگە سېلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ تۇرۇۋاتىمىز. بۈگۈن ئادەملەر ئاستا-ئاستا قەدىمىيلىككە، تەبىئىيلىككە، بىغۇبار قەدىمىي مەدەنىيەتكە - ئاتا-بوۋىسىنىڭ روھىغا سېغىنماقتا. بۇنى ئۇزۇل-كېسىل ماددىي پاراغەتنىڭ ئىنسان روھىدىكى نەتىجىسى دەپلا ئېيتىشقا بولمايدۇ.

نېمىشقا دۇنيادا ساياھەتچىلىك كەسپى كۈنسېرى راۋاجلىنىۋاتىدۇ؟ بۇنىڭدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر سەۋەبنى يۇقىرىدا تىلغا ئالدۇق. ياپونلار شىنجاڭغا كەلسە نېمىشقا ئەڭ ئاۋۋال مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مازىرىنى يوقلايدۇ؟ ئۈرۈمچى نېمىشقا ئۇلارنى جەلپ قىلالمايدۇ؟ نېمىشقا ھەر يىلى نەچچە مىليون كىشى ئەلئېھرامىنى زىيارەت قىلىپ مىسىرنىڭ غەزىنىسىنى توشقۇزىدۇ؟ قەشقەر، سەمەرقەند، رىم شەھەرلىرىنىڭ سېھرىي كۈچى نەدە؟ ئۇلاردىكى بىردىنبىر سىر ئۇلاردىكى ئۇرغۇپ تۇرغان، تېخىچە ھاياتىي كۈچىنى يوقاتمىغان قەدىمىي پۇراق ۋە بۈگۈنگىچە ئاڭلىنىۋاتقان ئەجدادلارنىڭ تىنىقى. ئەگەر ھازىر ئۈرۈمچىگە سېلىنىۋاتقان مەبلەغنىڭ ئاز بىر قىسمى بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ قىياپىتىنى ھەقىقىي ئۇيغۇر بىناكارلىقى ئۇسلۇبىدا (مېنىڭ تەتقىق قىلىشىمچە، ھازىر ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ نادىر ئۈلگىسى دەپ قارىلىۋاتقان نۇرغۇن قەدىمىي قۇرۇلۇشلار ئەمەلىيەتتە ئەرەب-ئىسلام بىناكارلىق ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزلەشمە نۇسخىلىرى بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى ئۇيغۇر بىناكارلىقى دەپ ئاتىۋالغان. مېنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىم ئىسلام مەدەنىيىتى دىيارىمىزغا كىرىشتىن قانچە ئەسىر بۇرۇنقى پۈتكۈل دۇنيانى ھەيرانۇ-ھەس قالدۇرغان، بىزگە قايتا نېسىپ بولمايدىغان ھەقىقىي ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبى. شۇڭا ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىدىن كەلگەن سەيياھلار دىيارىمىزغا كەلسە ئانچە ھەيرانلىق ھېس قىلمايدۇ. بۇ ھەقتە يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئەھمىيەتلىك ئەمگەكتۇر) ياساپ چىققىلى بولسا، ئۈرۈمچىنى دۇنيادىكى مەشھۇر ساياھەت شەھەرلىرىدىن قىلىپ قۇرۇپ چىققىلى بولىدىكەن. بۇنىڭ شىنجاڭ مالىيىسىگە كەلتۈرىدىغان پايدىسى ھازىرقىدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى بولىدىكەن (شىنجاڭ ئىچى-سىرتىدىكى نۇرغۇن خەنزۇ مۇتەخەسسىسلەر شۇنداق قارايدۇ). دۆڭكۆۋرۈك سودا بازىرىنىڭ پۈتۈپ چىقىشى بىر خۇشاللىنارلىق ھادىسە، ئەلۋەتتە. (بۇ سودا بازىرىنىڭ خەنزۇچە نامى توغرا ئېلىنغان. ئىنگلىزچە نامى يەنىلا «ERDAOQAOMARKET» دەپ ئېلىنغان، بۇنى قائىدە بويىچە «DONGKOWRUK MARKET» دەپ ئالسا توغرا بولىدۇ، ھەرقانداق تىلدا جاي نامى ئەينەن ئېلىنىدىغىنى پاكىتقۇ؟!)

ئادەملەر ھامان ئەجداد روھىدىن ئارامبەخش ۋەھىيگە ئېرىشىشنى ئىستەيدۇ. بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە روھىي مۇۋازىنىتى يوقىلىپ، قەلبى قۇرغاقلىشىپ كېتىۋاتقان غەرب ئەللىرى ساياھەتكە ئەنە شۇنداق ئامراق. يېقىندا بىر خەنزۇچە ماتېرىيالدا بىر خەنزۇ مىمارچىنىڭ تورپان مۇزېيىنى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق لايىھەلەپ چىققانلىقىنى، بۇنىڭ ساياھەتچىلىكتە قالتىس رول ئوينىغانلىقىنى يېزىپتۇ. يەنە خەۋەر تېپىشىمچە، ئىچكىرىدىكى بىر خەنزۇ كىيىم لايىھەلىگۈچىنىڭ «كروران گۈزىلى» نىڭ كىيىم نۇسخىسىغا ئاساسەن لايىھەلىگەن كىيىمى خەلقئارا كۆرگەزمىدە قالتىس باھاغا ئېرىشىپتۇدەك. يەنە قاراپ باقىدىغان بولساق، قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزنالىرى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان، ئاتا-بوۋىلارنىڭ مەدەنىيەت ھاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بەدىئىي سەۋىيىسى خېلىلا يۇقىرى ئىشلەنگەن نۇرغۇن ئېلان ۋە قەدىمىي ئىسىملاردا ئاتالغان تاۋار ماركىلىرى كىشىلەرنىڭ تولىمۇ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى. مەسىلەن، «كارۋان»، «ئەلشىر» ئاياغلىرى، «ئارمان» مەھسۇلاتلىرى، «ئانا زېمىن» مەھسۇلاتلىرى، «بوغدا دوختۇرخانىسى» نىڭ ئېلانى، «ئىزچىلار» مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېلانى، «كروران»، «ئوغۇزخان»، «ئەنجۈر» قاتارلىق ماركىلاردا تەبىئىيلىك ھەم زامانىۋى پۇراق جىپسىلاشقان بولۇپ، كىشىگە يېقىملىق ۋە تاتلىق تۇيغۇ ئاتا قىلىدۇ. بولۇپمۇ مەن ھەرقېتىم «ئىزچىلار» مەھسۇلاتىنى تېتىغىنىمدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى بىز پەخىر ئىلكىدە تىلغا ئالىدىغان «تەۋپىق دەۋرى» نى ئاپىرىدە قىلغان، ئابىدىسى خەلقىمىز قەلبىگە مەڭگۈ ئورناپ كەتكەن يالقۇنلۇق مەرىپەت باھادىرى مەمتىلى ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ «ئىزچىلار ئەترىتى» نىڭ دىيارىمىزدا جاراڭلاتقان مارشلىرى قايتا ئاڭلانغاندەك بولىدۇ. «كروران» مەھسۇلاتلىرى ئۇيغۇر تارىخى - مەدەنىيىتىدىن خەۋىرى بار ئوقۇرمەننىڭ ئېسىگە تارىختىكى قۇدرەتلىك كروران پادىشاھلىقىنىڭ يۈكسەك مەدەنىيىتىنى، «كروران خانىش» نىڭ جاھان ئەھلىنىڭ يۈرىكىگە ئوت ياققان گۈزەل رۇخسارىنى ئەسكە سالىدۇ. «ناپالېئون» ماركىلىق ھاراق-تاماكىلارنىڭ فرانسۇزلارغا ئاتا قىلىدىغىنى يالغۇز شۇ كەيپلىك لەززەتلا بولمىسا كېرەك. مەدەنىيەتنىڭ سېھرىي كۈچى يۈرەك تارىمىزغىلا ئەمەس، غەزىنىمىزنىڭ قۇلۇپىغا ، يېنىڭىزدىكى ھەميانىڭىزمۇ تەسىر قىلالايدۇ.

خوش، بىز كۈتۈۋالىدىغان مەدەنىيەتنىڭ سەھرى قانداق بولىدۇ؟ ئۆزبېكىستانلىق بىر ئاق كۆڭۈل ئالىم: «دېھقىنى بار مىللەت يوقالمايدۇ» دېگەنىكەن. گېرمانىيىلىك ئۇيغۇرشۇناس گاباتىن خانىممۇ: «مىللەتنىڭ مەدەنىيەت جەۋھىرى دېھقانلاردا ئەڭ ياخشى ساقلانغان بولىدۇ» دېگەنىكەن. بىر ئۆمۈر يەرگە باغلىنىپ، باش-ئايىغى چىقمايدىغان تېرىم ئىشلىرى بىلەن ھەپىلىشىپلا ئۆتىدىغان دېھقاندا ھەقىقەتەن سىرتقى مەدەنىيەتكە قارشى جاھىللارچە قارشىلىق پىسخىكىسى شەكىللەنگەن. تىل-مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەتنىڭ ئۆزگىرىشى تېرىم مۇھىتىدا ئاستا بولىدۇ. سۆزىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە دوكتور ئەسەد سۇلايمان ئەپەندىنىڭ «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ»، «تارىم قۇۋۇقى چېكىلگەندە» دېگەن كىتابلىرىدىن يېتەرلىك

ئىزاھات تاپالايمىز.

بىزنىڭ نۇرغۇن قائىدە-يوسۇن، ئۆرپ-ئادىتىمىزنى، تۇرمۇش بۇيۇملىرىمىزنى تەتقىق قىلىش ھەقىقەتەن ناھايىتى زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. مەن بىر قانچە يىل مابەينىدە كۆزىتىش، تەتقىق ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلاردىكى ئۆتۈك، نان، شاربار ئىشتان، بەلباغ، قاپاق نوگاي، ئوسما قاتارلىقلار ھەققىدە بەزى يېڭى قاراشلارغا ئىگە بولدۇم.

ئۆتۈك ئەسلى مىللىتىمىزنىڭ چەۋەندازلىق، ئوۋچىلىق ھەم چارۋىچىلىق دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۆتۈكنىڭ ھايۋانات تېرىسىدە تىكىلىشى پۇتقا پايدىلىق. ئۇرۇشتا ياكى جەڭگاھلاردا پۇتقا زىيان يەتمەسلىكى ئۈچۈن چەمى قېلىن، قونجى ئۇزۇن تىكىلىدۇ. قونجىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى پۇتنى ئىسسىق ساقلايدۇ. ئۆتۈك كىيگەنلەر ئاسانلىقچە رېماتىزم بولمايدۇ. ھازىرقى زامان تېببىي ئىلمى پۇتنى «ئىككىنچى يۈرەك» دەپ ئىسپاتلىدى. ئۇيغۇرلار پۇتنى ئاسراشقا ئەزەلدىن ئەھمىيەت بەرگەن.

نان- يېزىلاردا ھېلىھەم ئوتۇن بىلەن پىشۇرۇلىدۇ. نان، تونۇر، خامان ھەممىسى يۇملاق بولىدۇ. دانمۇ يۇملاق. بۇ، مىللىتىمىزنىڭ ھاياتلىق ئېستېتىك ئېڭىنىڭ ناندا ئەكس ئېتىشمۇ قانداق؟ ناننىڭ قۇۋۋىتىگە كەلسەك بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ.

شاربار ئىشتان - دەزمال سېلىنماي كېيىلىدىغان، كەڭرى پۇشقاقلىق ئىشتان. قەدىمدىن تارتىپ خەلقىمىزدە: «كەڭرى ئىشتان پايدىلىق» دېگەن ھېكمەت بار. ھازىرقى زاماندىكى بەزى جىنسىي كېسەللەر ئىشتانلىرىمىزنىڭ تەدرىجىي تارلاپ بېرىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

بەلباغ - ئادەتتە تونىنىڭ (ھەيي! بىزنىڭ شۇ چەكمەن تونلىرىمىز ھازىر نەدە قالدىكىن؟) سىرتىدىن باغلىنىدۇ. ئۇ بەدەننى سوغۇقتىن ساقلاپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى بەلنى ئىسسىق ساقلايدۇ. جەنۇبتا نۇرغۇن ئادەملەر بەلباغنى سىرتىدىنلا ئەمەس ئىچىگىمۇ باغلىۋالىدۇ. بۇنداق بەلباغلار يىپەك، تۆگە-قوي يۇڭى ياكى بۆرە تېرىسىدىن ئىشلەنگەن بولىدۇ. بۇرۇنلاردا ئېيىق تېرىسىدىنمۇ ئىشلىنەتتىكەن. بۇنداق بولغاندا بۆرەككە سوغۇق ئۆتۈشتىن ساقلىنىپ ئەرلىك ئىقتىدارنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ (بۇنى يەنىمۇ چوڭقۇرراق تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ).

قاپاق نوگاي - پىشقان قاپاقتا ياسىلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر جەنۇبتا مېيىتنى قاپاق نوگايدا، قاپاق تەرەتلىك⑦ تە يۇيىدۇ. بۇنداق بولسا ساۋاب بولىدۇ، دېيىشىدۇ. ئادەتتە چوڭلار قاپاق تەرەتلىكتە تەرەت ئالسا، يۈز يۇسا ئۇششاق-چۈششەك كېسەل بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ بەلكىم قاپاقنىڭ تەركىبى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

ئوسما - خانىم-قىزلىرىمىز ھېلىھەم ياخشى كۆرىدىغان تەبىئىي پەرداز بويۇمى ئۆسۈملۈكى. ھازىرقى زامان تېببىي ئىلمىدە ئوسمىنىڭ قاشنى قارايتىش، تولىلىتىش، تېرە ۋە قاشنى ئۇزۇنلاش، قاپاق تېرىسىنىڭ قان ئايلىنىشىنى ياخشىلاش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاسراش، قاشنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق رولى ئىسپاتلاندى. ئوسمىنى قەدىمدىن تارتىپ قىز-ئاياللىرىمىز ئىشلىتىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا يازما خاتىرىلەر بار. ئوسمىنىڭ شۇنچىۋالا رولى بولغاچقا، بۈگۈنكى «ئوسما» شىركىتى ۋۇجۇدقا كەلدى. ئوسمىدىن ئىبارەت بىر قەدىمىي رېتسېپ بىر شىركەتنى ياراتتى. مەن شۇنداق ئويلىدىم: ناۋادا ئەل ئارىسىدىكى تالاي «مەخپىي رېتسېپ» لار ئېچىپ راۋاجلاندۇرۇلسا، بىزدىكى ساناقلىقلا ئۇيغۇر كارخانىلىرىنىڭ سانى قانچىلىك بوپكېتەر؟ مەن مۇشۇنىڭغا ئائىت خەنزۇچە ماتېرىياللارنى كۆرۈۋېتىپ دوپپا، پولو، چامغۇر ۋە تۇرپان كارىزى توغرىسىدىكى بەزى يېڭى پىكىرلەرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكۈم كەلدى.

دوپپا: شەكلى جەھەتتىن قارىماققا مىسىردىكى پىرامىدانىڭ گېئومېترىيىلىك قۇرۇلمىسىغىمۇ ئوخشايدۇ. بەزىلەر سىناق قىلىش ئۈچۈن ئەلئېھرامىنىڭ ئىچىگە پىژغىرىم يازدا گۆش قويۇپ قويغان، ئەمما زادىلا بۇزۇلمىغان. قۇرۇلمىسى ئەلئېھرامغا ئوخشاش ئۆي سېلىنسا بۇنداق ئۆينىڭ يەر تەۋرەش ۋە باشقا خەتەرلەرگە بەرداشلىق بېرىش كۈچى ئاشىدىكەن. مۇشۇنداق ئۆيدە ياشىسا ئادەم تولىمۇ راھەت، ئازادىلىك ھېس قىلىپ، نېرۋا كېسەللىرى ساقىيىپ قالىدىكەن. كېسەلنىڭ كارىۋىتى ئاستىغا ئېھرامسىمان مودېلنى قويۇپ قويسا كېسەل تېز ساقىيىدىكەن. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن دوپپا باشنىڭ قان ئايلىنىشىنى ياخشىلاپ، نېرۋىنى ئاسراش، تىنچلاندۇرۇش رولىغا ئىگە بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلىشقان.

پولو - بىزنىڭ نەزىرىمىزدىكى «تائاملار شاھى». پولونى تەتقىق قىلغان ئوزۇقلۇقشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، پولونىڭ تەركىبىدىكى سەۋزە، گۈرۈچ، گۆش، ئۆسۈملۈك مېيى، تۇزلاردىن ھاسىل بولغان بىر خىل ئالاھىدە ماددا يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە پولونى قىزىق پېتى قولدا يەيدىغان بولغاچقا قولنىڭ ئۇچىدىكى سەزگۈ نېرۋىلارنى غىدىقلاپ، نېرۋا سىستېمىسىغا قارىتا پايدىلىق رول ئوينايدىكەن. تېببىي ئىلىم ھازىر قولنى «ئىككىنچى مېڭە» دەپ ئاتىشىۋاتىدۇ.

چامغۇر - ھازىر ئومۇمىيۈزلۈك ئۆپكىنىڭ ئەڭ ياخشى پەرۋىشچىسى دەپ قارالماقتا. ناۋادا بۇ توغرىدىكى تەتقىقاتلار چوڭقۇرلاشسا ئۇنىڭ يەنە ئۆزگىچە خاسىيىتى بايقىلىشى مۇمكىن.

كارىزنى تەتقىق قىلغۇچىلار كارىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى، يەر ئاستى سۈيىنى ساقلاشتىكى رولى، ئۇنى قېزىشنىڭ قىيىنلىقىغا ھەم گېئومېترىيىلىك قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۇنى دۇنيادىكى 8 - مۆجىزە دېيىش كېرەك، دەپ قاراۋاتىدۇ.

ئەمدى بىز ئۆزىمىزدىكى نۇرغۇن «ئەسكى-تۈسكى» لەرگە قايتا قاراپ چىقىشىمىز لازىمدەك قىلىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئېچىپ قازساق، مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۆزگىچە يارقىن ھالەتلىرىنى بايقايمىز. بايقاشنىڭ چوڭقۇرلىشى ئۆزىمىزگە بولغان ھۆرمەت ۋە ئىخلاسنى جەزمەن پەيدا قىلىدۇ. ئەجەبا شۇ چاغدا روھىيىتىمىزنىڭ تەگسىز پىنھانلىرىدىن يېپيېڭى نۇرلۇق بىر سەھەر بىزگە كۈلۈپ باقماسمۇ؟!

## ئىزاھلار

① رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، قىيامەت قايىم بولغاندا دەججال مىڭبىر خىل نەغمە-ناۋا بىلەن يەر يۈزىدە پەيدا بولارمىش.
② رىۋايەتلەردە سەككىز جەننەتنىڭ ئەڭ گۈزىلى دەپ قارىلىدۇ.
③ بۇ، شۇكۈنلەردە ئۈرۈمچىدىكى دېسكوخانىلاردا مودا بولۇۋاتقان غەربنىڭ داڭلىق جاز مۇزىكىلىرى.
④ «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» دىن.
⑤ يازدا چىڭقى چۈشتە قۇملۇقتا پەيدا بولىدىغان خىيالىي، ساختا مەنزىرە، كارۋاننى ئازدۇرىدۇ، ئادەتتە «ئېزىتقۇ» مۇ دېيىلىدۇ.
⑥ دۆت، ھاماقەت.
⑦ قاپاقتا ياسالغان ئىبرىق.

ئاپتور: كۇچا ناھىيە ئۈچئۆستەڭ يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى، ھازىر شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىدا ئىنگلىز تىلىدىن ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتىدۇ(M1)



# «ئىپتىدائىي ئورمان» دىن ياڭرىغان «باراۋان ساداسى»

## — ئۆمىدلىك ياش ئالىم، دوكتور ئەسەد سۇلايماننىڭ يىرىك ئىلمىي ئەسىرى «ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى — بۆرە توتېمى مەدەنىيىتى» ھەققىدە تۇغۇلغان ئويلار

نۇرمۇھەممەت ئۇچقۇن

ئۇزاق تارىختىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن ئۆز تارىخىنىڭ سەلتەنەتلىك سېھرىنى ۋە مىللىي ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ ئويغاتقۇچ قۇدرىتىنى بارا-بارا ئۇنتۇش ھەمدە تۇيغۇن سەزگۈرلەرنىڭ تار، بىكىك، قاششاق ئىدىيىۋى فورمىلارنىڭ سولاقمىلىرىغا چۈشۈپ، پالەچلىنىپ قېلىشى نەتىجىسىدە مىللىتىمىزنىڭ روھىيەت قۇرۇلمىسىدا تولدۇرۇۋالغۇسىز زور يوقىتىشلار كەينى-كەينىدىن يۈز بەردى. بۇ يوقىتىشلار ئەڭ ئالدى بىلەن ئىدىيە — ئاڭدىكى بىپەرۋالىق ۋە «بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈدىغان» تەپەككۇر قاششاقلىقىدىن باشلىنىۋىدى، شۇنى چۆرىدىگەن ھالدا مىللەتنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت-سەنئەت، ئېتىقاد، پىسخىك قاتلىمىدا ۋە ھەربىر مىللەت ئەزاسىنىڭ روھىي مۇۋازىنىتىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەۋرىنىش ھادىسىسى پەيدا قىلدى. ئېسىل مەدەنىيەت - ئەخلاق ئۆلچەملىرىمىز ئەقلىيلىكتە، پرىنسىپال لوگىكىغا يۈكسەك دەرىجىدە بېرىلىپ كېتىپ، ساپ ئىنسانىي ھېسسىيات ۋە ئىشەنچ، ئېتىقادنى تەرك ئەتكەن «زامانىۋى ئادەم» لەر توپى تەرىپىدىن ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ كونا ئەخلەتلىرى، فېئودال ئەقىدىلەر، مۇتەئەسسىپلىق، خۇراپاتلىق، قاتماللىق، كونىلىق. . . سۈپىتىدە ئەڭ قاراڭغۇ ئۆڭكۈرلەرگە چۆرۈپ تاشلاندى. «مەدەنىيەتلىك دۇنيا» نىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش قارىشى ۋە ھاياتقا تۇتقان پوزىتسىيىدە مۇرەسسەسىز يېڭىلىنىش پەيدا قىلىپ تاشلىدى. قاراپ باقىدىغان بولساق، بۈگۈنگە كەلگەندە «ئوغۇزنامە»، «دەدە قورقۇت»، «ماناس»، «گۆر ئوغلى»، «ئالپامىش»، «چىنتۆمۈر باتۇر» . . . دەك گۈزەل ئېپوس-داستانلار ۋە كىشى ئەقلىنى لال قىلىپ تاشلايدىغان سېھىرلىك ئەپسانە-چۆچەكلەرنى بىلىدىغان ۋە شۇلاردىن ئىپتىخارلىنىپ ئۆزكۆڭلىنى ياشارتىپ تۇرالايدىغان، تارىخنىڭ، ئۆتمۈشنىڭ سېھىر دۇنياسى ھەققىدە ساماۋى خىياللارغا يەتكۈچە چۆمۈلۈپ، ھەربىر قەدىمنى مەڭگە باي ھالقىشقا ئايلاندۇرالايدىغان تەجرىبىلىك بوۋاي-مومايلىرىمىز يوقنىڭ ئورنىدا ئازلاپ كېتىپتۇ. بالىلارنىڭ يۇلتۇزلار چاراقلاپ بېنىپ تۇرغان ئۇزاق تۈنلەردە ئاقساقاللىق بوۋايلارنىڭ ھېكمەتلىك چۆچەكلىرىگە قۇلاق سېلىپ، تارىخنىڭ بىپايان سېھىر-داللىرىدا سەير ئېتىپ، ساماۋى چۈشلەرگە بۆلىنىپ ياششى قايتا كەلمەس شېرىن خىياللارغا ئايلىنىپ كەتتى. ئۇلار ئوغۇزخان، گۆر ئوغلى، چىنتۆمۈر باتۇرلارنىڭ ھەيۋەتلىك تۇرقىدىن، ئاتلىرىنىڭ ئوخچۇپ چاپچىشلىرىدىن ۋە زېمىننى تىترىتىدىغان باتۇرلۇقلىرىدىن ئەركەكلىكنى، قەيسەرلىكنى، جەسۇرلۇق،

خەلقچىللىق، ھەققانىيەتچىل ئۇلۇغۋارلىقنى سېزىپ يېتەلمەيدۇ. ئۇلار تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ھەربىر سىلكىنىپ، ھەرىكەتكە كېلىشىدىن تەبىئەت بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى كۆزگە كۆرۈنمەس ئۇلۇغ بىرلىكنىڭ كۈچىنى ھېس قىلىپ يېتەلمەيدۇ.

ئىنسانىيەت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ شەخسنىڭ روھى، كۈچ - قۇدرىتى تولۇق - ۋايىغا يەتكەن ھالدا جارى قىلىنىدىغان تەبىئەت قوينىدىن يۈكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان مۇھىتتىقا «تەنتەنە» بىلەن كىرىپ كېلىشى ۋە بارا-بارا ئەقلىي ئۈستۈنلۈكتە تۇرۇپ ئىنسانىي ھېسسىياتنى چەتكە قېقىشى، بىۋاستە ھالدا ئىنساندىكى ئۆزلۈك تۇيغۇسى، جاسارەت كۈچى ۋە شەخسنىڭ ئەقلىي ھوقۇقىنى سىقىپ چىقاردى. جەمئىيەت چاقىنىڭ ئايلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتا زور رول ئوينىيالايدىغان ئىقتىساد ۋە ئۇنى چۆرىدەپ تۇرغان خۇسۇسىي ماددىي مەنپەئەتدارلىق ئىنسانىيەتنىڭ يارالمىشتىن بۇيانقى كۈلپەت-ھەسرىتىگە، قايغۇ-ئازابىغا ۋە خۇشاللىق چىرمىغان تەنتەنە ھېسلىرىغا ھەمشىرىك بوپكەلگەن تەبىئەت بىلەن بولغان قېرىنداشلىق، سىرلىق مۇناسىۋىتىنىمۇ، ئىلاھ بىلەن بولغان مەنىۋى بىرگەۋدىلىكىنىمۇ شەپقەتسىزلەرچە ئۈزگىتۇرۇپ تاشلىدى. فورمىلاشقان، ئەندىزىلەشكەن «ئىشخانا مەدەنىيىتى» بىردەمدىلا ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسەپ ئۈلگۈردى. ئادەمنىڭ ئىرادە كۈچى، جىسمانىي ئىقتىدارىلا ئەمەس، ئەقلىي قابىلىيىتىمۇ تېخنىكا كۈچىنىڭ، بازار ئېھتىياجىنىڭ ھاكىم كۈچىنىڭ تېررىتورىيىسىدە زېرىكىشلىك ھالدا ئېغىر غىچىرلاپ ئايلىنىدىغان چىشلىق چاقىقا ئايلىنىپ كەتتى. ساپ ھېسسىيات، ھەقىقىي ئىنسانىي ئۇلۇغلۇق ئەشۇ چىشلىق چاقنىڭ ئاراشلىرىدا مىجىلىپ، ئېزىلگەن ھالدا ئىنسانىيەتنىڭ نائىلاجلىقىنى يىغلىماقتا. ئۇنىڭدا ئەمدى يۇلتۇز كۆز قىسسا قاش ئاتالايدىغان ئەركەكچىلىك، تەبىئەتنىڭ تىنىقىنى چۈشىنىپ، ئاڭلاپ يېتەلەيدىغان ئىلاھلىق، بىرتوپ خەلقنىڭ جانجان مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەممىنى قۇربان قىلالايدىغان رەھىمسىز، قارام ئوغۇلبالىچىلىق، قورقۇمسىز نوچىلىق يوق.

كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، ساپ مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە ئەنئەنە روھىنىڭ ئۇنتۇلۇشى مەدەنىيىتىمىزنى، كىشىلىرىمىزنى بۈگۈنكىدەك ئېغىر مەنىۋى كرىزىسكە مۇپتىلا قىلغان. تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ، قان قېرىنداشلىق روھى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئىنسانىي خاسلىقنىڭ، توتېم ئېڭىنىڭ، توغرىراقى ئەقىدە-ئېتىقادنىڭ مەنىۋى تەربىيىلىنىش مۇھىتىدىن سىقىپ چىقىرىلىشى ۋە «ئۇنتۇلغان بۆلۈك» (ئابدۇقادىر جالالىدىن) سۈپىتىدە تاشلىنىپ قېلىشى بۈگۈنكى ئەقىدە-ئەخلاقنىڭ، تېخىمۇ توغرىراقى لاتىن ئامېرىكا يازغۇچىسى ۋىليام فولكنېر ئىزاھلاپ، رەت قىلىپ كەلگەن ئىنسانىيەتنىڭ دەھشەتلىك قىيامىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئاتاقلىق قىرغىز يازغۇچىسى چىنگىز ئايتماتوف «قىيامەت» رومانىدا: «بۈگۈنكى ئادەملەر تۈنۈگۈنكى ئادەملەر ئارىسىدا ياشايدۇ» دەپ يازغانىدى. ئەمما كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بىز تۈنۈگۈننىڭ ئىچىدە ئەمەس، بۈگۈننىڭ ئىچىدىمۇ دۇرۇس ياشيالمايۋاتىمىز. ئايتماتوف بەلكىم «تۈنۈگۈن» نىڭ ئىدىيىسى ۋە روھىنىڭ بۈگۈنگە سىڭىپ كىرىشىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك.

ياراتقان ئاللاغا مىڭلاپ شۈكرانىلەر بولسۇنكى، «ئۇ» ئاخىرى كىردى. بۈگۈنگە ئاستاغىنە سىڭىپ ئەمەس، سىلكىنىپ، ھەيۋە بىلەن سوقۇنۇپ كىردى. ئەگەردە «ئۇ» نىڭدا باشقىلارنى قورقۇتقۇدەك، چۆچۈتۈپ تاشلىغىدەك ھەيۋە بولمىغان بولسا، يەتتە يىل ھېچ سەۋەبسىزلا بىكاردىن بىكار قوغلاندى بولۇپ يۈرەتتىمۇ؟ مول بىلىملىك، ئەتراپلىق كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئالىم - تەتقىقاتچىلار رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتىپ، مۇشۇنداق بىر غايەت زور ئىلمىي ئەمگەكنىڭ بارلىققا كېلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىكى بىر چوڭ بوشلۇقنى تولدۇرغانلىقىدىن تەنتەنە قىلىشىۋاتسا، بىر توپ «قورقۇچى» لارنىڭ «ئۇ» نى ھەيدەپ، ئىتتىرىپ، سىلكىپ تۇرۇشىدىن ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ۋەھىمە ھېس قىلىشقىنىنى بىلىش تەس ئەمەس، بولمىسا «ئۇ» نى سوقۇنۇپ كىردى، دەيتتۇقمۇ؟ بۇ «ئۇ» نىڭ ئۆز ئانا تۇپرىقىغۇ؟! . . .

بىلىپ قال، كۆكبۆرەم! مانا بۇ، توتېم ئېڭىنىڭ ئۇنتۇلۇشىدىن پەيدا بولغان غايەت زور يۈرەكئالدىلىق، بىھۇدە قورقۇنچاقلىق، زىيادە سېزىمچانلىق كېسەلى. ئۇ بىزنىڭ كىشىلىرىمىزنى تاپقان دادىسىغىمۇ گۇمان بىلەن قارايدىغان، تۇغقان ئانىسىدىنمۇ خەۋپسىرەيدىغان ئېتىقادسىزلىققا مۇپتىلا قىلغان. بىلىش تەس ئەمەس ئىدىكى، توتېم بىزنى ئاللىقانداق بىر يەرلەرگە ئەمەس، نەق ئەجدادلارنىڭ سېھىرلىك ئىز، شۆھرەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە ئەنئەنە قىرغاقلىرىغا، شۇنداقلا بۈگۈننىڭ كېسىلىنى داۋالىيالايدىغان تەبىئىي ئارشاڭ بويىغا باشلاپ باراتتى، خالاس. . . .

«ئۇيغۇر توتېم مەدەنىيىتى — 〈بۆرە توتېمى مەدەنىيىتى〉» نىڭ مەيدانغا كېلىشى شەك-شۈبھىسىزكى، بىرقېتىملىق مەنىۋى تىرىلىش، قايتا ئويغىنىشنىڭ تىپىك ئىپادىسى.

20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىن باشلاپ بىز ئېستېتىك ئېھتىياج ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى نەق -ئەينەن تارىخى پاكىت ۋە تارىخى بىلىمگە بولغان

ئىشتىها ـ ئېھتىياجىمىز تۈپەيلى تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشىنى بەكرەك ئارزۇلايدىغان بوپقالدۇق. بۇ، نوقۇل ھالدىكى تارىخقا بولغان ساددا قىزىقىش ياكى تەنتەك ھېسسىيات ئەمەس، بەلكى ئويغىنىۋاتقان مىللىي روھنىڭ ئۆتمۈش ئارقىلىق بۈگۈننىڭ ئەنئەنە، روھىيەت ئېتىزىنى سۇغۇرۇشقا بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىشچانلىقى ئىدى. تارىخ، ئۆتمۈشلەر يېزىلغان ئورنىدا قەغەز بىلەن سىياھ، قولغا چىققاندا ئۆتمۈشنىڭ مۇئەييەن كارتىنىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئەينەك. ئۇنىڭغا مىللىي روھ ۋە بۈگۈنگە مەسئۇل بولۇپ قارىيالايدىغان ئەقلىي كۆز قوشۇلسا، ئۇ، قەغەز-سىياھ ياكى شەيئىيلەرنى ئۆلۈك ھالدىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ، كۆرسىتىش بىلەن كۇپايىلىنىدىغان ئەينەك ئەمەس، ئۆتمۈشنىڭ ھەربىر شان-شەرىپى ۋە تراگېدىيىسى ھەمدە ئۇلارغا باغلانغان بۈگۈن ھەققىدە تىنماستىن سۆزلەپ تۇرۇدىغان قان-ياشقا، تىرىك ئالەمگە ئايلىنىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، بىرمەزگىللىك «يىلتىز ئىزدەش» قىزغىنلىقى باشلىنىپ كەتتى. گەرچە ارىخىي رومانلىرىمىزدا تارىخىي چىنلىق بىلەن ۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئېستېتىك قاتلام، بەدىئىي پەللە شەكىللىنىپ ئۈلگۈرمىگەن، پەقەت زەنجىرسىمان ۋەقەلىكلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشكىلا بېرىلىپ كېتىپ، تارىخىي رومانلارنىڭ بۈگۈن ھەققىدە سۆزلىشىدىن ئىبارەت مۇھىم بۇرچى ئۇنتۇلۇپ قېلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ھەرھالدا بىز مۇشۇ يول ئارقىلىق، نۇرغۇن نەرسىلىرىمىزنى قۇربان قىلىپ بېرىۋەتكەنلىكىمىزنى بولسىمۇ سۇس تونۇپ يەتتۇق. تېخى ئۇ بەدىئىي خۇلاسىدىن يىراق. «ئانا يۇرت»، «قۇم باسقان شەھەر» رومانلىرى بۇ مەسئۇلىيەتنى ئورۇنلاشتا باشلامچىلىق بىلەن يول ئېچىپ بەردى. ئەمدى تارىخىي رومانچىلىقىمىزئۇنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ زور بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش ھەققىدە ئويلىنىپ باقسا، مانا بۇ مېنىڭچە ئۇپراتقانغا، ۋەز ئېيتقانغا، چۇقان كۆتۈرگەنگە راسا ئەرزىيدۇ.

«يىلتىز ئىزدەش» تېمىسى بەدىئىي ئەدەبىياتتا ئەمەس، ئەڭ گەۋدىلىك ھالدا ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىدا مۇئەييەن كۆلەم يارىتىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلدى. ۋەھالەنكى، بىزدە تېخى ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا بولغان ئىلمىي تونۇش ۋە قىزغىنلىق يوق دېيەرلىك. بىزدە ساختا ھېسسىيات بىلەن سۇغۇرۇلغان بىرەر كۇبلېت مەززىسىز شېئىر ئېلان قىلىنىۋالسا، ھەممىلا يەردە ۋەز ئېيتىپ، ئۆزىچە كۆرەڭلەپ باشقىلاردىن نېمىلەرنىدۇر تەلەپ قىلىپ، مارىلاپ يۈرۈدىغان قىزىققانلار ئاز ئەمەس. بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ئەرزىمەس شان-شەرىپى گاھىدا ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىكىنىمۇ بىلەلمىگۈدەك دەرىجىدە مەست قىلىپ تاشلىيالايدۇ. بىزنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك شېئىر، قوشاق، ناخشا-ئۇسسۇلغا كۆمۈلۈپ ياشىغانلىقىمىزنىڭ قالدۇق تەسىرى بولسا كېرەك، ئىشقىلىپ ئېغىزىنى ئېچىپ قاپىيىداش گەپتىن ئىككى-ئۈچنى ئېيتىپ بېرەلىسىلا سادىدا، ئېغىزى ئىسسىق خەلقىمىز ئۇنى «شائىر»، «يازغۇچى» دەپ بېشىدا كۆتۈرۈپ يۈرۈۋېرىدۇ. ئېستېتىك، ئىلمىي قىممىتى، بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ۋە بىر مىللەتكە قوشقان مەنىۋى تۆھپىسى بىلەن ئۇنچىۋالا ھېسابلىشىپ كەتمەيدۇ. لېكىن بىر ئىلمىي تەتقىقات خادىمى كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ جاپالىق تەتقىقات ئېلىپ بارسا، بىر يىلنامىنى ئېنىقلاش ياكى ئوخشىمىغان بىر قاراش، پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، بىرەر مەسىلىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن نەمۇنەگە كونىرىغان سومكىسىنى قولتۇقلاپ سوكۇلداپ يۈرۈپ، نەچچە يىللاپ ھەتتا بەزىدە بەش-ئون يىللاپ مۇشەققەت تارتىپ، ئاران دېگەندە بىر پارچە ماقالە پۈتتۈرسە، ئۇنى مەيدىسىدىن قاقىدىغانلار، چەكچىيىپ قارايدىغانلار تالاي. ئۇنى بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قۇتقۇزغۇچى، ئىلمىي، جاپاكەش تەتقىقاتچى سۈپىتىدە تونۇيدىغانلار بولسا يوقنىڭ ئورنىدا. قاراپ باقىدىغان بولساق، تەتقىقاتچىلار، ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملار تارىختا ھېچقاچان ئۇچراپ باقمىغان ئېغىر كرىزىسقا دۇچ كېلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار قېتىرقىنىپ ئىزدىنىشى، تىنماستىن ھەرخىل ماتېرىيال مەنبەلىرىنى تېپىشى، ئۇنى تەتقىق قىلىپ ئۆز مىللىتىنىڭ مەنىۋى مىراسلىرى بىلەن بىرمۇ بىر سېلىشتۇرۇپ چىقىشى، تۈننى تاڭغا ئۇلاپ مۈكچىيىپ ئولتۇرۇشى، غايەت زور ئىقتىساد، زېھىن ۋە ۋاقىتنى سەرپ قىلىشى كېرەك. يالغۇز ئۇلا ئەمەس، ئىلمىي ئەمگىكىنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىنمۇ، جاپالىق مېھنىتىنىڭ مېۋىسىنى ھوزۇرلىنىپ كۆرۈش، تەمىنى تېتىشنىڭ ئورنىغا مەتبۇئات - نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ ماقالە ئۈچۈن پۇل تەلەپ قىلىشىدىن ئىبارەت قوشلاپ بەدەلىنىمۇ كۆتۈرۈشى، سېخىيلىق بىلەن چىدىشى كېرەك. بۇ ئەلۋەتتە جاپالىق ئەمگەك، ھالال مېھنەتنىڭ خورلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. زاماننىڭ رەھىمسىز مەسخىرىسىدىن باشقا نەرسە تېخىمۇ ئەمەس.

بىزنىڭ تەتقىقاتچىلىرىمىز تارىخنىڭ ئەپسۇس - نادامەتلىرى، كۈلپەتلىك قايناملىرى، ئېچىنىشلىق پىغان-ھەسرىتىنىلا ئەمەس، بۈگۈننىڭ مەسخىرىسىنىمۇ، ئاھانىتىنىمۇ، تەنىسىنىمۇ، شۇنداقلا مىللىي مەدەنىيەت، ئەخلاق، تارىخىي مىراسلارنىڭ ئېغىر ھالدىكى كەمسىتىلىشىدىن ھاسىل بولۇدىغان ئېغىر دەردىنىمۇ تەڭ كۆتۈرۈۋالغان. ئائىلە، تۇرمۇش، خىزمەت، تەتقىقاتنىڭ غەم-ئەندىشىسىنىلا

ئەمەس، مىللىي ئاڭنىڭ يىمىرىلىشىدىن پەيدا بولۇۋاتقان قورقۇنچلۇق ۋەھىمىنىمۇ بىرلىكتە يەلكىسىگە ئېلىۋالغان. شۇڭىمۇ ئۇلار ئۆيىدىن چىقماي ئولتۇرۇپ، زورۇقماي، ئورۇقلىمايلا توم-توم رومان، پوۋېست، دەستە-دەستە شېئىر-داستان يېزىۋېتىدىغان «ھېسسىياتقا، تەسەۋۋۇرغا باي» بىرقىسىم شائىر-يازغۇچىلارغا قارىغاندا ھەم ئورۇق، ھەم دۇمچەك، ھەم نامرات، ھەم كەمسۆز، ھەم ئادەمدىن قېچىپ، ئۈركۈپ تۇرىدىغان ياۋايى. ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن كۆپىنچە كۆلكە ئەمەس، يىغا چىقىدۇ. چىن كۆڭلىدىن قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقان ئادەملەر ئارىسىدا ئۇلار ئاسانلىقچە كۆزگە چېلىقمايدۇ.

نۆۋەتتە كەلگەندە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، بىر تەتقىقاتچىنىڭ خەلق ئىچىدە نۇرغۇن رىيازەت، سورۇقچىلىق تارتىپ توپلاپ كەلگەن ئەپسانە، رىۋايىتىنى مۇھەررىرلىرىمىز پەقەتلا ئىلاجى بولمىغاندا ياكى ئەسەر تاپالمىغاندا «مونوپول ئىدىيىنىڭ مونوپول سەھنىسى» گە ئايلىنىپ كەتكەن تەۋەررۈك ژۇرناللىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بەتلىرىگە ياكى بىرەر ئەسەرنىڭ ئاستىن بۇرجەكلىرىگە شاخقا ئىلدۇرۇپ قويغان كونا لاتىدەك قىستۇرۇپ ، ھەتتا بەرگىنىگىمۇ قورسىقى ئاغرىپ، قىسىپ - قىسقارتىپ، «قىممىتى يوق» ، «ۋاقتى ئۆتكەن» دەپ قاقشاپ تۇرۇپ بەرگىنى بىلەن، بىرەر «كۆزى ئىتتىك، قەلىمى پىششىق» نىڭ قولىدا بىر دەمدىلا بىرەر رومانغا ياكى پوۋېستقا، ھېچبولمىغاندا قانات-قۇيرۇقى ئاز-پاز تارىلىپ، رەتلەپ قويۇلغان ھېكايىگە ئايلىنىپ كەلگەندە ژۇرنىلىنىڭ باش بېتىگە ماختىنىپ تۇرۇپ، يۇقىرى مىقداردىكى قەلەم ھەققى بىلەن تالىشىپ باسىدۇ. بىر پارچە ئىلمىي ماقالىنى ئوقۇغۇڭ دېسە، بېشىغا تاغ چۈشكەندەك بىلىنىدىغان ئوقۇرمەنلىرىمىزمۇ بىر پارچە شېئىر ئوقۇغۇڭ دېسە، سۆيگىنىدىن خەت كەلگەندەك دۇملا چۈشىدۇ. . . شۇڭا بىزدە ھازىر شېئىر شائىر ئۈچۈن يېزىلىۋاتىدۇ، تەتقىقات تەتقىقاتچى ئۈچۈن بولۇۋاتىدۇ. . . ئەمما نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىمكى، تەتقىقاتچىلارنىڭ ھەربىر ھالسىرىشى بىر مىللەتنىڭ سەكرات ئالدىدىكى قىينىلىپ جان تالىشىشىدىن قېلىشمايدۇ. تەتقىقاتچىنى خارلاش ئوخشاشلا مەدەنىيەت مىراسلىرىنى، مىللىي غۇرۇرنى دەپسەندە قىلىش، كەمسىتىش بىلەن باراۋەر.

«بۆرە توتېمى مەدەنىيىتى» نىڭ تەتقىقات بىلەن تەتقىقاتچىنىڭ دەۋر ئالدىدىكى ئېغىر خورسىنىشىنى، ھەسرىتىنى يۈكلەپ تەتقىقاتنىڭ قامىلىپ قالغان ئىشخانا، تەتقىقات ئورنى، تەجرىبىخانىلىرىدىن ئىبارەت «ئىپتىدائىي ئورمان» دىن چىقىپ كېلىشى، بىزنى توتېم ۋە توتېم ئىگىسىنىڭ ئەھمىيىتى، ئۇنىڭ ئەجدادلارنىڭ ياشاش ھالىتىدە ئوينىغان رولى، كۆرسەتكەن زور تەسىرى، بۈگۈنكى توتېم ئىگىسىنىڭ ئۇنتۇلۇشىدىن پەيدا بولۇۋاتقان ئەقلىي، روھىي، جىسمانىي كەمتۈكلۈك، زەئىپلىكلەر، مەسىلە بىرتەرەپ قىلىشتىكى ناقابىللىق، ئۆلۈمتۈكلۈكلەر ھەققىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئويلىنىشقا ئېلىپ بارماي قالمايدۇ. گەرچە بۇخىل ئويلىنىش بىزگە كىشىنى خۇشھال قىلىدىغان تەنتەنە تۇيغۇسى ياكى روھىي ئازادلىك كەيپىياتى ئەكېلىپ بەرمىسىمۇ، شۇنىڭغا يېتىدىغان يولنى ئېنىق دەپ بېرەلەيدۇ.

كىتابتا ئۈمىدلىك ياش ئالىم، دوكتور ئەسەد سۇلايمان ئۆزىنىڭ مول كۆزىتىش قابىلىيىتى ۋە ۋايىغا يەتكەن بىلىم قۇرۇلمىسى ئارقىلىق مىللىتىمىزنىڭ روھىيەت قاتلىمى ئۈستىدە زور كۆلەملىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. گەرچە پۈتكۈل تېما ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ، شۇنداقلا دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش ھاياتىدا شەكىللەندۈرگەن ۋە ھازىرغا قەدەر ئىزچىل تۇردە ئۆزىنىڭ يوقالماس سېھرىي تەسىرىنى ساقلاپ كەلگەن بۆرە توتېمىغا بېغىشلىنىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئۇ ماھىيەتتە ، تۈپ نېگىزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىنسانىيەتنىڭ روھىيىتىگە، پسىخىكىسىغا، ئىدىيىۋى ئېڭىغا بېرىپ چېتىلىدۇ. ئاپتور توتېم ئېڭىغا باغلانغان روھ، ئېتىقاد، پسىخىكا، خاراكتېر، رېئاللىق ھەققىدىكى كونكرېت تونۇش، ياشاش مۇھىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەينى مەسىلىلەرگە بولغان ھالال جاۋاب، سەنئەت قارىشى، ئېستېتىك چۈشەنچە، گۈزەل ئارزۇ-ئارمان، كېلەچەككە بولغان چەكسىز تەلپۈنۈش. . . قاتارلىق ئىنچىكە مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەستايىدىل مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ چىقىپ، ئەينى دەۋر خەلقىنىڭ قىممەت قارىشى ۋە دۇنيا قارىشى ھەققىدە بىزنى سىستېمىلىق ئۇچۇر بىلەن شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مەنبەلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىز بارلىق مۇھاكىمىلەرنى يىغىنچاقلاپ كۆزەتكىنىمىزدە، ئۇنىڭدىن تىرىلىپ قوپۇدىغىنى «توتېمغا باغلانغان بارلىق ئەقىدە ماھىيەتتە ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز-ئۆزىگە قويغان كونكرېت تەلەپ، مىزان ، چۈشەنچە، پرىنسىپلىرىدىن ئىبارەت» دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ.

ئاپتور ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەردە توتېم ئېڭىنىڭ شەكىللىنىش، راۋاجلىنىش جەريانلىرى، ئۇنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى ۋە كېلىپ چىقىشىدىكى ئاساسلار، بۆرە توتېمى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر، بۆرە توتېمىنىڭ مىللىيلىكى ۋە دۇنياۋىيلىقى، بۆرە توتېمىنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ سەنئەت، ئۆرپ - ئادىتىگە ۋە پسىخىكىسىغا

كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە بۆرە توتېمى مەدەنىيىتىنىڭ بۈگۈنگە، ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە بەرگەن تەسىرى، توتېمىنىڭ سېھرىي كۈچى... قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ناھايىتى ئەتراپلىق ئىزدەنگەن بولۇپ، ھەربىر تارىخىي ئۇچۇر ياكى تەپسىلات ۋەياكى ئاپتور كۆزقارىشىدا شەكىللەنگەن مۇلاھىزە كۆپ تەرەپلىمىلىك، كۆپ قىرلىق، چىن پاكىت بىلەن دەلىللەنگەن-دە، ئەسەرنىڭ قايىل قىلىش كۈچى زور دەرىجىدە ئاشقان. ئاپتور سېلىشتۇرما مەدەنىيەتشۇناسلىق ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەربىر تارىخىي پاكىتنى قاتلاممۇ قاتلام سېلىشتۇرما كۈچلەر ئارىسىدا ئۆزگىچىلىكى بىلەن جۇلالاندۇرۇپ چىقىپ، تارىخنىڭ، توتېمىنىڭ ئەسلى چىنلىقىغا يۈكسەك سادىق بولغان ھالدا يورۇتۇپ بەرگەن. پەردازلىماستىن، رەڭ بەرمەستىن، شۇدەۋر تەپەككۇرىدا تۇرۇپ پىكىر يۈرگۈزۈشتەك ئىلمىي روھ ئەسەرنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ بەرگەن. شۇڭا، ھەربىر تارىخىي تەپسىلات بىز ئۈچۈن ئۆتمۈشتىن جانلىق، تەسىرلىك سۆزلەپ بېرەلەيدۇ ھەمدە بىزگە تەبىئەت بىلەن ئىنسانىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۇلۇغ بىرلىكنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقنى ئۈنسىز تەكىتلەپ تۇرىدۇ.

ئاپتور توتېمغا ئائىت ھەرقانداق بىر تەپسىلات ئۈستىدە ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن پىكىر يۈرگۈزگەن بولۇپ، بۇھال ئەسەرنى ئاجايىپ يارقىن كەڭرىلىككە ۋە ئەپسانىۋى چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلغان. ھەمدە ئوقۇرمەننى ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۆرىدىن ئىبارەت يىرتقۇچ، قانخور، ۋەھشىي شۇنداقلا باتۇر، چەبدەس، كۈچلۈك، گۈزەللىك ئۆز ئارا بىرىكىپ كەتكەن بۇ ھايۋاننى توتېم قىلىپ تاللىۋېلىشىدىكى ئارقا كۆرۈنۈش ۋە ئۇنىڭ مىللىي پسىخىكا بىلەن بولغان ئىچكى باغلىنىشى ھەققىدە زۆرۈر بولغان ئەقەللىي بىلىمگە ئىگە قىلىش رولىنى ئۆتىگەن. بۇخىل ئەقەللىي بىلىم روشەنكى، «بۆرىنى قوغداش كېرەك»، «ياۋايى ھايۋانلارنى ئاسرايلى» دېگەندەك ئۆلۈك، جانسىز شوئار تۈسىدىكى چاقىرىق، مۇراجىئەتنامە، يېلىنىش ھەتتا پوپوزىلاردىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق رول ئوينايدۇ. چۈنكى مىللىي روھ ھەرقانداق چەكلىك فورما، كۈچلەردىن ھالقىغان ھالدا يۈكسەك ئىنسانىي ئۇلۇغلۇق ۋە قان-قېرىنداشلىق روھىنى ئۆزىگە خېمىرتۇرۇچ قىلغان. ئۇنىڭدىن رامكىغا چۈشمەيدىغان ئەركەكچىلىك ۋە ئادىمىيلىك ھىدى گۈپۈلدەپ كېلىپ تۇرىدۇ.

ئاپتور بۆرىدىن ئىبارەت بۇ توتېم ھايۋاننىڭ ھەربىر خۇلقىدىن ۋە ئەزاسىدىن، ھەرىكىتىدىن ئۇنى توتېم بىلىپ ئۇلۇغلىغان ئەجدادلىرىمىز كەبىي مەستخۇش بولىدۇ، زوقلىنىدۇ ـ شاش تەپەككۇرنى يالىڭاچلاپ قويۇۋېتىدۇ. شۇڭا ئەسەرنىڭ بايان ۋە مۇھاكىمىسىدىن ئەپسانىلەرگە خاس شېئىرىي پۇراق بىلەن بىرگە جىددىي، كۈچلۈك مۇھاكىمە، يەكۈن چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئۆزى تەتقىق قىلىۋاتقان خەلقنىڭ تەپەككۇر ئىچىگە كىرىپ بۆرىگە تېۋىنالايدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن ھالقىپ چىقىپ، بۆرىنى توتېم بىلىپ ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ توتېم ئېتىقادىغا ۋە روھىيەت پسىخىكىسىغا سوغۇققانلىق بىلەن قارىيالايدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ بەدىئىي مۇلاھىزىسى ئارقىلىق توتېم مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى-تاشقى مەزمۇنلىرىنى، ئالاھىدىلىك، ئەھمىيىتىنى يېشىپ بېرەلەيدۇ.

بۆرە توتېمى مەدەنىيىتى ئەينى دەۋردە شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي كۈچلىرىنىڭ مونوپول ھاكىممۇتلەقلىقىدىن ۋە تار، بېكىك، ئىپتىدائىي تەپەككۇر ئەندىزىسىدىن ناھايىتى زور دەرىجىدە ھالقىغان ھالدا بىر دۇنيا ۋە توتېمغا ئايلانغان. مېنىڭچە، ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن بۆرە توتېمى ئەپسانىلىرىدىكى ئاجايىپ-غارايىپ ۋەقەلەرگە يانداشقان ھالدا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ قان-قېرىنداش، بىر ئانىدىن تۇغۇلغانلىقىنى، شۇڭا ئەسلىگە پۈتۈنلەي سادىق بولغان ھالدا مەڭگۈلۈك ھەقىقەتلەرگە قارشى چىقماي، بىرلىك تۇغى ئاستىدا ياشاشنى تەۋسىيە قىلىشتەك يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىكى بىلەن كۆپ سانلىق خەلقلەرنىڭ توتېمغا ئايلىنالىغان. ئاپتور توتېمنى تەتقىق قىلىشتا، جاندەك كېرەكلىك بولغان بۇنۇقتىنى يورۇتۇپ بېرىشكە ئالاھىدە كۈچ چىقارغان. ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلىنىمۇ قانداقتۇر بىر مىللەت ئۈچۈنلا ۋە ياكى بىرەر سىياسىي گۇرۇھ ياكى تەشكىلات ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەڭ ئالدى بىلەن بارلىق ئىنسانىيەتتىن ئىبارەت ئومۇمىي كەڭلىك ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىگە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، توتېم ئۈچۈن يېڭى توتېم روھى ياراتقان-دە، جانلىق، ئۈنۈملۈك، ئۆزگىچە تەتقىقات ئۇسۇلىنى نامايان قىلىپ بەرگەن. بىزدە بۇخىل تەتقىقات ئۇسۇلى ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرى ئەڭ ئالدى بىلەن بىرەر سىياسىي تەشكىلاتقا ياكى قانداقتۇر بىر ئىدىيىنى مۇستەھكەملەشنى دەستەك قىلىۋالغان سىياسىي پارتىيىگە خىزمەت قىلماسلىقى، ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي كۈچلەرنىڭ تار مەنپەئەت قارىشىدىن ۋە شەرەپ ھېسسىياتىدىن زور دەرىجىدە ئۈستۈن تۇرىدىغان مەدەنىيەت، ئەخلاق، ئادىمىيلىك ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. ئەمما ئىنسانىيەتنىڭ تالاي مەدەنىيەت ـ سەنئەت تەتقىقاتى ۋە مەدەنىيەت-سەنئەتنى ئېچىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، تەتقىق قىلىش خىزمىتى بۈگۈنگە قەدەر تولىمۇ بېكىك، تار سولاقلاردا ئىشلىنىپ ۋە مۇئەييەن غەرەز، ئېھتىياج

ئۈچۈن قۇللارچە خىزمەت قىلىپ كەلدى. ئەجدادلار تارىختا مەيلى كىملەر ئۈچۈن ياكى قانداق ئىدىيە، ئېتىقاد ئۈچۈن قانچىلىك پاجىئەلىك بەدەللەرنى تۆلىگەن بولسۇن ۋە ئەشۇ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قانچىلىك مۇشەققەت ئىچىدە تىكلەپ، بەرپا قىلغان، قالدۇرغان بولسۇن، ئۇلار ھەرگىزمۇ بۇنەرسىلەرنىڭ سىنىپ ئۈچۈن مەنپەئەت يارىتىدىغان ياكى پۈتلىكاشاڭ بولىدىغان توساققا، ۋاستىغا ئايلىنىپ قېلىشىنى ئويلىمىغان بولسا كېرەك.

ئاپتور مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈپ، بۆرە توتېمى مەدەنىيىتىنىڭ مىللىي، ئىرقىي كاتېگورىيىدىن ھالقىغان ئومۇمىيلىقى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگەن ھەمدە باشقا تەتقىقاتچى، يازغۇچىلىرىمىزغا بايراقدارلىق بىلەن يول ئېچىپ كېلىۋاتقان ئۆزگىچە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق خۇلاسىلاش ئۇسۇلىنى جانلىق قوللىنىپ، تەتقىقاتنى بىرلا نۇقتىغا قاماپ قويمىغان. بۇ، بىزدىكى سېلىشتۇرما مەدەنىيەتشۇناسلىق، سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۈستىدىكى ئىزدىنىشنىڭ ئەڭ يارقىن سەمەرىسى بولۇشى مۇمكىن.

ئاپتور تەتقىقاتقا ھەمدە باشقىلارنىڭ توتېم كۆزقاراشلىرىغا ئۆلۈك ياندىشىشتىن قۇتۇلۇپ، ئەقلىي يۈكسەكلىك ئۈستىدە تۇرۇپ، ئاندىن توتېم مەدەنىيىتىگە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن ھەمدە ھەرقانداق يازغۇچىنىڭ مۇناسىپ كۆز قاراش، نۇقتىئىنەزەرلىرىنى سىڭدۈرۈشنى بۇرچ، دەپ بىلگەن. ئەسەردىكى مەنبە، ئۇچۇرلارنىڭ كۆپ ۋە ئەتراپلىق، چوڭقۇرلۇقى، تەتقىقات تېمىسى ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى خىزمەت قىلغانلىقى كىشىنى قايىل قىلماي قالمايدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ئاپتور مەنبەلەر ئارقىلىق گەپ دەۋېلىش ياكى ئۇنى نوقۇل قوبۇل قىلىش، ئۆز چۈشەنچىلىرىگە ياندىشتۇرۇش مۇددىئاسىدىلا ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئوخشىمىغان مۇلاھىزىلىرى ئارقىلىق يېڭىچە كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش، بەزىلىرىنى رەت قىلىش، توتېم ئېتىقادى، مەدەنىيىتىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىگە توغرا يېتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان. سېلىشتۇرۇپ خۇلاسىلاش ئۇسۇلى ۋە ئۇچۇر بىرتەرەپ قىلىشنىڭ ئالاھىدە يۇقىرىلىقى ئەسەد سۇلايمان ئەسەرلىرىنىڭ باشقا ھەرقانداق تەتقىقاتچىنىڭ ئەسىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان شەكىلسىز ماركىسىنى ياراتقان بولسا، پىسخىك، روھىي مەسىلىلەرگە ھەرتەرەپتىن كېلىۋاتقان تەسىرلەرنىڭ ئومۇمىي نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئىنچىكىلىك، ھالاللىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈشى ئۇنىڭ تەتقىقات ئەسەرلىرىگە ئالاھىدە ئۆزگىچە تەم ۋە كۆپ قىرلىق، رەڭدارلىق، يارقىنلىق ئاتا قىلغان. بىز ھەرتەرەپتىن يىغىلىپ يېڭىچە پىكىر تۇغۇندىسىغا ئايلىنىۋاتقان ھۆكۈملەرنىڭ قىياپىتىنى كۆرگەن ۋاقتىمىزدا، ئۇيغۇر روھىيەت قاتلىمىنىڭ يېيىلىپ تۇرغان يول خەرىتىسىنى كۆرگەندەك بولىمىز. بۇ ئەسەردىن بولسا، ئۇيغۇر توتېم ئېڭىنىڭ، بولۇپمۇ بۆرە توتېمى مەدەنىيىتىنىڭ قاتلاملىقلىقىنى، كۆپ مەنبەلىكلىكىنى، مۇرەككەپ، زىللىقىنى ۋە ئالاھىدە ئۇلۇغۋارلىقىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ئويغاقلىقىنى ئېنىق ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز. ئۇ، بىزگە ئۇنتۇلغان توتېم ئېڭىنىڭ زىلزىلىلىك سادالىرىنى قايتا ئەسلىتىدۇ ھەمدە قېنىمىزدا مىللىي ئىپتىخار، غۇرۇرنى مەنبە قىلغان يۈكسەك ئىنسانىي ئۇلۇغلۇق ۋە قان-قېرىنداشلىق، ئادىمىيلىك، ئەركەكلىك تۇيغۇسى ئويغىتىدۇ. بۈگۈنكى زاماننىڭ ئاڭ سەھىرىدىكى روھىي كەمتۈكلۈك، زەئىپلىك، چىركىنلىك ھەققىدە بىزنى قايتا ئويلاندۇرۇپ، ئادىمىيلىكنىڭ سوئال-سوراقلىرىغا ئېلىپ بارالايدۇ. مانا بۇ، «بۆرە توتېمى مەدەنىيىتى» نىڭ بەدىئىي، ئىجابىي، ئىلمىي، ئېستېتىك قىممىتىدۇر.

ئالىم ئۆز ئەسىرىنىڭ 8-بابىدا گېرمانىيىلىك ئەدىب K.M ھىلبورىيكىنىڭ: «بىز سىقىلغان بوشلۇق ئىچىدە ياشىماقتىمىز. بۇ بوشلۇقتىن ھامان ئىپتىدائىي ئورمانلاردىكى غۇۋا بارابان ساداسى ياڭراپ تۇرىدۇ» دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتكەندى. بىز تۇشمۇ تۇشتىن كېلىۋاتقان رەھىمسىز خىرىس، كرىزىسلارنىڭ قامالىدا سىقىلىپ تۇرۇپ ھەقىقەتەنمۇ غۇۋا «بارابان ساداسى» نى ئاڭلىمىدۇق ئۇ، بىلگەنلەر ئۈچۈن ئىسراپىلنىڭ نەرىسىدەك ئويغاتقۇچ ھەيۋە. بىلىشنى خالىمىغانلار-خالىمايدىغانلار ئۈچۈن كونا تۆمۈرنىڭ ئەرزىمەس تارىخى!

ئاسمانغا – ساماۋى بوشلۇققا ئەمەس، ئۆزى ياشاۋاتقان قوڭۇر تۇپراققا قاراپ بىر پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ يىغىسىنى يىغلىيالايدىغان ئەسەد سۇلايماندەك ياش ئەدىبلىرىمىزنىڭ بولۇشى بىزگە زور تەسەللىي. بۇ تەسەللىي ئۆز نۆۋىتىدە ئىشەنچ-ئېتىقاد ۋە غۇرۇرنىڭ يىلتىزى، پىلتىسى. بۇ يىلتىز ھامان كۆكلەيدۇ، بۇ پىلتە ھامان پارتلايدۇ. ياش ئالىمىمىز ئەسەد سۇلايمانغا مىڭلاپ تەشەككۈر. مۇشۇنداق ئىنچىكە ۋە ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇلغان ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ روھىيىتىنى، قەلب ئاسمىنىنى، پىسخىك دۇنياسىنى ۋە ئەقىدە ئالىمىنى كۆرۈپ يېتەلىگەن ئوقۇرمەنلىرىمىزگە مۇبارەك!

2001-يىل 27-ئىيۇل قاراقاش – ياۋا

---

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە ياۋا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى (M1)



# ۋىجدان - مۇقەددەس

# قەلب قانۇنى

مۇكەررەم مۇسا

قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى دىموكرىت: «يامان ئىشتىن باش تارتىش - ھاياتنى قۇتقۇزۇش» دېگەنىدى.

ئىنسان مەنىۋى مەۋجۇدات. ئىنساننىڭ ئىنسانلىق قىممىتى ئۇنىڭ قۇرۇق گەۋدىسى، گەپدانلىقى ۋە رەڭگى - قىياپىتىدە بولماستىن بەلكى روھىيەت دۇنياسىغا - تەپەككۇر ئىقتىدارى، ئەقىل-ھۇشى ۋە مەنىۋىيىتىگە مەركەزلەشكەن بولىدۇ.

ۋىجدان - قەلبىمىزدىكى قانۇن؛ ۋىجدان - پەزىلەت مەدەنىيىتىدىن يورۇغان چىراغ، ۋۇجۇدىمىزدىكى ئەقىل دانىشمىنى ۋە ئەخلاق قازىسى.

ۋىجدان - تەپەككۇر، پەزىلەت، ھېسسىياتىمىزدىن تەركىب تاپقان روھىيەت تەختىدىكى نومۇسچان ۋە ئادىل پادىشاھ.

ۋىجدان - ئائىلە ۋە دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىكى مەنىۋى ساپايىمىز ھەمدە ئىنسانىي ئىپتىخارىمىز.

ۋىجدان - نومۇس ئەينىكى، ئىنسانلىق پاسپورتى.

ئەپسۇسكى، جاھان - ئالەمنىڭ ئىشى پۇلغا يۈزلەنگەن، «ئىت بول، ئېشەك بول، پۇل تاپ» جان بېقىش شوئارىغا ئايلانغان شۇ كۈنلەردە ھارام نىيەت بىلەن ھارام دۇنيا، ھۇزۇرى مەئىشەت، كەيپ - ساپاغا ئۆزىنى ئۇرۇش ئەۋج ئېلىپ، چۈشكۈنلۈك، جىنايەت، ئەخلاقىي چىرىكلىكنىڭ جەمئىيەتلىشىشى، ۋىجدان كرىزىسى، ئەخلاق گۇمرانلىقىنىڭ تارىختىكى ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ پاجىئەلىك ھالدا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن ئەقىل ئىگىلىرىگە ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەكتە. بۇ ھال بىزدىن ۋىجدان توغرىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك جامائەت پىكرى ھاسىل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

* * *

جۇڭگونىڭ قەدىمكى مۇتەپەككۇرى كۇڭزى: «مەنپەئەت ئالدىدا ۋىجداننى ئويلا» ، «ئۆزۈڭنى تۇت، ئەدەبكە قايت، ئادەم بول» دېگەنىدى.

ۋىجدان گەرچە «ئىنسان ھاياتىنىڭ ئادىل يېتەكچىسى» (تولىستوي) ، قەلبىمىزدىكى «ئەڭ پاك ھۆكۈمدار» (بالزاك) بولسىمۇ، ئۇ ھېچقانداق كۈشەندىسىز مۇتلەق غالىب نەرسە ئەمەس. ۋىجدان ھەمىشە ناپاك، رەزىل ئىدىيە - ھەرىكەتلەر بىلەن مۇرەسسەسىز كۈرەش جەريانىدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ. روشەنكى ۋىجدان بىر، ۋىجدانسىزلىق ھەرخىل. ئۇ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، تۇرمۇش ساھەلىرىنىڭ ھەربىر ھالقىسىدا مەۋجۇد.

ۋىجداننىڭ چىرىكلىشىشى - ۋىجدان يولۇققان ھايات-مامات بۆھرانى بولۇپ، مۇنداق چىرىكلىشىشنىڭ كېڭىيىپ بېرىشى مىللەت ۋە جەمئىيەتنىڭ كامالەت يولىدىن ھالاكەت يولىغا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ بىشارىتىدۇر.

ۋىجدان - پاك، ئالىيجاناب، مۇقەددەس ۋە قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچتۇر. بۇلغانغان، پەسلەشكەن، ۋىجدان دەۋىتى كارقىلمايدىغان كىشىدە ۋىجدان ئۆلگەن، ئىنسانلىق سالاھىيىتى يوقالغان، ئار-نومۇس، شۆھرەت - ئىپتىخار ھېسسىياتى

قالمىغان بولىدۇ. ئۇ ئەگەر دۇنيادا ئەڭ باي ۋە ھەتتا ئۆزىگە ئالتۇن كېسەكلەر بىلەن ئەلئېھرام ياساتقۇزسىمۇ ئادىمىي ھايۋان، بەتبەخت ۋە لەنەتكەردى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

* * *

ۋىجدان — مەنىۋى قۇرۇلما، پەزىلەت خەزىنىسى. ئۇ ئائىلە، مەكتەپ، جەمئىيەت تەسىرىدە، بولۇپمۇ ئۆز-ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش، تەربىيىلىنىش تەسىرىدە شەكىللىنىدۇ، بېيىيدۇ، قۇدرەت تاپىدۇ. «ۋىجدان — بىز ئىگە بولغان بارلىق كىتابلار ئىچىدىكى ئەڭ دانا كىتابتۇر».

ۋىجدان — ئەقىل-پاراسەت، بىلىم دەرىجىسى، خاراكتېر-پەزىلەت، ئىبرەت ئېلىش ھەم كۆنۈكۈش بىلەن ياشنايدۇ، كۈچىيىدۇ. بۇ گەرچە بىلىملىك كىشىلەرلا ۋىجدانلىق بولىدۇ دېگەن مەنىدە بولمىسىمۇ، بىلىمى چالا ۋە يېرىم-ياتا ياكى ئېغىز ئۇچىدىن ئەمەلىيەتكە ئۆتمىگەن بىلىم ئەمەس، بەلكى يېتەرلىك ھەم ھەزىم قىلىنغان بىلىم — دۇنيا قاراش، نەزەر دائىرىسى، ئىلمىي پەرق ئېتىش كۈچى، ئىلمىي غايە ۋە مەدەنىيەتلىك تۇرمۇش ئادەتلىرىدە گەۋدىلەنگەن بىلىم ۋىجداننىڭ ئۆلى ۋە سۈپەت دەرىجىسىگە غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك ۋىجدان ئەقىل بىلەن بىلىمنىڭ راۋاجلىنىشىغا يول ئاچىدۇ، مۇھىت ھازىرلايدۇ، ئىلھام بېرىدۇ. شۇڭا، ۋىجدانسىز ئۆتكۈر ئەقىلگە ۋە ھەقىقىي بىلىمگە ئېرىشەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ مەرىپەتتىن قورقىدۇ.

ۋىجدان — مەنىۋى بايلىق ۋە قەلب گۈزەللىكىدىن ئىبارەت. ئۇ بىھېساب بايلىقمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدىغان روھىي رازىمەنلىك ۋە مەمنۇنىيەت. بۇخىل بەخت-سائادەتنى بىز ئالىيجاناب ۋە پاكلىقتىن غەلىبە قىلغان ۋىجدان شادلىقىدىن ئالالايمىز.

ئادەمنىڭ گۈزەللىكى — ساغلام بەدەن ۋە يۈكسەك قەلب بىرلىكىدىن ئىبارەت. تىرىشچانلىق بىلەن قەلب بارغانسېرى گۈزەللىشىشى مۇقەررەر. نۇرغۇن كىشىلەر جىسمانىي ۋە مەنىۋى گۈزەللىكنى بەخت دەپ چۈشىنىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ بۇ ئىككى ئامىل ئىنسان بەختىنىڭ مۇھىم شەرتى. ئەمما بەزى كىشىلەر گۈزەللىك ۋە بەخت ھەققىدە ناتوغرا پىكىر يۈرگۈزۈپ، نوقۇل ھۆسن گۈزەللىكىنى — ھەرخىل كىيىنىش، تارىنىشنى گۈزەللىك ۋە گۈزەللىككە تەلپۈنۈش دەپ قارايدۇ. ئېيتىش كېرەككى، نوقۇل ھۆسن گۈزەللىكى ئىنسان گۈزەللىكى ئەمەس. دېموكرىت: «يۈكسەك قەلب بىلەن يۇغۇرۇلمىغان جىسمانىي گۈزەللىك ھايۋانىيلىقتا تەئەللۇق» دەپ توغرا ئېيتقان. ھەشەمەتلىك كىيىم-كېچەك ۋە زىبۇ-زىننەتمۇ ھۆسنىنى بۇزىدۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى بايلىق بىلەن ئارىلاشتۇرغانلىق، گۈزەللىكنى بايلىق بىلەن قولغا كەلتۈرمەكچى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى گۈزەللىكنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيدىغانلىقى بىلەنمۇ ھەقىقىي گۈزەللىك تۇيغۇسى ھاسىل قىلالمايدۇ. گۈزەللىك تۇيغۇسىنى چۈشەنمەستىن، پائال كۆرەشچان تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىرىنى چۈشەنمەستىن ،ۋاقىت

قەدرىنى بىلمەستىن، ئەخلاقسىزلىق بىلەن ئەخمىقانە ھېسسىيات، تەييارتاپ كىشىلىك قارىشى بىلەن ياشىغان كىشىنىڭ قەلبى پۇچەك، ھاياتلىق يولى مەنىسىز، تەقدىرى ئېچىنىشلىق ياكى پاجىئەلىك بولۇشى گۇمانسىزدۇر.

ۋىجدان يول ئاچىدىغان ھەقىقىي شۆھرەت ۋە ئىناۋەتتۇر.

ۋىجدانسىز ئۆز-ئۆزىگە تۇزاق قويغۇچىدۇر. ۋىجدانلىق كىشى ئۆز-ئۆزىگە ئىشەنچ چىرىغى يېقىپلا قالماي، ئەل-جامائەت ئارىسىدىمۇ ئىشەنچكە ئىگە بولىدۇ. بۇنداق كىشىنىڭ يولى ئوچۇق، سۆزى ئۆتۈملۈك ۋە پائالىيەتلىرى مەنپەئەتلىك بولىدۇ.

ۋىجداننى ساتقان ۋە يوقاتقان ئادەم ئالتۇندىن تاج كىيىۋالسىمۇ ھالاكەت ھاڭىغا دومىلاشتىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرالمايدۇ. ئەنە تارىخ، ئەنە ھېكايە — رومان ۋە دراملار، ئەنە جانلىق كىشىلىك ھايات. . . بۇ ھەقىقەتنى ئەلمىساقتىن بۇيان ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

* * *

«نومۇس-ئوچۇق ۋىجدان، ۋىجدان يوشۇرۇن نومۇس» (كىتابتىن). نومۇس ھېسسىياتى شۇ كىشىنىڭ ياكى شۇ مىللەتنىڭ ۋىجدان ئېڭىنى كۆرسىتىدىغان كۆزنەك. ئۇياتسىز كىشى نومۇسنى، ۋىجداننى، ئاخىرىدا ئۆز قەدرىنى يوقاتقان كىشىدۇر. «باشقىلاردىن يوشۇرساڭمۇ ئۆز ۋىجدانىڭدىن يوشۇرالمايسەن» (كىتابتىن). شۇ سەۋەبتىن كىشىدە ئۆز-ئۆزىدىن نومۇس قىلىش، ئۆز-ئۆزىدە ۋىجدان ئازابى چېكىش قاتارلىقلار كېلىپ چىققان. ۋىجدان ئازابى، نومۇس ئازابى ھەقىقەتەن ئېغىر ئازابتۇر. خەلق ئىچىدىكى «نومۇس ئۆلۈمدىن يامان» دېگەن سۆز شۇنىڭغا قارىتىلغان.

ۋىجدان كاتېگورىيىسى ئەخلاقىي تەربىيىنىڭ قائىدە-نىزاملىرىنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرگەن ھالقىلىق كاتېگورىيە. ۋىجدان توغرىسىدىكى ئىجابىي ئاڭ ۋە قاراشلار بىلەن ئادەت ۋە پائالىيەتلەر ھەربىر كىشىدە ۋە ھەربىر مىللەتنىڭ جىسمىدىكى ئادالەت، نومۇس، ئېتىخار، راستچىللىق، سەمىمىيەت، مەردلىك، قانائەت، ئۈمىدۋارلىق، ئىرادە، جاسارەت، قەھرىمانلىقتەك قاتارلىق بىر قاتار گۈزەل پەزىلەتلەر بىلەن زىچ ھەم بىۋاسىتە باغلىنىشلىق بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھەربىر ۋىجدانلىق كىشى يۇقىرىقى بىر قاتار گۈزەل پەزىلەتلەر ياشناپ تۇرغان، ھەربىر ۋىجدانسىز كىشىدە بۇ پەزىلەتلەر يوقالغان ياكى بۇزۇلغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋىجدان توغرىسىدىكى ئەخلاقىي تەربىيە ئۆز نۆۋىتىدە شۇ كىشى ياكى شۇ مىللەتنىڭ جىسمىدىكى بىر قاتار گۈزەل پەزىلەتلىرىنىڭ داۋاملىق كۈچىيىشى ئۈچۈن پايدىلىق.

ۋىجدان مۇقەددەس قەلب قانۇنىدۇر. ئۇنىڭ نۇرى خىرەلەشكەن جايدا ياكى مىللەتتە جىنايەت ۋە ئالۋاستىلار باش كۆتۈرگەن بولىدۇ.

---

ئاپتور: شىنجاڭ مالىيە — ئىقتىساد ئىنستىتۇتىنىڭ ئەخلاقىي تەربىيە ئىلمى مۇئەللىمى(M2)



# ئائىلە ۋە ئائىلە كرىزىسى

ئابدۇرېھىم دۆلەت

## 1

ئېيتىلىشىچە، تەڭرىتائالا ئاۋۋال ئادەمنى لايدىن، ئاندىن ھەۋۋا ئانىمىز (يەنى ئايال) نى ئادەمئاتىمىزنىڭ قوۋۇرغىسىدىن ياراتقانىكەن. دېمەك، ئەر بىلەن ئايال ئاۋۋال ئەسلى ئوخشاش بىر مەنبەدىن كەلگەن، يارىلىشىدىلا يىلتىزى، قورۇلمىسى بىر ئىكەن. ئۇلار جەننەتتە بەختلىك ياشاپ يۈرگەن كۈنلەردە ئىبلىس (ئۇنىڭغا چەكسىز لەنەتلەر بولسۇن) ئۇلارنى خۇدا قىلىشتىن توسقان بىر ئىشقا قىزىقتۇرۇپتۇ. ئۇلارغا تەكرار-تەكرار ۋەدىلەر قىپتۇ، قەسەملەر ئىچىپتۇ، ۋەدىلەرگە ئادەم ئىبرىمەپتۇ، ھەۋۋا ئۇيلىنىپ قاپتۇ ۋە ئادەمگە مەيلىمۇ-يە؟ دېگەن نەزەردە بېقىپتۇ. بۇنىڭدىن ئادەم سەل تۇرۇپ قاپتۇ. ئاھ، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن قۇتۇلغان ئادەم ھەۋۋانىڭ ۋەسۋەسىسىدىن قۇتۇلالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قارا كۈنلەر باشلىنىپتۇ. ئۇلار ئۆتكۈزگەن جىنايىتى ئۈچۈن جەننەتتىن قوغلىنىپ، زېمىنغا چۈشۈرۈلۈپتۇ. ئەمما مېھرىبان خۇدا ئۇلارغا ئۆتكۈزگەن جىنايىتىگە قانداق كەچۈرۈم سوراشنى ئۆگىتىپ قويۇپتۇ. خۇدايىتائالا بەندىلىرىنى ئۇنداقلا تاشلىۋەتمەپتۇ.

ئادەم بىلەن ھەۋۋا زېمىننىڭ باشقا-باشقا جايلىرىغا چۈشۈپتۇ. ئادەم ھەۋۋادىن سەل رەنجىپتۇ. ھەيي، سەن دېمىگەن بولساڭ يېمەيتتۇق ئەمەسمۇ؟ سېنىڭ كەينىڭگە كىرمىسەم بوپتىكەن دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئادەم ئۇنچىۋالا ئالدىراقسان ئەمەس ئىكەن، ئۇ ئۆزىدىنمۇ ئەستايىدىل، ھەققانىي ھېساب ئېلىشنى بىلىدىكەن. بۇنىڭ ئۆزىنىڭ بىخۇدلۇقى، ئىرادىسىزلىكى تۈپەيلىدىن بولغانلىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماپتۇ.

دېمەك، ئادەم ھەۋۋاغا ئاداۋەت ساقلىماپتۇ. ئۇنى مېنىڭ دۈشمىنىمكەن دەپمۇ قارىماپتۇ، ھەۋۋانىڭ قىلغانلىرى ئادەمنىڭ ئۇنى ئۆچ كۆرۈشىگە سەۋەب بولالماپتۇ. مۇھەببەت ئاداۋەتتىن غالىب كەپتۇ. مۇھەببەت بىلەن ئەپۇ شۇچاغلاردىلا چەمبەرچەس باغلانغانىكەن (ئەپۇ يوق مۇھەببەت بولمايدۇ). نۇرغۇن ئىنسان باللىرى مۇشۇ جەھەتتە ئادەمئاتىسىنى دورىيالماي، باش-ئايىغى يوق دەرد ئىچىدىلا يۈرىدىكەن. مۇشۇ چاغدا ياراتقۇچىنىڭ ئىنسانىنىلا

ھايات سادالىرى

ئەمەس، ئىنساننى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئۆلگەن مۇھەببەتنى يارانقىنىڭمۇ كۆپلەپ ھەمدۇسانا ئېيتىش كېرەك.

كىشىنى ئۆز بەختىدىن مەھرۇم قىلغان ئادەمنى كەچۈرمەك، ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى ئۇنتۇپ كەتمەك ئاسانمۇ؟ ئۇنىڭغا ئەپۇ نەزىرىدە قايتا بىر مۇھەببەت بىلەن باقماق ئوڭايمۇ؟ ھازىر كىم شۇنداق قىلالايدۇ؟! ئادەم شۇنداق قىپتۇ. ئۇ، شۇ چاغدا ئاجايىپ بىر ئىشنى قىلغانىدى، شۇنىڭ خاسىيىتىدىن مانا بىز مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇۋېتىمىز.

ئادەم ھەۋۋانى ئىزدەپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر نەرسىسى كەمدەك ھېس قىپتۇ. دېمىسىمۇ ئادەم چالا پۈتكەن قۇرۇلۇشتەك بوپقالغانىدى. چۈنكى ئۇنىڭ بىر قوۋۇرغىسى يوق، ئۇ شۇنىڭغا موھتاج ئىدى، ئۇنىڭسىز پۈتۈن بولالمايتتى. دېمەك ئىككىسى بىرلەشكەن - قوشۇلغاندىلا ئۇلار پۈتۈن بولاتتى، بىر-بىرىسىز ئۇلار مەڭگۇ چالا، مەڭگۇ كەمتۈك بوپقالاتتى. ئىلاھىي مۇھەببەت ئۇلارنىڭ قان-قېنى، نېرۋا-ھۈجەيرىلىرىگە قەدەر سىڭدۈرۈۋېتىلگەنىدىكى، جاھان شۇنىڭ بىلەن بىلەن تاھازىرغىچە ئۆرە بولالىدى.

ئۇلار ئاخىرى تېپىشتى ھەم تېپىشاتتى. زېمىندا تۇنجى ئائىلە، بىر جۈپ ئاپىرىدە بولدى.

شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئەر ئايالدىن، ئايال ئەردىن ئايرىلالمىدى، ھەم ئايرىلالمايتتى. چۈنكى ئۇلارمۇ ئادەم بىلەن ھەۋۋانىڭ باللىرى ئەمەسمۇ؟ ئۇزاق ھاياتلىق مۇساپىسىدە ئەرلەر ئاياللارنى، ئاياللار ئەرلەرنى تېخىمۇ چۈشىنىشتى. بىر-بىرى ھەققىدە ھەر-ھەر يەكۈن، خۇلاسىلەرگە كېلىشتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر-بىرىنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىشمىدى. ئەرلەر ئاياللاردىن، ئاياللار ئەرلەردىن قاقشايتتى. ھېچبىر ئەر ئايالدىن، ھېچبىر ئايال ئېرىدىن رازى ئەمەستەك ئىدى. بىر-بىرىنىڭ ياخشى گېپىدىن غەيۋەت-شىكايىتى كۆپ ئىدى (ئىنساننى نېمە رازى قىلالىغان؟!) نۇرغۇن ئەرلەر: ئىسىت، ئايال زاتى بىلەن ئۆتكەن ئۆمرۈم، دەپ ھەسرەتلەنسە، نۇرغۇن ئاياللار: ئىسىت، شۇنداق ئەرگە بەرگەن كۆڭلۈم دەپ ئازابلىنىپ كېتىپ قېلىشتى، دوست - ياران، بالا-چاقىلىرىغا بۇ ھەقتە نۇرغۇن پەندى-نەسىھەتلەرنى قالدۇرۇشتى.

ئىشقىلىپ، بىر-بىرى ھەققىدە قانچىلىك يامان گەپلەرنى قىلىشمىسۇن، مەيلى ئۇلار بىر-بىرىدىن چەكسىز نەپرەتلەنمىسۇن، ساڭا قارايدىغان كۆزۈم، سۆزلەيدىغان سۆزۈم يوق دەپ ۋەدە - قەسەملەرنى بېرىشسۇن، بىر-بىرىگە قىلغان ئەقىدىلىرىدىن زار-زار يىغلاپ، پۇشايمان، نادامەت پۈتۈشسۇن، ئەمما پاكىت شۇكى، ئۇلار ھازىرغىچە بىر-بىرىدىن ئايرىلماي، ئايرىلالماي ياشىدى. ئەرلەردىن قاقشايدىغانلارمۇ ئەرسىز ياشىمىدى. ئايالغا ئىشەنمەيدىغان، ئۇلاردىن نەپرەتلىنىدىغانلارمۇ خوتۇنسىز ياشىمىدى، قىزلىرىنى ئەرگە بەرمەي، ئوغۇللىرىنى ئۆيلىمەي قالمىدى. ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئەشۇ يارالمىش قانۇنىيەتكە تەسلىم بولماي

ئامالى بولمىدى.

2

دېمەك، ئەر ۋە ئايالنىڭ بىر-بىرى بىلەن مۇقەررەر قوشۇلۇش تەقەززاسى، ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك ھۈجەيرە ئاساسى بولغان ئىجتىمائىي تەشكىلىي بىرلىك - ئائىلىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. ئائىلە ئەر-ئايال ئىككى جىنسنىڭ بىر-بىرىگە بولغان بىئولوگىيىلىك، پسىخىكىلىق تەلەپ، تەقەززالىرىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى. ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئەرگە ئىنتىلمەيدىغان ئاياللار، شۇنداقلا ئايالغا ئىنتىلمەيدىغان ئەرلەر ئوخشاشلا بىنورمال كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. ئائىلە دەل بۇخىل ئىنتىلىشنى دىنىي، قانۇنىي، ئەخلاقىي يوسۇندا پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئورتاق قوبۇل قىلالايدىغان دەرىجىدىكى بىر مۇكەممەل جەريان ۋە نەتىجىگە ئىگە قىلىدىغان بىر ئىجتىمائىي سورۇندۇر. ئائىلە بۇ ئىنتىلىشنىڭ جەريان، نەتىجىسىنى ھايۋانىي ھالەتتىن ئىنسانىي پەللىگە يۈكسەلدۈرۈپ، ئىنساننىڭ ھەقىقىي ئىنسانلىق ھەققى-ھۆرمىتى، ئىززەت-ئېپپىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

ئائىلە مەۋجۇدلۇقنىڭ بۆشۈكىدۇر.

ھەربىر ئوقۇرمەن بىر ئائىلىنىڭ ئەزاسى. مەيلى قايسى خىل سالاھىيەتتىكى ئەزا بولمىسۇن ئۆزى ئىچىدە ياشاۋاتقان بۇ قۇرۇلمىنى چۈشىنىۋېلىشى بېلىقنىڭ ئۆزى ياشايدىغان سۇنى چۈشىنىشىدەك شۇنداق زۆرۈر. بەلكىم سىز ئاتا-ئانىڭىزنىڭ ئۆيىدە ياشاۋاتقانسىز، ياكى ئۆزىڭىزنىڭ ئائىلىسى باردۇ. ئەمما سىز بۇ ئائىلىڭىزدىن قانچىلىك رازى، ئۆزىڭىزنى قانچىلىك دەرىجىدە بەختلىك ھېس قىلىسىز، بۇ بەلكىم پەقەت ئۆزىڭىزگىلا ئايان. خۇددى تۇتۇننىڭ ئاچچىقى مورىغىلا ئايان بولغاندەك (باشقىلارغا چۈشەندۈرمەك شۇنداقلا باشقىلارنىڭمۇ سىزدەك چۈشەنمىكى ئەڭ تەس نەرسە ئادەمنىڭ يۈرىكىدىكى دەرد).

دېمەك، ھەربىر ئادەم، مېنىڭچە، «ئائىلە» دېگەن بۇ ئۇقۇمنى جەمئىيەتشۇناسلاردەك بىلمىسىمۇ، ھەرھالدا ئاز-تولا چۈشىنىشكە موھتاج. ئۆزىنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت سورۇنى، نۇرغۇن خاپىلىق - خۇشاللىقنىڭ مەنبەسى بولمىش ئائىلە ھەققىدە بىرەر چۈشەنچىگە ئىگە بولماسلىق كۆپىنچە ھاللاردا ئادەمنىڭ نۇرغۇن دەرد-ئەلەم، كۆڭۈلسىزلىكلەرگە دۇچار بولۇشىغا سەۋەب بوپقېلىشى مۇمكىن. ئادەم ھەمىشە ئۆزىگە نائېنىق نەرسىلەر ئالدىدا خاتالىشىدۇ.

خوش، ئەمدى بىز جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ ئائىلىگە قانداق تەبىر بەرگىنىگە قاراپ باقايلى:

ئاۋستىرىيىلىك پسىخولوگ، روھ ئانالىزى ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى فرېئود مۇنداق دەيدۇ: «ئائىلە جىسمانىي تۇرمۇش بىلەن ئىجتىمائىي ئورگانىزملىق تۇرمۇش ئارىسىنى باغلايدىغان ئارغامچىدۇر». قارىغاندا، بۇ تەبىر ئائىلىنىڭ ئىجتىمائىي مەنىسى ۋە رولى نۇقتىسىدىن ئېيتىلغان بولۇپ، ئائىلىنى

تەشكىل قىلغۇچى زۆرۈر شەرتلىك ئامىللار تىلغا ئېلىنمىغان.

ماركس ـ ئېنگېلسلار ئائىلىنى يەنىلا ئۆزلىرى كۆنۈككەن مېتود بويىچە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى نۇقتىسىدىن كۆزەتكەن: «ھەركۇنى ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قايتا ئىشلەپچىقىرىپ تۇرۇۋدىغان كىشىلەر يەنە باشقا ئادەملەرنىمۇ ئىشلەپچىقىرىشقا باشلايدۇ، يەنى كۆپىيىدۇ. مانا بۇ ئەر-ئايال ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئاتا-ئانا ۋە پەرزەنت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، يەنى ئائىلە». بەلكىم بۇ ماركسىزمنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىش نەزەرىيىسى ئاساسىدىكى ھۆكۈم بولۇشى ئېھتىمال.

ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس E. W بوگىس ۋە H. J لوكلار ئۆزىنىڭ «ئائىلە» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئائىلە نىكاھ، قانداشلىق، بېقىۋېلىش مۇناسىۋىتى ئارقىلىق قوشۇلغان كىشىلەر گەۋدىسى. بۇنىڭدا ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئائىلىدىكى ئاتا-ئانا، ئەر-خوتۇن، قېرىنداش دېگەندەك ئىجتىمائىي ئالامەتلىرى بىلەن ئۆزئارا ئالاقىلىشىدۇ، تەسىر كۆرسىتىشىدۇ، رول ئوينايدۇ، شۇئارقىلىق بىر ئورتاق مەدەنىيەت يارىتىدۇ». بۇ تەبىردە ئائىلىنىڭ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيەت ـ ئالاھىدىلىكلىرى بەكرەك ئەكىتلەنگەن.

يىغىنچاقلىغاندا، گەرچە يۇقىرىقى تەبىرلەر ئائىلە دېگەن نېمە؟ دېگەن سوئالغا ھەرخىل نۇقتىدىن جاۋاب بەرگەن. بىز بۇنىڭدىن ئائىلە دېگەن ئۇقۇمغا نىسبەتەن بەلگىلىك دەسلەپكى چۈشەنچە ھاسىل قىلغان بولساقمۇ، يەنىلا بۇ تەرىپلەر بەزىبىر كەمتۈكلۈكلەردىن خالىي ئەمەس. ئەگەر ئائىلە ئۆز-ئۆزىنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىدىغان بىرلىك دەپ قارالسا، ئۇ ھالدا ئۆزلىكىدىن پەرزەنت كۆرمىگەنلەر ئائىلە ھېسابلانامدۇ؟ پەرزەنتلىك بولۇش ئائىلىنىڭ ئالدىنقى شەرتىمۇ؟ نىكاھ، قانداشلىق مۇناسىۋىتى ئالدىنقى شەرت قىلىنسا، ئۆزى تۇغماي باشقىلارنىڭ بالىسىنى بېقىۋالغانلارنىڭ ئائىلىسى يەنە ئائىلە ھېسابلىنامدۇ؟ نىكاھسىز بىرگە تۇرغۇچىلارچۇ؟ ئۇمۇ ئائىلىمۇ؟ پروبىركىدا، بالىياتقۇ سىرتىدا يېتىشتۈرۈلگەنلەرنىڭ ياكى سۇنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇلغانلارنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ سالاھىيىتىنى قانداق بېكىتىش كېرەك؟ ئۇلارمۇ باشقا ئاتا-ئانىلارغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ئاتا-ئانىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى كېرەكمۇ-يوق؟ . . . دېگەندەك مەسىلىلەر يەنە بۇ ھەقتىكى ئۇقۇمنى ئېنىقسىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

ئائىلىگە ئېنىق بىر تەبىر بەرمەك ئۇنچە ئوڭاي ئىش ئەمەس. ئەمما بىز يەنىلا بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان بىر تەبىرگە موھتاج. چۈنكى بىز مەلۇم شەيئىي ـ مەسىلىلەر ھەققىدىكى چۈشەنچىمىزنى بىر قەدەر مۇكەممەللىككە، سىستېمىلىق ھالەتكە، ئىلمىي ئېنىقلىققا ئىگە قىلىش ئۈچۈن چوقۇم شۇنداق تەبىر، ئەندىزە، قېلىپلارغا موھتاج. بۇلارسىز چۈشەنچىمىز تولىمۇ يۈزەكى، باش ـ ئاخىرى يوق، قالايمىقان بوپقالىدۇ. ئىدىيىنى بىر قۇرۇلۇشقا ئوخشاتساق، بۇلار شۇ قۇرۇلۇشنى تەشكىل قىلغۇچى خىش، بېتون. . . لار ھېسابلىنىدۇ.

تۆۋەندە مەن جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 2001-يىلى يانۋاردا نەشر قىلغان «ئائىلە جەمئىيەتشۇناسلىقى» دېگەن كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەبىرنى ئوقۇرمەنلەر ھۇزۇرىغا سۇنىمەن: « ئائىلە ـ نىكاھ، قانداشلىق ۋە بېقىۋېلىش مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلغان ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئاساسلىق تەشكىلىي بىرلىك».

بۇلارنىڭ ئىچىدىكى شەرتلەردىن تىلغا ئېلىپ ئۆتمىسەك زادى بولمايدىغىنى نىكاھ مۇناسىۋىتى. چۈنكى ھازىرقى زاماندا نىكاھسىز بىرگە تۇرغۇچىلار بارغانسېرى كۆپىيىپ، بۇلارمۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ يېڭى بىر تەركىبىي قۇرۇلمىسى بوپقالدى. گەرچە بىزنىڭ رايونىمىزدا بۇخىل قىلمىش ئەخلاقسىزلىق، بۇزۇقچىلىق ھېسابلانسىمۇ، ھازىر نۇرغۇن ئەللەردە بۇشەخسنىڭ ئەركىنلىكى، ئىختىيارلىقى ئىچىدىكى ئىش ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئامېرىكىدا 1997-يىلى نىكاھسىز بىرگە تۇرغۇچىلار تۆت مىليون جۈپكە يەتكەن. بۇنىڭ 36%تى تېخى 18ياشقا توشمىغان بالىلار ئىكەن. پۈتكۈل دۆلەت مىقياسىدا 16ياشقا توشمىغان 50% ئەتراپىدا بالا نىكاھسىز ئائىلىلەردە تۇرۇشقا مەجبۇر ئىكەن. ئەلۋەتتە بۇنىڭدەك مىساللار نۇرغۇن، ھەممىنى بىر-بىرلەپ تىلغا ئېلىپ ئولتۇرمايمىز.

مەن بۇيەردە دېمەكچى بولغان مەسىلە ھازىر بەزى جەمئىيەتشۇناسلار بۇخىل نىكاھسىز بىرگە تۇرغۇچىلارنىمۇ ئائىلە ھېسابلاۋاتىدۇ، ئۇلارغىمۇ بىر قانۇنلۇق نەزەرىيىۋى ئاساس ـ باھانە ئىزدەۋاتىدۇ. ئەگەر بۇخىل قىلمىش ئىلىم ساھەسىدىكىلەر تەرىپىدىن شەرھلىنىپ، ئاۋام تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنسا، ئۇ ھالدا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى، تۇرمۇشى، قىممەت قارىشى پۈتۈنلەي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ، ئىنسانلار جەمئىيىتى ھايۋانلار جەمئىيىتىگە ئۆزگىرىپ قالىدۇ. بۇيەردە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ھازىرقى دۇنيادا ئىنسانلار قىلغان ھەرقانداق بىر ئىش، ئەگەر بۇ ئىش باشقىلارغا ئىقتىسادىي ياكى سىياسىي بىخەتەرلىك جەھەتتە زىيان ئەپكېلىدىغان ئىش بولمىسىلا، ئىنسانلار تەرىپىدىن ئەقىلگە مۇۋاپىق دەپ قوبۇل قىلىنىۋاتىدۇ، پەيلاسوپ ـ مۇتەپەككۇرلارمۇ بۇخىل قىلمىشلارنى نەزەرىيىۋى جەھەتتىن شەرھلەپ ، ئۇنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، ئىلمىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈۋاتىدۇ. ھازىر قىلىۋاتقان ئىشنىڭ ئەنئەنىۋى، دىنىي پرىنسىپ، جامائەت پىكرى. . . قاتارلىقلارغا خىلاپ بولۇش-بولماسلىقى ھەققىدە ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەردىن باشقىلار ئويلانمايدىغان بولدى( ئەمما ئويلىنىشلا مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ) . قارىغاندا، ئادەملەر تۇرمۇشتا پۈتۈنلەي پرىنسىپسىز ياشايدىغان بىر دەۋر يېتىپ كېلىدىغاندەك قىلىدۇ.

دېمەك، مېنىڭچە، ئائىلە ئىچىدىكى ئەر-خوتۇن بولۇشقۇچىنىڭ ئارىسىدا چوقۇم نىكاھ بولۇشى، نىكاھ بولمىسا ئائىلە ھېسابلانماسلىقى كېرەك. ئۇ، ئىنسانىي ئەخلاق-پەزىلەت، ئىززەت-ھۆرمەتنى كاپالەتلەندۈرۈۋدىغان ئەڭ ياخشى ۋاستە. ئەلۋەتتە بىزنىڭ دىيارىمىزدا بۇخىل ھادىسىلەر يوق دېيەرلىك. ئەمما ھازىرقى كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى، ئەخلاق ئېڭىنىڭ ئۆزگىرىش يۆنىلىشىدىن قارىغاندا، كالىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن موزاينىڭ بېشىغىمۇ كېلىدىغاندەك قىلىدۇ.

ئائىلە ئىككى جىنسنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن جىسمانىي بىرلىكلا بوپقالماي، نىكاھ ئارقىلىق بەلگىلىك دىنىي، ئەنئەنىۋى رەسمىيەت ـ

مۇراسىملار بويىچە ئاشكارا شەكىللەنگەن بىر ئىجتىمائىي بىرلىك. بۇنۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇ قوش مەنىگە ئىگە.

### 3

تۆۋەندە، ئائىلىنىڭ فۇنكسىيىسى (خىزمىتى) ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز. جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيىلىرىدە ئائىلىنىڭ تۆۋەندىكىدەك فۇنكسىيىلىرىنى سۆزلەيدۇ:

1. بىئولوگىيىلىك فۇنكسىيىسى:

بۇ، جىسمانىي تەلەپنى قاندۇرۇش، تۇغۇش، بالا بېقىش، ياشانغانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش دېگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ.

2. پسىخولوگىيىلىك فۇنكسىيە:

تەسەللىي بېرىش، خاتىرجەملىك، بىخەتەرلىك ئېھتىياجى، مۇھەببەت ئېھتىياجى دېگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ.

3. ئىقتىسادىي فۇنكسىيە:

بۇ، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىملەش، ئالماشتۇرۇش، ئىستېمال قىلىش دېگەنلەرنى؛

4. سىياسىي فۇنكسىيە:

ئائىلىنىڭ بىر كىچىك ھۆكۈمەت ئىكەنلىكى ۋە ئەزالارنىڭ ھوقۇقى مەسىلىسى؛

5. مائارىپ فۇنكسىيىسى:

يەنى بالىلارنىڭ تەربىيىلىنىشى، ئىجتىمائىيلىشىشى، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىر-بىرىنى يېتەكلىشىنى؛

6. كۆڭۈل ئېچىش فۇنكسىيىسى:

بالىلارنىڭ ئويۇنلىرى، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى؛

7. مەدەنىيەت فۇنكسىيىسى:

بۇ، ئىجتىمائىي ئۆرپ-ئادەت، دىن، ئەنئەنىنى تارقىتىش، ئۆگىتىش فۇنكسىيىسىنى كۆرسىتىدۇ.

تۆۋەندە مەن پەقەت ئائىلىنىڭ تەربىيە فۇنكسىيىسى ھەققىدىلا توختىلىپ ئۆتىمەن:

ھەممىگە مەلۇمكى، ئائىلە ئادەملەرنىڭ تۇنجى مەكتىپى، ئادەمگە يېزىلىدىغان تۇنجى خەت ئائىلىدە يېزىلىدۇ. ئادەممۇ تۇنجى سۆزنى ئائىلىدە قىلىدۇ، تۇنجى كۈلكىنى ئائىلىدە كۈلىدۇ، تۇنجى يىغىسىنىمۇ ئائىلىدە يىغلايدۇ. مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئائىلە ئادەملەرنىڭ تۇنجى مەكتىپىلا بوپقالماستىن، يەنە مەڭگۈلۈك مەكتىپى، ئوقۇپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان مەكتەپتۇر.

ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مەكتەپ تەربىيىسى (مائارىپ) گە ئوخشىمايدىغان تەرىپى شۇكى، مەكتەپ ئادەمگە بىلىم-ماھارەت، ئىقتىدار ئۆگەتسە، ئائىلە ئادەمگە كىشىلىك پەزىلەت، ئەخلاق، ئادەم بولۇش قائىدە - يوللىرىنى ئۆگىتىدۇ. ئادەمگە نىسبەتەن بۇ ئىككىسىدىن ھېچقايسىسى كەم بولسا بولمايدۇ. مەكتەپ تەربىيىسىنى ئائىلىدە ئېلىپ بېرىش مۇمكىن، ئەمما ئائىلە تەربىيىسىنى پەقەت ۋە پەقەت ئائىلىدىلا ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

ئائىلە تەربىيىسى مۇتلەق رەۋىشتە غەرەزسىز، تەبىئىيلا ئېلىپ بېرىلىدىغان، كونكرېت قەدەم - باسقۇچ، دەرسلىكلەر، پىلان-پروگراممىلار يوق بولغان بىرخىل ئىستىخىيىلىك تەربىيە جەريانى. بۇخىل تەربىيىنىڭ ئىشقا ئېشىش جەريانى مەلۇم بىر نەرسىنى ئىگىلەش، ئۆگىنىش جەريانى بولماستىن، سىڭىشىش، تەبىئىي ئۆزلىشىش جەريانى بولىدۇ. شۇڭا بۇنىڭ تەسىرى خۇددى ئىرسىي ئالاھىدىلىكلەردەك مەڭگۈلۈك بولىدۇ.

ئاتا-ئانىنىڭ ئائىلىدىكى گەپ-سۆزى، ئىش-ھەرىكەتلىرى، قولۇم-قوشنىلار، ئۇرۇق-تۇغقانلار بىلەن بولغان بېرىش-كېلىش ئالاقىلىرى... قىسقىسى، ئائىلىدىكى ھەربىر ئىش دەل ئائىلە تەربىيىسىدىكى دەرسلىك ھېسابلىنىدۇ. پەرزەنتلەر ئۇلارنىمۇ ھېس قىلمىغان ھالدا مۇشۇ ئىش-ھەرىكەتلەردىن تەبىر قوبۇل قىلىدۇ، ئۆرنەك ئالىدۇ. جەمئىيەتتە ئاتا-ئانىلىرى جېدەلخور بەزى ئائىلىلەرنىڭ دېگۈدەك ھەممە بالىسىنىڭ ئوخشاشلا ئاتا-ئانىسىدەك جېدەلخور ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئاتا-ئانىلىرى ھەرگىزمۇ مەخسۇس بالىلىرىغا جېدەل قىلىشنى ئۆگەتمەيدۇ، پەقەت بالىلىرى ئاتا-ئانىلىرىدىن تەبىئىي يوسۇندا ئىستىخىيىلىك ئۆگىنىپ قالىدۇ، ئۇلارغا ئادەت خاراكتېرلىك سىڭىپ قالىدۇ. بۇخىل تەبىئىي سىڭىپ قالغان يامان ئادەتتىن قۇتۇلماق بەك تەس.

بىر ئادەمنىڭ قانداق ئادەم بولۇپ تەربىيىلىنىشى ئائىلە، جەمئىيەت، مەكتەپتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ ئورتاق تەسىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بۇ ئۈچ تەرەپ تەربىيىسىدىكى ساقلىنىش تولىمۇ تەس بىر مەسىلە، تەربىيە بىردەكسىزلىكى مەسىلىسى. جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن مەسىلىلەر دەل مۇشۇ ئۈچ تەرەپ تەربىيىسىدىكى مۇۋازىنەتتە تەڭپۇڭسىزلىق كۆرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. ئالايلۇق، ئائىلە بالىلارغا ئائىلە ئۈچۈن، ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۈچۈن ياشاشنى ئۆگىتىدۇ، جەمئىيەت ئۇنىڭغا ئۆزى ئۈچۈن ياشاشنى ئۆگىتىدۇ، مەكتەپ بولسا دۆلەت ئۈچۈن ياشاشنى ئۆگىتىدۇ. تەربىيىدىكى بۇخىل بىردەكسىزلىك مۇقەررەر بالىغا ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاخىرىدا خۇددى بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدىكىدەك جەمئىيەت مەقسەتسىز ياشايدىغانلارغا توشۇپ كېتىدۇ. مەقسەتسىز ياشاش دەل ئىنسانلارنىڭ قايغۇ-ئەلىمىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى.

ئەمدى بىز ئائىلىنىڭ تەربىيە فۇنكسىيىسىنىڭ مۇھىم ئىككى تەركىبى بولغان مۇھەببەت فۇنكسىيىسى ۋە ئەخلاق فۇنكسىيىسى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز.

مۇھەببەت فۇنكسىيىسىنى باشقىچە ئېيتقاندا، مۇھەببەت تەربىيىسى دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. پەرزەنتلەر بايلىققا ئېرىشەلمىسە، ئۇنى ئۆزى تاپالىشى مۇمكىن. بىلىمگە ئېرىشەلمىسە ئۇنىمۇ ئۆزى ئۆگىنىشى مۇمكىن. ئەمما كەم بوپقالسا ۋارىسلىق قىلىپ ئېرىشمەك مۇمكىن ئەمەس نەرسە - مۇھەببەت. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئائىلىسىدە سۆيۈش-سۆيۈلۈش، كۆيۈنۈش - كۆيۈنۈلۈش سەرگۈزەشتىسى بولمىسا، ئۇنداق كىشىلەرنىڭ كېيىن پۇچۇن كىشىلەر بىلەن قىزغىن مۇھەببەتلىك كەيپىياتتا ياشىيالىشى بەك قىيىن. ئائىلە ھېچقانداق بىر ئورگان ئورنىنى ئالالمايدىغان مۇھەببەت تەربىيىسى مەكتىپى. كىشى ھاياتلىقتا باشقىلارنى قەدىرلەش، سۆيۈش، باشقىلارغا غەمخورلۇق قىلىش، كۆيۈنۈشنى پەقەت ئائىلىدىن ئۆگىنىدۇ، ئائىلىدىن بۇخىل مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىي تەمىنى تۇنجى بولۇپ ھېس قىلىدۇ. ئادەملەر ئارىسىدىكى ئىللىقلىقنىڭ، سۆيگۈنىڭ قانداق بولۇدىغانلىقىنى بىلىدۇ. مانا بۇلار كىشى ھاياتىدا باشتىن ئۆتكۈزمىسە بولمايدىغان بىرمۇھىم تەربىيە جەريانى.

ئادەم ئاۋۋال دۇنياغا پەرزەنتلىك سالاھىيىتىدە تۇغۇلىدۇ. دېمەك ئۇ تۇنجى قېتىم بىر بالا - پەرزەنت، كېيىن چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى بولىدۇ. ئۇھالدا ئۇنىڭغا بىر يېڭى سالاھىيەت قوشۇلىدۇ، ئۇ چاغدا ئادەم يائاكا، يائۇكا، يا ئاچا، ياسىڭىل بولىدۇ. كېيىن ئۇلار قورامىغا يەتكەندىن كېيىن توي قىلىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلار ئەر ياكى خوتۇنلۇق سالاھىيىتىدە بولىدۇ. كېيىن پەرزەنتلىك بولۇپ ئاتا-ئانا بولىدۇ. قىسقىسى بۇئادەملەرنىڭ بىر-بىرلەپ ئۆزىدە ھازىرلايدىغان ئاساسلىق ئادىمىي سالاھىيىتى. مانا بۇ تۆت خىل جەرياندا ئادەم ئوخشىمىغان روھىي دۇنيا، ئوخشىمىغان مېھىر-مۇھەببەت ئىچىدە ياشاپ، كىشىلىك دۇنيادىكى زورۇر پىسخىك پەزىلەت، مېھىر-مۇھەببەتنى يېتىلدۈرىدۇ.

ئادەم تۇغۇلۇپ پەرزەنتلىك سالاھىيىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆزىگە بولغان چەكسىز كۆيۈنۈشى، مېھىر-مۇھەببىتى، غەمخورلۇقى ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىپ، شۇجەرياندا ئۆزىدىمۇ ئاتا-ئانىسىغا بولغان مۇھەببەت، ھۆرمەت، ۋاپادارلىق شەكىللىنىدۇ ھەم ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ئاتا-ئانىسىغا بولغان تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدۇ. بۇجەرياندا ئادەم تۇنجى قېتىم مۇھەببەتنىڭ ئىيملىكىنى ھېس قىلىدۇ. مۇھەببەتنىڭ يادروسى قۇربان بېرىش ۋە ئەپۇ قىلىشتۇر. ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنتكە ، پەرزەنتنىڭ ئاتا-ئانىغا بولغان بۇخىل خالىس، مىننەتسىز مۇھەببەت جەريانى، پەرزەنت قەلبىگە باشقىلارنى قانداق سۆيۈشنىڭ تۇنجى ئۇرۇقىنى تىكىدۇ.

پەرزەنت سەل چوڭ بولۇپ قېرىنداشلىرى بولغاندىن كېيىن ئوخشىمايدىغان بىرمۇھەببەتنى ھېس قىلىدۇ. ئۇ، بۇجەرياندا تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىدۇ، باشقىلار بىلەن قانداق چىقىشىپ ياشاشنى ، بىر-بىرىنى قانداق ئەپۇ قىلىشنى ، قانداق كۆيۈنۈشنى ئۆگىنىدۇ. چۈنكى قېرىنداشلىق مۇھەببىتى ئاتا-ئانا بىلەن پەرزەنت مۇھەببىتىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇ تېخىمۇ كۆپ بەدەل، سەۋر تەلەپ قىلىدۇ. ئاتا-ئانىغا بولغان ۋاپادارلىق تەبىئىي مەجبۇرىيەت سۈپىتىدە بولسا، قېرىنداشلىق ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، ئادەم قېرىنداشلىقتا تەمەدىن، مىننەتتىن خالىي بولمىقى تەس.

ئۈچىنچى باسقۇچتا، ئادەم يېڭى بىر ھەمراھ يەنى ئەر ياكى بىر ئايال بىلەن بىرگە ياشايدۇ، يەنى بىر ئائىلىدە تۇرىدۇ. مانا بۇ تېخىمۇ يۇكسەك دەرىجىدىكى ئالىيجانابلىق ۋە كىشىلىك پەزىلەت، مىننەتسىزلىكنى تەلەپ قىلىدۇ، مۇتلەق ساداقەت، سەمىمىيلىك بۇخىل مۇھەببەتنىڭ يىلتىزى بولىدۇ، ئەپۇ ۋە خالىس قۇربان بېرىش، بۇيىلتىزنى شاخلىتىدۇ، باراقسانلىتىدۇ. ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت خۇددى باغدىكى پات-پات ئوتاشقا، قۇرت-قوڭغۇزلىرىنى تازىلاشقا، سۇغۇرۇپ، پەرۋىش قىلىپ تۇرۇشقا موھتاج. بولمىسا، بۇباغنى ياۋا ئوت-چۆپ، قۇرت-قوڭغۇزلار بېسىپ كېتىشى مۇمكىن. ئادەم بۇھالەتتە ئۆز سالاھىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشى، ئائىلىدە ئۆز ئورنىنى ھەقىقىي ئېتىراپ قىلىشى - بىر-بىرىنىڭ ئۆزئارا نىمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىشى، ئائىلە تىنچلىقى ۋە بەختىنىڭ ئاساسى بوپقالىدۇ.

ئەر-ئايال مۇھەببىتى يۇقىرىقى ئىككى خىل مۇھەببەتكە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. ئادەمنى بىر-بىرىگە نىسبەتەن تېخىمۇ ساداقەتمەن، ئەپۇچان، كەڭ قورساق، مىننەتسىز، شەخسىيەتسىز بولۇشقا ئۈندەيدۇ. بۇجەرياندا ئادەم پىسخىك جەھەتتە تېخىمۇ زور دەرىجىدە پىشىپ يېتىلىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى خىل مۇھەببەت ئەر-خوتۇن مۇھەببىتىنىڭ خېمىرتۇرۇچى بوپقالىدۇ.

تۆتىنچى باسقۇچتا، ئەر-خوتۇنلار پەرزەنتلىك بولۇپ، ئاتا-ئانىغا ئايلىنىدۇ. ئاتا-ئانىلىق سالاھىيەت ئەڭ پىشىپ يېتىلگەن پىسخىك ساپا تەلەپ قىلىدۇ. ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنتكە بولغان مۇھەببىتى يۇقىرىقى ھەرقانداق بىرخىل مۇھەببەتكە قارىغاندا ئەڭ ھەقىقىي، ئەڭ خالىس، ئەڭ سېخىي بولىدۇ. ئاتا-ئانا بۇچاغدا پۈتۈنلەي پەرزەنت ئۈچۈن ياشايدۇ، ئۆزىنى ئۇنتۇيدۇ، پەرزەنتتىن ھېچنېمە تەلەپ قىلمايدۇ، مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا بۇبىر مۆجىزە.

قىسقىسى، يۇقىرىقىلار ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى تۆت خىل ئاساسلىق مۇھەببەت. بۇلارنى تۇرمۇشتىكى ھەرقانداق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە قەدەر كېڭەيتىپ، تەدبىقلاپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. دېمەك، ئائىلىدە پەقەت ۋە پەقەت ئائىلىدىلا مۇشۇ خىل مۇھەببەتنى يېتىلدۈرگىلى، ئۇنىڭ تەمىنى تېتىغىلى، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قالدۇرغىلى بولىدۇ. بۇتۆت خىل مۇناسىۋەتنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىلتىزى، ئەندىزىسى، ئۆرنىكى، قېلىپى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

قېنى ئەمدى نەزىرىمىزنى ئائىلىنىڭ ئەخلاق فۇنكسىيىسىگە يۆتكەيلى.

ھەرقانداق بىر ئائىلە مەلۇم مەدەنىيەت سىستېمىسىغا تەۋە جەمئىيەتتە مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ، شۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ ھەرخىل كونكرېت ئامىل، ئېلېمېنتلىرى ئائىلىدە، ئائىلە تۇرمۇشىدا ھەرزامان، ھەرماكان ئىپادىلىنىپ، ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. ئائىلىمۇ بىر كىچىك مەدەنىيەت ئوچىقى. ئۇ ئىستېخىيىلىك يوسۇندا مەدەنىيەت يارىتىدۇ يەنە ھەم شۇ مەدەنىيەتنىڭ سورۇنى بولىدۇ، شۇنداقلا شۇ مەدەنىيەتنى قوغدايدۇ. شۇ مەدەنىيەتكە خاس بولغان تەپەككۇر ئۇسۇلى، قىممەت قاراش، ئەخلاق ئەندىزىلىرى دەل ئائىلىدىكى تەربىيە مۇھىتى ئارقىلىق ئەجدادتىن ئەۋلادقا كۆچىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ ئەخلاق بىۋاستە ئائىلىدە يېتىلىپ مۇكەممەللىشىدۇ. ئادەمنىڭ ئەخلاقىمۇ ئاۋۋال ئائىلىدە يېتىلىدۇ، ئائىلە ۋە جەمئىيەتتە ئەكس ئېتىدۇ، شۇنداقلا ئائىلە تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. بىر جەمئىيەتنىڭ پۈتكۈل ئەخلاق سەۋىيىسىنى ئائىلىلەر بەلگىلەيدۇ.

ئادەم تۇنجى بولۇپ ئائىلىدە ئەدەب، ھايا، ھۆرمەت ئۆگىنىدۇ. ئائىلە تەربىيىسى ئادەمنىڭ ئەخلاق قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئائىلىدە ئەخلاقسىزلىققا كۆنگەن بالىلارنى مەكتەپ، جەمئىيەتتە ئەخلاققا ئىگە قىلماق ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن، بالىلار دوستلىرى ئارىسىدا قىلىشىدىغان ھاياسىز چاقچاق، پاراڭلىرىنى ئائىلىدە قىلالمايدۇ، سىرتتا تاماكا-ھاراققا ئاشنا بولسىمۇ، ئائىلىدە ئاز-تولا بولسىمۇ دىققەت قىلىدۇ. چۈنكى ئائىلىنىڭ شەخسنى نازارەت قىلىشى، جەمئىيەت، مەكتەپتىكىدىن كۆرە ئىنچىكە، مۇقەددەس بولىدۇ.

ئائىلىنىڭ ئەخلاق يېتىشتۈرۈش رولى پەقەت

پەرزەنتلەرگىلا ئەمەس، بەلكى ئاتا-ئانا بولغۇچىغىمۇ زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. جەمئىيەت پەقەت ئائىلىدىن ئىبارەت بىر ئىجتىمائىي ئورگان بولغىنى ئۈچۈن نۇرغۇن بۇزۇقچىلىق، ئەخلاقسىزلىقلاردىن خالىي تۇرىدۇ. قەيەردە ئائىلە ئاساسى ئاجىز، ئائىلە ئىگى تۆۋەن بولىدىكەن، شۇيەردە تىنچسىزلىق، غەم-قايغۇ كۆپ، ئىجتىمائىي تەرتىپ قالايمىقان، ئەخلاقسىزلىق يامرىغان بولىدۇ. ئەگەر ئائىلە بولمىسا ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ قانداق مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئائىلە ئەخلاقى شەخس ئەخلاقىنى يېتىلدۈرىدۇ، جەمئىيەت ئەخلاقىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئائىلىسىز، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئەخلاقتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شەھەرلەردە ئائىلىنىڭ ئىلگىرىكى مۇقەددەسلىك ئورنىنىڭ تۆۋەنلەۋاتقانلىقى، شەھەرلەردىكى ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ بارغانسېرى چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ مۇھىم سەۋەبى.

قىسقىسى، ئائىلىنىڭ تەربىيە رولىنى ھېچقانداق ئورگان ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدۇ. مەكتەپتە بالىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولغان بىلەن ئاتا-ئانىسى يوق، جەمئىيەتتە دوستلىرى بولغان بىلەن قېرىنداشلىرى يوق. ئائىلىدە ھەممە ئادەم تەربىيىلىگۈچى ھەم تەربىيىلەنگۈچى. ئائىلىمۇ بىر مەركىزىي دەرسلىكى يوق مەكتەپ، چۈنكى ئائىلىدىكى ھەربىر سۆز، ھەربىر ئىش، ھەربىر پائالىيەتنىڭ ئۆزى دەرسلىك. بۇ، ئادەمنىڭ قايسى خىل ئىنسانىي خىسلەت، پەزىلەتتە ياشىشىنى بەلگىلەيدىغان دەرسلىك.

بۈگۈن، ئىنسانىيەت مەۋجۇدلۇقىنىڭ بۆشۈكى بولغان ئائىلە تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كرىزىس، خىرىسقا دۇچ كەلدى. نۇرغۇن ئەل-دۆلەتلەردە ئائىلە تولىمۇ بىچارە ئورۇندا، قۇتقۇزۇشقا موھتاج بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئىنسانىيەت تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئىلگىرىكى تۇرمۇش شەكلىدىكى ئاساسلىق مەركىزىي بىرلىك ئائىلىگىمۇ ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ئەكەلدى. نۇرغۇن مۇتەپەككۇر، جەمئىيەتشۇناسلار ئائىلىنىڭ ئەمدى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش شەكلىدە ئىلگىرىكىدەك مەركىزىي، مۇقەددەس ئورۇندا تۇرمىسىمۇ بولىدىغانلىقى، ئىنسانىيەتنىڭ يېڭىچە تۇرمۇش يوللىرىغا ماسلىشىشى كېرەكلىكى ھەققىدە يېڭى-يېڭى پەتىۋا، نەزەرىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا. ئىنسانلارغا راستتىنلا ئائىلە بولمىسىمۇ بولۇۋېرەمدۇ؟

## 4

ئىنسانلار ھەرۋاقىت ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرىدۇ. پەقەت ئوخشىمىغان دەۋردىكى ئۆزگىرىشلەر كۆلەم-سۈرئەت، تەسىر جەھەتتە پەرقلىق بولغىنى ئۈچۈن بىز بەزى ئۆزگىرىشلەرنى ئالەمشۇمۇل، غايەت زور دېگەن سۈپەتلەشلەر بىلەن ئالاھىدە تىلغا ئالىمىز. ئىنسانلاردىكى مۇشۇ يېقىنقى ئىككى-ئۈچ ئەسىر بولۇپمۇ بىر ئەسىر مابەينىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى شۇنداق ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ھەقلىقمىز. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرگىنىمىزدە، يەنىلا نەزىرىمىز يېقىنقى زامان ياۋروپا جەمئىيىتىدە يۈزبەرگەن دىنىي ئىسلاھات، ئەدەبىيات-سەنئەت ئويغىنىشى ۋە سانائەت ئىنقىلابىدىن ئىبارەت يېقىنقى زامان ياۋروپا جەمئىيىتىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە چۈشىدۇ. چۈنكى بۇ ياۋروپا جەمئىيىتىنىلا ئەمەس، ياۋروپا ئارقىلىق پۈتكۈل ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ھازىر ئەتراپىمىزدا يۈز بەرگەن ھەرقانداق ئۆزگىرىشنى غەربنىڭ تەسىرىسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

بولۇپمۇ ھازىرقى زامان ياكى تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، بۈگۈنكى زاماندا بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر دائىرىسى، كۆلىمى ۋە ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئاجايىپ تېز، بەك چوڭقۇر، بىۋاسىتە يۈز بېرىدىغان بولدى. مانا بۇ شىددەتلىك ئۆزگىرىشلەر ئائىلىنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى مۇقەددەس ئورنى، نوپۇزى، قىممىتىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. ئەنئەنىۋى ئائىلە قۇرۇلمىسىدا ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، ئائىلە بارغانسېرى ئەسلى مەنىسىدىن ياتلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. ئائىلىسىز جەمئىيەت بەزى ئىنسانلار ئىنتىلىدىغان يېڭى ئۇتوپىيىگە ئايلاندى. ئىنسانلار بارغانسېرى ئائىلىنى ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىۋاتقان، ئىقتىدارىنى نامايەن قىلىپ زور ئىشلارنى تەۋرىتىشتىن توسىدىغان، پۇت-قوللىرىنى بوغۇۋالغان ئاسارەت دەپ قاراشقا باشلاپ، يېڭى تۇرمۇش شەكىللىرىنى ئىختىيار قىلىشقا يۈزلەندى. نىكاھسىز بىرگە تۇرۇش مودىغا ئايلاندى. پەرزەنتلىك بولۇشنى دېمىسە، توي قىلىش نۇرغۇن كىشىلەرگە ئەھمىيەتسىزدەك بىلىنىشكە باشلىدى. ئاجرىشىش، قايتا توي قىلىش دېگەنلە خۇددى كېيىم-كېچەكنى سېلىپ-كىيگەنچىلىك شۇنچە ئوڭاي، بىمالال قىلىنىدىغان ئىشقا ئايلىنىپ قالدى ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا، كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئائىلىدە بەخت ئىزدەشتىنمۇ بەكرەك ئەھمىيەتلىك، زور ئىش بوپقالدى. ئىلگىرى ئائىلىلەر مېھىر-مۇھەببەت ئىزدەيدىغان، يېڭى ئەۋلاد يېتىلدۈرىدىغان ئورۇن بولغان بولسا، ھازىر پەقەتلا بىئولوگىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرىدىغان بىر ئۆتەڭ بوپقالدى. كىشىلەرنىڭ ئائىلىگە بولغان چۈشەنچىسىدىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بېرىشكە باشلىدى. نىكاھسىز بىرگە تۇرۇشنىڭ ئاۋام تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى، نىكاھنىڭ ئىلگىرىكى مۇقەددەسلىك ئورنىنى يوقىتىشى، بۇ خىل قىلمىشلارغا قارشى كۈچلۈك بىر ئىجتىمائىي ئەخلاق بېسىمى، قانۇن ۋاسىتىسى، جامائەت پىكرى بولماسلىقى، جىنسىي بۇزۇقچىلىقنىڭ بىر ئادەت سۈپىتىدە جەمئىيەتلىشىشكە داغدام يول ھازىرلاپ بەردى. كىشىلەر ئىلگىرى ئەرلىرى، خوتۇنلىرىدىنلا ئېرىشەلەيدىغان نەرسىلەرگە باشقىلاردىنمۇ بىمالال ئېرىشەلىگەچكە، ئۇنى ھەر ئىككى تەرەپ مېنىڭ ھوقۇقۇم دەپ قارىغاچقا، بۇزۇقچىلىق قانۇنىي كاپالەت بىلەن قوغدىلىپ، ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت، جاۋابكارلىق ھېچكىمدىن سۈرۈشتۈرۈلمەيدىغان بولدى.

بەلكىم مۇشۇ تەرىقىدە داۋاملاشسا، ئائىلىسىز جەمئىيەتلەرمۇ مەيدانغا كېلىشى، ھارامدىن بولغان بالىلارنى دۆلەت ياكى ئىجتىمائىي خەير-ساخاۋەت ئورۇنلىرى بېقىشى، ھازىر ئاياللار ئەرلەرسىزمۇ پەرزەنتلىك بولالىغاچقا، ئەگەر جىنسىي تەلىپىنى

قاندۇرۇدىغان يېڭى چارە تاپالىسا (بەلكىم تاپقاندۇ)، بەلكىم بىزگە ئەر لازىم ئەمەس، پەرزەنتلا لازىم، دەپ شوئار توۋلىشى، دورىخانىلاردا ئۇرۇق سېتىلىشى، ئاياللار شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆزى ئۇرۇقلاندۇرال-شى، ياكى بەدەن سىرتىدىلا هامىلە يېتىشتۇرۇپ بېقىشى، بۇنداق چارىلەر تېخىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، بۇنى دوختۇرخانىلاردىلا قىلالايدىغان هالەتتىن، ئۆيىدىمۇ كىشىلەر ئاددىي ئۇسۇللار بىلەن قىلالايدىغان بولۇشى مۇمكىن.

مانا مۇشۇ ۋاقىتتا ئىنسانلار جەمئىيىتىنى قانداقراق هالەتتە تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن؟ ئەلۋەتتە، ناۋادا شۇخىل هالەت هەقىقەتەن ئومۇملىشىپ قالسا، ئىنسانلار بۇنىڭغىمۇ يېڭى ئۇقۇم، نەزەرىيە ئىجاد قىلىپ، ئۇنىڭمۇ ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر مەهسۇلى ئىكەنلىكى، ئىنسانلارنىڭ بۇنىڭغا ماسلىشىشى كېرەكلىكى هەققىدە قايىل قىلارلىق هۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويالىشى مۇمكىن. چۈنكى هازىر ئىنسانلارغا ئۆز نەپسى ئۈچۈن هەرقانداق بىر نەرسە، مەيلى ئۇ مۇقەددەس دىنىي پرىنسىپ ياكى ئەنئەنە، ئۆرپ-ئادەت بولسۇن هەممىسى بەرىبىر. هازىر ئىنسانلار ئۈچۈن دېگىلى، يازغىلى بولمايدىغان گەپ، قىلغىلى بولمايدىغان هېچقانداق ئىش يوق.

قايسى سەۋەب هازىرقى زامان ئائىلىلىرى (بولۇپمۇ شەهەر ئائىلىلىرى) دە يۇقىرىقىدەك ۋەزىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى؟ مېنىڭچە، بۇنىڭ سەۋەبىنى تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپكە يىغىنچاقلاش مۇمكىن. ئەلۋەتتە بۇ ئىككى تەرەپمۇ بىر-بىرىنى شەرت-سەۋەب قىلىدۇ، بىر-بىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلغان مۇستەقىل جەريان ئەمەس.

بىرىنچى، ئىش تەقسىماتىدىكى ئۆزگىرىش.

يۇكسەك دەرىجىدىكى سانائەتلىشىش ئەر-ئايالنىڭ ئەنئەنىۋى ئىش تەقسىماتىغا زور ئۆزگىرىش ئەكىلىپ، ئىلگىرى ئەرلەرلا قىلالايدىغان ئىشلارنى ئاياللارمۇ قىلالايدىغان، ئۆزلىرى مۇستەقىل پۇل تاپالايدىغان، ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى تەڭ ئۈستىگە ئالالايدىغان بولدى. بۇ، ئەر ۋە ئايالنىڭ ئائىلىدىكى ئورنىغا، رولىغا يېڭى ئۆزگىرىش ئەكەلدى. ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى ئىلگىرىكىدىن زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ، باشتا قانداقلا بولمىسۇن ئاياللارنىڭ هوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈدىغان ياخشى ئىش دەپ قارالدى. ئەمما بۇ ياخشى ئىش بارغانسېرى ئۆزىنىڭ نورمال دائىرىسىدىن هالقىپ كېتىپ، ئاياللاردىكى ئانىلىق، خوتۇنلۇق بۇرچ تۇيغۇسى، ئېڭى بارغانسېرى سۇسلاپ، ئائىلە ئاياللار نەزىرىدە بارغانسېرى ئىككىلەمچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى، ئائىلىنى كىشەن، تۈرمە دەپ قارايدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئائىلىدىكى ئىناقلىق بارغانسېرى يوقاشقا، ئائىلە ئوخشاشلا ئەرنىمۇ، ئايالنىمۇ تازا قىزىقتۇرالماي-دىغان، هەر ئىككى تەرەپ ئائىلىدىن زېرىكىدىغان، ئائىلىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمەيدىغان، پەرزەنتنى دەپلا ياشايدىغان بولدى. نەتىجىدە بۇخىل ئائىلىدىن زېرىكىش ئائىلىدىن ۋازكېچىشكە ئۆزگەردى. ئائىلىنىڭ هەر ئىككى تەرەپ نەزىرىدىكى قىممىتى، ئورنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. ئەگەر ئاياللار ئائىلىدە تۇرۇپ ئېرىگە تايىنىپ، بالىلىرىنى بېقىپ ياشىسا، ئەرلەر هەددىدىن ئېشىپ، مۇستەبىت بولۇۋېلىپ، هەممىلا ئىشتا ئۆزىنى هاكىم-قازى قىلىۋالدى، ئايالنىڭ هوقۇق-مەنپەئەتى، ئۆزىنىڭ ئايالىغا نىسبەتەن ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى هەققىدە ئويلانمىدى. قىسقىسى، ئائىلىدە ئاياللارغا تەڭسىزلىك پەيدا قىلىپ، ئائىلىنى بىر زۇلۇم زىندانىغا ئايلاندۇرۇپ، ئاياللارنى خارلىدى، هەرگىزمۇ ئايالىم مېنىڭ تامىقىمنى ئېتىپ، كىر-قاتلىرىمنى يۇيۇپ، بالىلارنى بېقىۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلىدە بولاي دەپ قارىماي، شۇنى قىلمىسا نېمە قىلاتتى؟ ئۇ دېگەن خوتۇن كىشىنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ ئۆتكەمىلىك قىلدى. ئايال كىشىمۇ ئاز-تولا ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىپ پۇل تاپالىسا، مېنىڭمۇ ئېرىم، بالىلىرىم، ئائىلەم بار، مەن قانداقلا بولمىسۇن يەنىلا بىر خوتۇن، بىر ئانا دەپ ئۆز سالاهىيىتىنى ئاڭلىقلىق بىلەن تونۇمىدى، ئېرى بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇردى. دېمەك، ئەر ۋە ئايالنىڭ ئۆز سالاهىيىتىنى توغرا تونۇپ يەتمەسلىكى ئائىلىنى بىر مۇهەببەت، ئىللىقلىقنىڭ ئۇۋىسى ئەمەس، ئازاب-دەردنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. نەتىجىدە ئەرمۇ، ئايالمۇ ئائىلىدىن ۋاز كېچىشنى دەرد-ئەلەمدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى قىلىۋالدى.

ئىككىنچىسى، كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى، ئېڭىنىڭ ئۆزگىرىشى. ئاڭنىڭ ئۆزگىرىشى مۇنۇ ئىككى تەرەپنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، هوقۇق ئېڭىنىڭ ئۆزگىرىشى، يەنە بىرى، ئەخلاق ئېڭىنىڭ ئۆزگىرىشى.

ئىش تەقسىماتىدا ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن باراۋەر بولۇشى، تەبىئىيلا ئۇلاردا هوقۇق ئېستىكىنى پەيدا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىغا يېڭى بىر سوئال قويدى هەم ئاياللار هوقۇقىنىڭ بارغانسېرى كۈچەپ تەرغىب قىلىنىشى، كىشىلىك هوقۇق چاقىرىقلىرى، جىنسىي ئازادلىق شوئارلىرى ئاياللاردا ئەرلەر بىلەن باراۋەر تۇرۇش ئېڭىنى، ئۆزىنىڭ خالىغىنىنى قىلىش ئېستىكىنى پەيدا قىلدى. ئاياللار ئىلگىرىكىدەك باشقۇرۇلمايدىغان، نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆزى خالىغىنى بويىچە قىلىدىغان بولدى. يۇقىرىدا دېگىنىمدەك، ئائىلە ئۇلار ئۈچۈن ئىككىلەمچى نەرسىگە ئايلاندى.

ئەخلاق ئېڭى جەهەتتە، ئىلگىرى نومۇس قىلىدىغان، هايا قىلىدىغان نەرسىلەر بارغانسېرى كەڭ ئاۋام تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، دۆلەت تەرىپىدىن قانۇنلاشتۇرۇلدى، شەخسنىڭ ئەخلاقسىز-لىقىغا بولغان جامائەت پىكرى بەكلا ئاجىزلاپ كەتتى. نىكاهسىز بىرگە تۇرۇش، بەچچىۋازلىق قاتارلىقلارنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلۇشى، جىنسىي ئازادلىق شوئارلىرى، يەنە هامىلدارلىقتىن ساقلىنىش چارىلىرى، بەدەن سىرتىدا هامىلە يېتىشتۈرۈش تېخنىكىلىرى بۇ خىل هالەتنى ئوبيېكتىپ شەرت-شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەرمۇ-ئايالمۇ ئۆزىنىڭ تەلەپلىرىنى سىرتتىن، باشقىلاردىن بىمالال تەلەپ قىلالايدىغان، شۇلار ئارقىلىق قاندۇرالايدىغان بولدى، هەرگىزمۇ قىلغانلىرىغا ئازابلىنىش، ئۆكۈنۈش هېسسىياتىدا بولمىدى.

مۇشۇ يەرگە كەلگەندە مۇنۇ خەۋەرنى قىستۇرغۇم كېلىپ قالدى. باشتا بولدىلا، دېمەي دەپ ئويلىغان، ئەمما يەنىلا كىشىلەرگە ئادەملەرنىڭ قانداق بوپكېتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئارزۇيۇم غالىب كەلدى. ئادەم بۇنى يېزىشتىنمۇ نومۇس

قىلىدۇ:

«ئەدەبىي ھېكايىلەر گېزىتى» نىڭ 2002-يىل 12-ئاۋغۇست كۈنىدىكى 31-سانىغا مۇنداق بىر خەۋەر بېسىلغان:

«(خوتۇن ئالماشتۇرۇش) ئويۇنى» يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئامېرىكا ئوتتۇرا قاتلام كىشىلىرى ئارىسىدا ناھايىتى ئەۋج ئالماقتا. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، ھازىر ئامېرىكىدا 500 دىن ئارتۇق (خوتۇن ئالماشتۇرۇش كۇلۇبى) بار ئىكەن. بەزى چوڭ تىپتىكى خوتۇن ئالماشتۇرۇش كۇلۇبلىرى بىرەر چوڭ مېھمانخانىنى كۆتۈرگە ئېلىۋېلىپ، بىرلا ۋاقىتتا 4000 چە ئادەمنىڭ قىزغىن كەيپىياتتا خوتۇن ئالماشتۇرۇشىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىدىكەن. لوس ئانژېلېس خوتۇن ئالماشتۇرۇش كۇلۇبىنىڭ مەسئۇلى راچېرېيتىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئويۇن 20-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرى باشلانغانىكەن. ئۇ چاغلاردا بۇ ئىشنى تولىسى جەمئىيەت لۈكچەكلىرى، جىنسىيەت ئىسيانكارلىرى قىلىدىكەن، ھازىرقىلىرى بولسا 30 - 40 ياشقىچە بولغان، مۇقىم خىزمەت كىرىمى بار ئوتتۇرا بۇرژۇئازلار ئىكەن. ھەرھەپتە ئاخىرى سان فرانسىسكو دېگەندەك ھەممە چوڭ شەھەرلەردە بۇخىل چوڭ پائالىيەت ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرۇدىكەن. خەۋەر قىلىنىشىچە، بۇ ئويۇننى ئوينايدىغانلار ناھايىتى باي بولۇپ، ھەمىشە پۈتۈن بىر بىنانى ئىجارىگە ئالىدىكەن. يېقىندا مىئامى شەھىرىدە 4000 دىن ئارتۇق ئادەم 17 قەۋەتلىك بىر بىنانى ئىجارىگە ئاپتۇ. يەنە ئۇنىڭدىن باشقا 2000 چە ھەۋەسكار ھەر يىلى يانۋاردا يامايكىنىڭ بىر ئىستىراھەت رايونىغا بېرىپ (ياشايدىكەن) . مەملىكەت بويىچە 500 دىن ئارتۇق مۇشۇنداق كۇلۇب بولۇپ، نەچچە مىڭ ئادەم مۇشۇ ئايدا نېۋادا شىتاتىنىڭ بىر شەھىرىدە مەملىكەتلىك ئەزالار چوڭ يىغىنى ئاچماقچىكەن. بۇ ئويۇنغا قاتناشقان نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار بۇ كۇلۇبقا قاتناشقاندىن كېيىن ئەزالىق بەدەل پۇلى تاپشۇرۇدىكەن. كۆپىنچە ئەرلىرىنىڭ دەۋىتىدە ئاياللار قاتنىشىدىكەن، نۇرغۇن ئاياللار بۇنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ.

ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا بۇ يېڭى ئىش ئەمەسكەن. كۆپ سانلىق كىشىلەر بۇنى بىر ئىپلاس قىلمىش دەپ قارىسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ ئەھلىنىڭمۇ نۇرغۇن باھانىلىرى بارئىكەن. ئۇلار ئەر-خوتۇن ئۇزۇن بىرگە ياشىسا، بىر-بىرىدىن زېرىكىپ قېلىشتىن ساقلانماق تەس، تالاغا قاراپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەر-ئايال بۇنى توغرا چۈشەنگەن ئاساستا، خوتۇن ئالماشتۇرۇپ ئىچ پۇشقىنى چىقارغان ياخشى، دەپ قارايدىكەن. . . ھەم ئۇلار بۇ ھېچكىمگە دەخلى قىلمىغاندىكىن، باشقىلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكىگە ئارىلىشىۋېلىش ئاساسى يوق، دەپ قارايدىكەن» . .

مەن بۇنى قىسمەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلدىم. بەزى جايلىرىنى يېزىشقا ھەقىقەتەن يۈزۈم چىدىمىدى. مېنىڭ بۇ خەۋەر ھەققىدە ھېچنېمە دېگۈم يوق، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئەقلىگە ئىشىنىمەن. ھەراست، يەنە ئاڭلىسام يېقىندا ئاۋستىرالىيىدە بىر پاھىشىخانا پاي چېكىنى بازارغا سېلىپ كۆپ پۇل تېپىپتىمىش (بۇ ئەھۋال بۇ پاھىشىخانىنىڭ قانچىلىك تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ) .

دېمەك، يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھازىرقى دەۋردە ئائىلىنىڭ ئورنى، نوپۇزى تارىختىكى ھەرقانداق دەۋردىكىدىن بەك تۆۋەنلەپ كېتىۋاتىدۇ. نىكاھنىڭ ھەقىقەتەن رولى، قىممىتى يوقمۇ؟

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈشىچە، توي قىلغانلارنىڭ سالامەتلىكى، بويتاقلار ياكى ئاجرىشىپ كەتكەنلەرنىڭكىدىن كۆپ ساغلام بولىدىكەن، كېسەل بوپقالسىمۇ جۆرىسى يوق كىشىلەردىن تېز ساقىيىدىكەن. ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر تاشقى كېسەل دوختۇرى بۇ جەھەتتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئېرىشكەن خۇلاسىسى مۇنداق بولغان: توي قىلغان ئادەم توي قىلمىغان، ئايرىلىپ ئولتۇرۇشقان، ياكى ئاجرىشىپ كەتكەن ئادەملەرگە قارىغاندا ھەرخىل كېسەللەرگە تېخىمۇ ئاسان تاقابىل تۇرالايدىكەن. لوس ئانژېلېستىكى بىئولوگىيە دوكتورى روبېرت كوھېس 130 تۈردىكى رەسمىي نەشر قىلىنغان تەجرىبە تەتقىقات ماتېرىياللىرىنى يىغىپ، نىكاھنىڭ شەخسنىڭ بەختىگە بولغان تەسىرىنى ئۆلچىگەن. بۇ تەتقىقاتلار ئۆتكەن 60 يىل جەريانىدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، نەتىجىسى بىردەك توي قىلغانلارنىڭ توي قىلمىغانلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ساغلام، تېخىمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. يەنە بىر تەكشۈرۈش دوكلاتىدا توي قىلغان % 90 ئەر-ئايالنىڭ ئاز دېگەندە 65 ياش ئۆمۈر كۆرۈدىغانلىقى، قايسى خىل سەۋەبتىن بولمىسۇن ئىشقىلىپ، يا جۆرىسىدىن ئايرىلىپ قالغان، ئاجرىشىپ كەتكەن ياكى توي قىلمىغانلارنىڭ ئاران % 70 - 60 نىڭ 65 ياش ئۆمۈر كۆرۈدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتساق، توي قىلغانلارنىڭ ئىقتىسادى ئومۇمەن توي قىلمىغانلارنىڭكىدىن ياخشى بولىدىكەن. دوكتور ۋېيتېر ئامېرىكىدا ياشانغانلارغا قارىتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، توي قىلغانلارنىڭ بايلىقىنىڭ توي قىلمىغانلارنىڭكىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ ئىكەنلىكىنى بايقىغان. . .

ئەلۋەتتە يۇقىرىدا دېگەنلىرىم، ھەرقانداق ئىشتا پەقەت ماددىي، ئەمەلىي ئۈنۈمنىلا كۆزلەيدىغانلار ئۈچۈن ماھىيەتتە نىكاھنىڭ پايدىسى بولا ئەمەس. نىكاھ ئىنسانلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ، تۇرمۇشنى رەتلىك، بەختلىك قىلىدۇ، جەمئىيەتنى تىنچ قىلىدۇ، ئادەمنى ئەخلاقسىزلىقتىن ساقلايدۇ، پەرزەنتلەرگە ياخشى تەربىيە مۇھىتى يارىتىپ بېرىدۇ. قىسقىسى بۇ، ئىنسانلارنىڭ تۈپ، مۇقەددەس تۇرمۇش قانۇنىيىتى. كىمىكى بۇ قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلىدىكەن، چوقۇمكى چەكسىز زىيان تارتىدۇ.

## 5

ئەمدى بىز ئۆزىمىز - يەنى ئۇيغۇر ئائىلىلىرى ئۈستىدە سۆزلەيلى:

مەلۇمكى، بىز ئۇيغۇرلار ئائىلە ئېڭى ئىنتايىن كۈچلۈك مىللەت. مېنىڭچە بۇھەقتە ئارتۇق بايان ھاجەتسىز. جەمئىيىتىمىزمۇ ئائىلە ئۇلى تەۋرەپ، يىمىرىلىۋاتقان، ئائىلە قاتتىق خىرىسقا دۇچ كەلگەن جەمئىيەت ئەمەس. ئەلۋەتتە بۇ ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە مەسىلە-نۇقسان يوق، دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەقلى بار كىشىلىرىمىز جەمئىيىتىمىزنىڭ كرىزىس قايلىغان بىر جەمئىيەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەمما نۇرغۇنلىرىمىز يەنىلا بۇ كرىزىسنىڭ زىيىنىنى، بىزگە كەلتۈرۈدىغان سەلبىي

تەسىرىنى توغرا مۆلچەرلىيەلمەيمىز، شۇنىڭ بىلەن كىرىزىسلىرىمىز يەنىلا دىققەتنىڭ سىرتىدا قالىدۇ. جەمئىيىتىمىزدىكى ئائىلە كىرىزىسى دەل مۇشۇنداق نۇرغۇن كىشىلىرىمىز دىققەت قىلمىغان بىر كىرىزىس. بىزدىكى بۇ ئائىلە كىرىزىسى ئەلۋەتتە غەرب جەمئىيىتىدىكىدەك ئېغىر، ئەجەللىك ئەمەس، ئەمما بۇ كىرىزىس ھازىر بىز بىلىپ-بىلمەي، داۋالىمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالدى.

بۇيەردە ئاساسلىق سۆزلەيدىغىنىمىز، ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدىكى ئىناقسىزلىق، كۆڭۈلسىزلىك، ئائىلە تەربىيىسى، ئائىلە ئەخلاقى مەسىلىلىرى.

ئۇيغۇرلاردىكى ئائىلە مەسىلىسى توغرىسىدا تەپسىلىي بىر ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش، ستاتىستىكىلاش مۇمكىن بولماي قالدى. ئەگەر شۇنداق قىلالىغان بولساق، چىقىرىدىغان يەكۈن، ھۆكۈملىرىمىز بەك توغرا، ئىشەنچىلىك بولاتتى. مەن بۇيەردە پەقەت ئەتراپىمدىكى ئائىلىلەرنى كۆزىتىشتىن چىقارغان خۇلاسە، ئويلىرىمنى بايان قىلىمەن.

1. ئائىلە چۈشەنچىسى تولىمۇ تۆۋەن. مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆزى ياشاۋاتقان ئائىلىنىڭ رولى، قىممىتى ھەققىدە مۇپەسسەلرەك بىرەر چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس. ياشلىرىمىز پەقەتلا ئەمدى بالاغەتكە يېتىپ قاپتىمىز، بۇنداق ئۆتۈۋەرسەك بولماس، ھامىنى توي قىلىدىغان گەپ، دەپلا توي قىلىدۇ. بۇ ئاساسەن دېگۈدەك بىئولوگىيىلىك تەقەززانىڭ تۈرتكىسىدە بولغان بولۇپ، ئائىلىنىڭ قىممىتى، جۈرسىنىڭ ئۆزىنىڭ كېيىنكى ھاياتىدا تۇتىدىغان ئورنى، ئۆزىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەققىدە ئويلانمايدۇ. بۇخىل توي قىلىشتا، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن بىرەر ئالىيجاناب مەقسىتى بولمايدۇ، توي قىلىش ئۈچۈنلا توي قىلىدۇ. بۇخىل ھادىسە ھازىر ياشلىرىمىزدا بەكرەك ئېغىر بولۇپ، «ياخشى كۆرۈپ قېلىش» ئۇلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن توي قىلىشىدىكى ئەڭ تۈپ ئامىل. ئۇلار «ياخشى كۆرۈپ قېلىش» نىڭلا نۇرغۇن مەسىلىلەرگە ئامالسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار توي قىلىشتىن ئىلگىرىكى شېرىن چاغلاردا پۈتۈنلەي چالا مەست ھالەتتە ئۆتۈشىدۇ، ئائىلىنىڭ بىر ئادەمدىن زادى نېمىلەرنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇلار ئاساسەن ئويلانمايدۇ. نەتىجىدە تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشتا ئۇچرايدىغان رېئال مەسىلىلەرگە ئاقمىلانە، سوغۇققان مۇئامىلە قىلالماي تۇرمۇشتىن تېزلا زېرىكىپ، بىردەمدىلا ئۇ ياخشى كۆرۈشلىرى توزغاقتەك توزۇيدۇ.

ئىگىلىشىمچە، نۇرغۇن ياخشى كۆرۈشۈپ، سىنىشىپ، ۋەدە-قەسەم ئىچىشىپ توي قىلغانلارنىڭ تۇرمۇشى ئۇلار باشتا ئويلىغاندەك كۆڭۈللۈك بولمىغان، نۇرغۇنلىرى ئاجرىشىپ كەتكەن، يەنە نۇرغۇنلىرى ئائىلىنى ۋەيران قىلماسلىق، بالىنى يېتىم قىلماسلىق ئۈچۈنلا ئاجرىشىپ كەتمىگەن.

دېمەك، ئۇلار ئائىلىنى بىر مۇقەددەس، بۈيۈك نەرسە، ئۇ بىزدىن مۇنۇ نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدىكەن، بىز مۇنۇلارنى ئۆزىمىزدە ھازىرلىشىمىز كېرەككەن، دېگەنلەر ئۇستىدە ئويلىمىغاچقا، كاللىسىدا پەقەت توي قىلىشلا، ۋىسالغا يېتىشلا بار، تويدىن كېيىنكى تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئىدىيىسىدە بولسىمۇ تەييارلىق يوق.

مەن چۈشىنىمنىڭ كۆڭلىنىڭ پۇقۇقا، مۇشۇكنىڭ كۆڭلىنىڭ بەزگە چۈشۈپ قالىدىغانلىقىغا، خۇددى كونىلار ئېيتقاندەك، ئادەم توي قىلغىلى قوپقاندا، كۆزىگە ئىشتان كىيىۋالىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئەتراپىمدىكى نۇرغۇن مىساللار ماڭا بۇنىڭ ھەقىقەتەن توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈردى. ئىسىت، شۇنىمۇ ياخشى كۆرۈپ قاپتىكەنمەن، قەيىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولغىيتتىم؟ شۇ چاغدا نېمە پوق يېگەن بولغىيتتىم؟ . . . دەيدىغان گەپلەر سىز ۋە مەن تولا ئاڭلىغان گەپلەر. يىگىت، قىز ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تۈزۈكرەك بىرەر تۇرمۇش نىشانى، غايىسى يوق، كاللىسىدا مەن كەلگۈسىدە مۇنداقراق يولدا ماڭىمەن، مۇنداق مەۋقەدە ياشايمەن دېگەن ئىدىيە - خىيال بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىكى تۇرمۇشىغا، جۈرىسىگە قويغان ئۆلچەم، تەلىپىنىڭمۇ ناھايىتى تايىنى يوق، ھەتتا ئۇنداق تەلەپ، ئۆلچەملەرنى ئويلاپمۇ يۈرمەيدۇ. ئادەم قانداق ياشاشنى ئويلىسا، شۇنىڭغا لايىق جۈرە تاللايدۇ.

2. ئۆزئارا قانداق چىقىشىپ ياشاشنى، بىر-بىرىنىڭ كۆڭلىنى قانداق ئۇتۇشنى بىلمەيدۇ. كىشىلىك ھاياتىدىكى دەرد-ئەلەم، قايغۇنىڭ كۆپىنچىسى باشقىلار بىلەن قانداق چىقىشىپ ياشاشنى بىلمىگەنلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇنداق ھۆددە قىلالايمەنكى، ھازىرقى ئون ئائىلىدىن ئاز دېگەندىمۇ يەتتىسىدە ئەر-خوتۇن بىر-بىرىدىن رازى ئەمەس. تۇرمۇشىمىزدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم پاراڭلار دەل ئەر-ئايالنىڭ بىر-بىرىدىن قاقشاش، رەنجىشلىرىدىن تەركىب تاپقان. ھەتتا ئادەم بەزىدە جاھاندا ئېرىدىن رازى ئايال، ئايالىدىن رازى ئەر يوقتەك ھېسسىياتقا كەپقالىدۇ.

گەرچە نۇرغۇن ئائىلىلەردە ئەر-ئاياللار بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشسىمۇ، ئەمما بۇ ياخشى كۆرۈشنى قانداق تەرزدە، مۇۋاپىق ئىپادىلەشنى ئۇقمايدۇ، بىر-بىرىدىن ماڭا كۆڭلى يوق، دەپ ئاغرىنىشىدۇ.

ھەرقانداق ئادەم مەيلى ئائىلىدە، مەيلى خىزمەت، جەمئىيەتتە بولمىسۇن، ئىشقىلىپ ئادەم بىلەنلا ئارىلىشىپ ياشايدىكەن، ئارازلىق، كۆڭۈل ئاغرىقى، رەنجىش، باتناشلاردىن مۇقەررەر ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىغا ئىدىيىسىدە ھەر زامان تەييارلىق بولۇشى كېرەك. بۇ، كىشىلىك تۇرمۇشتا بىز ھەرقانچە ئېھتىيات قىلساقمۇ ساقلىنىش مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش. ھايۋانلار جەمئىيىتىدىن بىر ھايۋاننىڭ زىيىنىغا ئۇچرىمىغان يەنە بىر ھايۋاننى تېپىش مۇمكىن، ئەمما ئىنسانلار جەمئىيىتىدىن بىر ئادەمنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىمىغان يەنە بىر ئادەمنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس. جەمئىيەتتە ياشايدىغان ھەرقانداق بىر كىشى كەڭ قورساق بولۇشنى، باشقىلارنى ئەپۇ قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى، قايغۇرۇشقا، ئاچچىقلىنىشقا ئەرزىيدىغان-ئەرزىمەيدىغان ئىشلارنى بايقاشقا ماھىر بولۇشى كېرەك. تۇرمۇش ئادەمدىن ئېغىر-بېسىقلىق - سالماقلىقنى، ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەر-خوتۇنلار بىر-بىرىنىڭ تولىمۇ نۇقسانسىز، بىغۇبار، پەرىشتىدەك كەمچىلىكتىن خالىي بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، بىر-بىرىگە مەلۇم ئۆلچەملەرنى قويىدۇ. قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئادەم بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئەمما چوقۇم بۇنداق بولۇشى ناتايىن-دە. شۇڭا ئەر-ئايال بىر-بىرىگە ئادەمگە قارايدىغان كۆزدە قارىشى، قارشى

تەرەپنىڭ بىرەر كەمچىلىكىنى بايقاپ قالغىدەك بولسا، ئاھ ئۇرۇپ، نادامەت چېكىپ كەتمەسلىكى، ئۇنىڭ شۇخىل كەمچىلىكىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. بىر-بىرىنىڭ كەمچىلىكىنى كۆزىگە سىغدۇرالمىغان ئەر-خوتۇن مەڭگۈ چىقىشالمايدۇ ھەم چىقىشالايدىغان باشقا جۆرىنىمۇ مەڭگۈ تاپالمايدۇ.

شۇڭلاشقا، بىزنىڭ نۇرغۇن كىشىلىرىمىز ئائىلىسىدىنمۇ، خىزمەت، جەمئىيەتتىن، دوستلىرىدىنمۇ قاقشاپ، ھاياتتىكى خۇشاللىق، بەختتىن بەھرىمەن بولالمايدۇ ھەم نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ۋاقتى، زېھنى، تۇرمۇشى ئائىلە مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا سەرپ بوپكېتىپ، ھېچبىر ئىشنى باشقا ئاچىقالمايدۇ.

يەنە بىرى، ئادەملىرىمىز تولىمۇ ھېسسىياتچان، ھاماقەت بولغاچقا، كىچىككىنە ئەرزىمەس، تۇترۇقسىز ئىشلارمۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا خاپىلىق، بەختسىزلىك ئەكېلەلەيدۇ، ئۇلارنى ئائىلىسىنى ۋەيران، باللىرىنى يېتىم قىلىشقا ئاپىرالايدۇ. ئارىمىزدا يېشى 30 ـ 40قا كىرگەن بىلەن تۇرمۇشتا باللارچە ياشاشتىن قۇتۇلالمىغان بىچارە دەردمەنلەر بەك كۆپ.

ئەر-ئاياللىرىمىزدا ئائىلىدە ئۆزىنى مەركەز قىلىۋېلىش خاھىشى كۈچلۈك، ئۆزى جۆرىسىدىن تەلەپ قىلىدىغىنى نۇرغۇن، ئەمما جۆرىسىگە بېرىدىغىنى بەك ئاز. جۆرىسى ھەققىدە ئۆزىدىن كېچىپ تۇرۇپ ئويلانمايدۇ. كۆڭۈللۈك نىكاھنىڭ بىر مۇھىم شەرتى شۇكى، ئىككى تەرەپ چوقۇم بىر-بىرىنىڭ غېمىنى يېيىشى، بىر-بىرى ئۈچۈن ئويلاشنى بىلىشى كېرەك. مۇھەببەت قۇربان بېرىش دېمەكتۇر. بىرى بىرى ئۈچۈن لايىقىدا قۇربان بېرەلمىگەن ئەر-خوتۇنلار ھەرگىز بەختلىك بولالمايدۇ. چۈنكى كېچىش ئېرىشىش ئۈچۈندۇر.

دېمەك، چىقىشىپ، كۆڭۈللۈك ياشايدىغان ئائىلىلەر بەك ئاز بولغاچقا، ھازىر ئەر-ئاياللاردا تالاغا قارايدىغان ئىشلار خېلىلا باش كۆتۈرۈپ قالماقتا. ھەم يەنە بىر پاكىت شۇكى، ھازىر ئادەملىرىمىزدە ھەقىقىي ۋىجدان، ساداقەت دېگەنلەر بارغانسېرى ئۆلۈۋاتىدۇ. ھازىر بىر-بىرىگە چىن دىلىدىن سادىق ئەر-خوتۇنلارمۇ كۆپ ئەمەس. كىشىلەردە تالاغا قاراش تولىمۇ ئاسان يۈز بېرىۋاتىدۇ.

دېمەك، توي قىلماق ئوڭاي، ئەمما تويدىن كېيىن كۆڭۈللۈك ياشىماق تەس. ئەر-ئايال ھەر ئىككى تەرەپ قانداق چىقىشىشنى چوقۇم بىلىۋېلىشى كېرەك.

3. مەجبۇرىيەت ئېڭى ئاجىز، ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىك، خوتۇنلۇق سالاھىيىتى، ئائىلىدىكى ئورنى، رولىغا بولغان چۈشەنچىسى بەك تۆۋەن. نۇرغۇن ئەرلەر نومۇس قىلماستىن، ئۆزى قىلىدىغان ھەم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى خوتۇنىغا ئىتتىرىپ قويىدۇ، نۇرغۇن ئاياللارمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، پۈتۈن ئىنىسىيادى ئېرى بىلەن ئۆزەڭگەسوقۇشتۇرىدۇ، ئۆزىنىڭ ئەر بولغۇسى كەپقالىدۇ، ئۆزىنىڭ ئائىلىدىكى ئورنىدىن پەقەت رازى بولمايدۇ. نۇرغۇن ئائىلىلەر ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىگە تولغان.

ئەر-ئايال ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭ ئائىلىدىكى ئورنىدىن چىن كۆڭلىدىن رازى بولغىنىدا ئاندىن بۇ ئائىلىدە بەخت-خۇشاللىقتىن سۆز ئاچقىلى بولىدۇ. ھوقۇق تالىشىشقا تولغان ئائىلە، ھالاكەت گىرداۋىدىكى ھاكىمىيەتتەك بوپقالىدۇ، چۈنكى ھاكىمىيەت ھالاك بولاي دېگەندە ئاندىن ھوقۇق تالىشىش يۈز بېرىدۇ.

ئائىلىدىكىلا ئەمەس، جاھاندىكى خاپىلىقلار دەل كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئورنىنى، سالاھىيىتىنى توغرا تونۇيالمىغانلىقى، توغرا دەڭسىيەلمىگەنلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

4. مۇھەببەت ئاساسى ئاجىز، ھەتتا بەزى ئائىلىلەردە قىلچە مۇھەببەت يوق. مۇھەببەت ئائىلە ئەزالىرىنى بىربىرىگە چاپلاپ تۇرىدىغان يېلىم. گەرچە مۇھەببەت ئائىلىلەردىكى بەخت-خۇشاللىقنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى بىردىنبىر كەم بولسا بولمايدىغان نەرسە دەپ قاراشقا مېنىڭچە بولمايدۇ. چۈنكى ئادەم ئاجىز، ئۆز كۆڭلى، نەپسىنى كونترول قىلىشقا ئاجىز. بەلكىم ئادەم ئىلگىرى ياخشى كۆرگىنى بىلەن توي قىلىپ، بىرمەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن سەۋەبسىزلا سوۋۇپ كېتىشى، باشقا بىرىگە مەيلى چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا مۇھەببەت دەپلا ئائىلىدىن ۋاز كېچىش، ئاجرىشىش تولىمۇ ئەخمىقانىلىق ھەم ئالدىراقسانلىق. ئەمەلىيەتتىكى نۇرغۇن مىساللار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شۇنداق قىلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى يەنىلا بىرمەزگىلدىن كېيىن ئۇنىڭدىنمۇ سوۋۇيدۇ. «كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەڭ، كۆڭۈل ھەرجايغا باشلايدۇ. سەمەرقەند ئالمىسىدەك ئاپىرىپ چۆللەرگە تاشلايدۇ» دېگەن گەپ دەل ئەنە شۇ. شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، قايناق ھېسسىيات كەينىدىكى دەل بىر قۇچاق پۇشايمان.

5. تۇرمۇش مەزمۇنى ئىنتايىن قۇرۇق، مول ئەمەس. ئەتىگىنى ئىشقا بارىدۇ، چۈشتە تاماققا كېلىپ تاماق يەيدۇ، يەنە كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ قايتىپ كېلىدۇ، تاماق يەيدۇ، تېلېۋىزور كۆرىدۇ، ئۇخلايدۇ، بىر كۈن شۇنداق ئۆتىدۇ. مەخسۇس ئائىلە پائالىيىتى، تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە مەنىلىك ئىشلار ئاساسەن يوق. ئائىلىدە ئەر-ئايال ئارىسىدا ئىلمىي پاراڭلار دېگۈدەك مەۋجۇد ئەمەس. ئائىلىدە قىلچە ئىلمىي پۇراق يوق، ھەر ئىككىيلەن قىزىقىپ ئورتاقلاشقۇدەك بىرەر رىقابەت يوق. مانا بۇمۇ ئادەمنى ئائىلىدىن بەزدۈرىدىغان مۇھىم بىر ئامىل.

مېنىڭ نۇرغۇن دوستلىرىم: تولا چاغلاردا مەن ئايالىم بىلەن تۇرمۇش ئىشىدىن باشقا ئىشتا پاراڭلىشالمايمەن، ئىچىم سىقىلىپ كېتىدۇ، دەيدۇ. بەلكىم شۇ دوستلىرىمۇ ئايالىم نېمىگە قىزىقىدىغاندۇ، دەپ ئويلاپمۇ باقماسلىقى مۇمكىن. مەسىلە شۇيەردىكى، سىز جۆرىڭىزگە قانچىلىك قىلسىڭىز، ئۇنىڭدىن شۇنچىلىككە ئېرىشەلەيسىز. بەلكىم سىز ئائىلىڭىزدە جۆرىڭىز قىزىقىدىغان ئىشقا قىزىقماسلىقىڭىز مۇمكىن، ئەمما سىز شۇ جۆرىڭىز قىزىقىدىغان ئىش ھەققىدە مەن ئۇنىڭغا قىزىقمىسام دەپ ئولتۇرماي، ئاز-تولا بىرنەرسە بىلىپ قويسىڭىز، پاراڭلاشقاندا جۆرىڭىزنى خۇش قىلالايسىز. ئائىلىدە ئۆزىنىڭلا خۇشاللىقىنى ئويلايدىغانلارنىڭ ئائىلىسى ھەرگىزمۇ بەختلىك ئائىلە بولالمايدۇ. جۆرىسىنىڭ خۇشاللىقىدىن تەڭ خۇشال بولالماسلىق دەل بەختسىزلىكنىڭ ئۆزى.

6. ئەسكەرتىش ئورنىدا شۇنى دېمەكچىمەنكى، نۇرغۇن كىشىلىرىمىز ئۈچۈن ئائىلە ـ ھەممە دېمەكتۇر. بىزنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلىرىمىزنىڭ ئائىلە ئىشىدىن باشقا كۆڭۈل

بۆلگىدەك، قايغۇرغىدەك ئىشى يوق، بۇمۇ بىر كرىزىس.

ئەلۋەتتە مەن باشتا ئېيتقىنىمدەك، بىزنىڭ ئائىلە قارىشىمىز كۈچلۈك، ئائىلىنى مەركەز قىلىپ ياشايمىز. مېنىڭ بۇنى كرىزىس دېيىشىم، ئائىلىنى تاشلاڭ، ۋاز كېچىڭ دېگەنلىك ئەمەس، پەقەت ئائىلىنىڭلا قولى بوپقالماڭ، جاھاندا ئائىلە، ئۆي ئىشىدىن باشقىمۇ قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مۇھىم ئىش بار، دېمەكچى.

بىز بارلىق ئېسىيادىمىز، مېڭىمىزنى پەقەت ئائىلىگىلا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئائىلىنىلا ئەڭ بۈيۈك مەقسەت قىلىپ ياشايمىز. ئائىلىمىز دەخلى-تەرۇزگە ئۇچرىمىسىلا، باشقا ھەرقانداق ئىش بىزگە بەربىر. بىز ئەتراپىمىزدىكىلەرگە، بالىلىرىمىزغىمۇ شۇنداق تەلەپ قويىمىز. بىزنىڭ «ياخشى ئادەم» لىك ئۆلچىمىمىز بەكلا ئاددىي. بالىلىرىمىز ئوغرى، يالغانچى، ھاراقكەش، لۈكچەك بوپقالمىسا، بىزنىڭ گېپىمىزنى لەببەي دەپ ئاڭلىسا، ياخشى، ۋاپادار بالا، ئەر ئايالىغا يۈزسىزلىك قىلمىسىلا ياخشى ئەر، ئايال ئېرىگە ئاسىيلىق قىلمىسىلا ياخشى ئايال ھېسابلىنىدۇ. بىز بىر ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ئېڭى، غايىلىك بولۇشى دېگەنلەرنى ئۇنىڭ «ياخشى ئادەم» لىك خىسلەتلىرىگە كىرگۈزمىگەن.

ھەممىمىز ئائىلىنى مەركەز، مەقسەت قىلىپ ياشىغاچقا، ئەل-خەلقىنىڭ ھالى نېچۇك، مېنىڭ بۇ ھەقتە قانداق مەجبۇرىيىتىم بار، دېگەنلەر ھەققىدە قىلچە ئويلانمايمىز. ئاتا-ئانىلارمۇ بالىلىرىنى بۇ ھەقتە توسۇسا توسايدۇكى، ھەرگىز ئۇلارغا تەربىيە، ئىلھام بەرمەيدۇ. ئۇ سېنىڭ ئىشىڭ ئەمەس، ئۇ ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەم بار، ئىشىڭنى قىل، سىڭگەن نېنىڭنى يە، «ئېشىكى يوق موللامنىڭ قۇلىقى تىنچ»، «تۆگە كۆردۈڭمۇ، يوق» دەپ تەربىيە بېرىدۇ. بالىلىرىنى ئۆزىنى، ئائىلىلىرىنىلا ئويلايدىغان ئادەم قىلىپ چىقىدۇ. بىز ھازىر ياخشى ئادەمنىڭ ئازلىقىدىن، ياخشى ئىش قىلمىسىمۇ، يامانلىق قىلمايدىغان ئادەمنى ياخشى ئادەم، دەپ ئاتايمىز. بىزدە ئائىلىدە ياخشى ئاتا، ياخشى ئەر، ئەمما خەلق، جەمئىيەت ئۈچۈن مۇناپىق، ناكەس كىشىلەر كۆپ.

يەنە بىر تەرەپتىن بىز ھەددىدىن زىيادە ھالدا ئائىلىنى مەركەز قىلىپ، مۇقىم ياشىغاچقا، بىزدە ئەتراپىمىزدىكى دۇنيا، ۋەزىيەت ھەققىدە ھېچقانچە چۈشەنچە يوق. ئۇزاقىچە مۇقىم ياشاش نادانلىق، قالاقلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىر ئادەم ئۈچۈن ساياھەت قىلىش، باشقا يۇرت-ئەل ئارىلاش - نەزەر كۆزىنى ئېچىش ناھايىتى مۇھىم ئىش.

تارىخىمىزغا قاراپ باقىدىغان بولساق، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي، مەمتىلى ئەپەندى، ئەھمەتجان قاسىمىي، تەجەللىي، ئابدۇقادىر داموللام... ئىشقىلىپ دېگۈدەك ھەممە زاتلىرىمىز يۇرت كۆرگەن، ساياھەت قىلغان. بىزدە «كۆرگەن كۆرگىنىنى قىلار، كۆرمىگەن نېمىنى قىلار» دېيىدىغان گەپ بار. شۇڭا، پاقا پەقەت ئەتراپىدىكى كۆل، زەيدان ھەققىدىلا چۈشەنچىگە ئىگە، بۈركۈت تاغ كەينىدىكى ئورمانلىق، يىراق جاڭگاللىق، چۆللۈكلەر ھەققىدىمۇ چۈشەنچىگە ئىگە.

مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ ياشىغان ئادەملەر تەۋەككۈل قىلالمايدىغان، قورقۇنچاق كېلىدۇ. ئۇلار خاتىرجەم، مۇقىم تۇرمۇشنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئىنتايىن ئەنسىرەيدۇ. باشقا ماكان، باشقا زېمىندىن ئۆزىگە ھاياتلىق بوشلۇقى، پۇرسەت ئىزدەشكە پېتىنالمايدۇ، يۇرتىدىن ئايرىلىشنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايدۇ. دەريا سۈيى سۈزۈك، چۈنكى ئۇ ئاقىدۇ، كۆل سۈيى سېسىق، چۈنكى ئۇ تۇرغۇن. نەزەر دائىرىسى تار كىشىلەردە ئۇلۇغۋار غايە بولمايدۇ. چۈنكى ئادەم كۆرگەن - بىلگىنىگە چۈشلۇق ئويلىيالايدۇ، پىكىر قىلالايدۇ. بىزدە ئائىلىسى ئۇلارنىڭ ئىستىھكامى ئەمەس، قەبرىسى بوپقالغانلار بەك كۆپ.

دېمەك، ئادەم ئۈچۈن بىرلا ئائىلە ئەمەس، بەلكى شۇ ئائىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تېخىمۇ چوڭ بىر ئائىلە بار. ھەقىقىي ئىنسانىي پەزىلەت، ئادىمىي خىسلەتكە ئىگە كىشىلەر ھېچقايسىسى ئالدىدا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلمايدۇ، ھەر ئىككىلىسىنى ئۆز ئائىلەم دەپ بىلىدۇ.

7. بالاغەتكە يەتكەن قىز-يىگىتلەرگە ئېلىپ بېرىلىدىغان نىكاھ تەربىيىسى تولىمۇ يېتەرسىز ھەم ناچار. ئەلۋەتتە مەكتەپلەردە ھەتتا ئالىي مەكتەپلەردىمۇ، ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ دادا، ئانا بولىدىغان ياشلارغا قىلچە بۇ ھەقتە تەربىيە ئېلىپ بېرىلمايدۇ. بۇ ھەقتە يا ئاتا-ئانىنىڭ، يا مەكتەپ ۋە جەمئىيەتنىڭ تۈزۈكرەك تەربىيىسى بولمىغاچقا، نۇرغۇن ياشلار توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا پۇشايمان قىلىشىدۇ. تۇرمۇشتىكى ھەرخىل مەسىلىلەر ھەققىدە ئىلگىرى كاللىسىدا ھېچقانداق ئەمەلىي تەييارلىق بولمىغاچقا، يۈز بەرگەن ھەرقانداق ئىش ئۇنى تەمتىرىتىدۇ، ئامالسىز قالدۇرىدۇ. ئەگەر تويدىن بۇرۇن ئاز-تولا تەربىيە كۆرسە، ئاز-تولا كۆڭلىدە سان بولۇپ، ئىدىيىسىدە تەييارلىق قىلىۋېلىپ، نۇرغۇن خاپىلىق - كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇمكىن.

بۇ جەھەتتىكى يەنە بىر زادى تىلغا ئالمىساق بولمايدىغان مەسىلە شۇكى، ئاتا-ئانا، دوست-بۇرادەرلەر (بولۇپمۇ ئاتا-ئانا) نىڭ تويدىن بۇرۇن ياشلارغا بېرىدىغان پاراڭسىمان تەربىيىسى ناھايىتى ناچار. مەن كۆزىتىش ئارقىلىق شۇ خىل يەكۈنگە كەلدىمكى، مۇتلەق كۆپ سانلىق ئاتا-ئانا بالىلىرىغا تەربىيە قىلغاندا، پەقەت ئۆزىنىڭ بالىسىنىلا مەركەز قىلىپ سۆزلەيدۇ، پەرزەنتىنىڭ بولغۇسى جۈرىسى ھەققىدە باش قاتۇرۇلمايدۇ، پەقەت بالىسىغىلا ياخشى بولۇشنى ئويلايدۇ. ھەتتا نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىگە جۈرىسى بىلەن قانداق چىقىشىپ ياشاش، خۇشاللىق، بەختنى قانداق قولغا كەلتۈرۈش ھەققىدە نەسىھەت قىلماستىن، بەلكى جۈرىلىرىگە قانداق تاقابىل تۇرۇش، قانداق ئەپلەش-جايلاش ھەققىدە نەسىھەت قىلىشىپ، ئۇلارغا نۇرغۇن چارە-تەدبىرلەرنى ئۆگىتىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالماق تەس ئەمەسكى، ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىمۇ بىر-بىرىگە شۇنداق چارە-تەدبىرلەر بىلەن تاقابىل تۇرىدۇ. ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت شاھمات ئويۇنى ياكى جەڭ ئەمەس. ئۇنىڭغا نۇرغۇن ھىيلە-مىكىر، تەدبىر ئىشلىتىشنىڭ ھاجىتى يوق، بۇ پەقەت ئەر-ئاياللار ئارىسىدا سەممىيلىك، راستچىللىق يوقىغاندا ئاندىن يۈز بېرىدۇ.

ئەگەر ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت سەممىيلىك ئاساسىغا قۇرۇلمىسا، ئۇ ھالدا بۇ ئائىلىدە بەختتىن سۆز ئېچىش تولىمۇ كۈلكىلىك بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

# نۆگەنچە

بىز ئىلىمدىن كەلگەن، ئىلىمگە قايتىمىز.

بىز ئىلىمسىز ياشىيالمايمىز، ئىلىمسىز بىز ئۆز خۇشاللىقىمىز، بەختىمىزنى يارىتالمايمىز. بىزنىڭ يىغىمىزمۇ، كۈلكىمىزمۇ ئىلىمدىن كېلىدۇ. ئىلىم بىزنىڭ بارلىقىمىز ئەمەس، بىز ئىلىمىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەنە بىر ئىلىمىمىزنىڭ بارلىقىنى، ئۆزىمىزنىڭ ئوخشاشلا شۇ ئىلىمنىڭ پەرزەنتى، خوجايىنى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز، ئىلىمىمىزدىن ھالقىغان مەسىلىلەرگىمۇ جاسارەت بىلەن يۈزلىنەلىشىمىز كېرەك.

بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش تەس، ئەمما ۋۇجۇدقا چىقىپ بولغان ئىشنى ساقلاپ قېلىش ئۇنىڭدىنمۇ تەس.

كېيىنكى ھاياتىمىزغا قانداق ئادەمنى تاللىشىمىز، قانداق كىشى بىلەن توي قىلىشىمىز بىزنىڭ يېرىم ئۆمرىمىزنىڭ، ئەمما ئەڭ مۇھىم ئۆمرىمىزنىڭ غەلىبىلىك ياكى مەغلۇبىيەتلىك ئۆتۈشىنى بەلگىلەيدۇ. بۇيەردىكى مەسىلە دەل نېمىگە ئاساسەن نېمىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ تۇرۇپ، قانداق كىشىنى تاللاش مەسىلىسىدۇر. نۇرغۇنلىرىمىز دەل مۇشۇ ئىشتا قەدەمنى خاتا باسىمىز-دە، ئۆزىمىزنى مەڭگۈلۈك نادامەتتە قالدۇرىمىز. ئالايلۇق، بىزنىڭ نۇرغۇن ياشلىرىمىز نېرى-بېرىسىنى ئويلاشمايلا، سىنىپتا ئەلاچى ئوقۇغان، ھەمىشە ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئالىدىغانلارنى تاللايدۇ ھەم دەرس بىلىشنى ئەڭ مۇھىم ئۆلچەم قىلىدۇ. ئەمما تۇرمۇش ئۇلارنىڭ بۇ ئەلاچىلىقى بىلەن كارى يوق. تۇرمۇش ئادەمدىن دىت-پاراسەت، ياخشى مىجەز - خاراكتېر تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، سىنىپ - مەكتەپ ئائىلە ئەمەس، سىز ئوقۇتقۇچى ياكى ئوقۇغۇچى تاللاۋاتمايسىز، بەلكى جۆرە يەنى خوتۇن - ئەر تاللاۋاتىسىز.

دېمەك كىمنى تاللاش، نېمىنى كۆزلەپ، نېمىگە ئاساسلىنىپ تاللاش مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى. دۇنيادا ئۆزىنى ئاتىغىدەك، پىدا قىلغۇدەك نەرسىسى يوق كىشىلەر ئەڭ بەختسىز كىشىلەردۇر. بۇنداق ھاياتتا مەنا بولمايدۇ، مەنا يوق ھاياتتا بولسا خۇشاللىق - بەخت تېخىمۇ بولمايدۇ. نىشانى يوق كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ھەرقانداق ئىشىغا قويىدىغان بەلگىلىك بىر ئۆلچىمى، تەلىپى بولمايدۇ، ھەتتا تۇرمۇشتا قانداقراق ئادەم بىلەن بىللە ياشىسا بەختلىك بولىدىغانلىقىنىمۇ ئويلىيالمايدۇ، ھەممە ئۇلارغا نىسبەتەن بەرىبىر. ھايات گويا بىر سەپەر، ئەر-خوتۇنلار بىر ئاپتوبۇسقا چۈشكەن يولۇچىلاردۇر. ناۋادا ئىككىسىنىڭ مەنزىلى ئوخشىمىسا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىرى يېرىم يولدىلا ماشىنىدىن چۈشۈپ قېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

دېمەك ئورتاق ئېتىقاد، ئورتاق غايە ئاساسىدىكى ئائىلە ئاندىن مۇستەھكەم بولىدۇ، بۇنىڭدىن شەكىللەنگەن مۇھەببەتمۇ ھەقىقىي، مەڭگۈلۈك بولىدۇ.

ھەممىمىز شۇنى چۈشىنىۋېلىشىمىز كېرەككى، رېئاللىق بەرىبىر رېئاللىق، ئۇنىڭدىن قاقشاۋېرىش مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يولى ئەمەس. بىز تۇرمۇشتا ئۆزىمىز ياقتۇرىدىغان بەزى ئىشلاردىن ۋاز كېچىپ تۇرۇپ، يەنە باشقا بىر ئۆزىمىز ياقتۇرىدىغان ئەمما ئېرىشەلمىگەن نەرسىگە ئېرىشەلىشىمىز مۇمكىن. توي قىلىپ ئىلگىرىكى نۇرغۇن نەرسىلىرىمىزنى يوقىتىمىز، يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشىمىز. بۇنىڭدىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ، ھاياتلىقتىكى تۈپ قانۇنىيەت. يوقىتىپ ئېرىشىمىز، ئېرىشىپ يوقىتىمىز. پەقەت ئېرىشمەكچى بولغىنىمىز بىزگە نىسبەتەن تېخىمۇ بەكرەك ئەھمىيەتلىك بولغىنى ئۈچۈن، يوقاتقانلىرىمىز ھەققىدە قەدرىنى ئۆتۈلمىسىلا قايغۇرمايمىز. ۋەھالەنكى ھامىنى قەدرى ئۆتۈلىدۇ. ئەمما بۇنىڭدىن دەرھال پۇشايمان قىلىپ، قايغۇرۇپ ئىست دېيىش تولىمۇ ھاماقەتلىك. ئادەمدە مانا مۇشۇنداق مۇقەررەر ھادىسىلەرگە ئىدىيىسىدە تەييارلىق بولۇشى، يۈز بېرىپ قالغاندا ئاھ ئۇرۇپ، نادامەت چېكىپ كەتمەسلىكى كېرەك. سەۋر قىلىشنى بىلمىگەن ئادەم بەختتىن لەززەتلىنىشنىمۇ بىلمەيدۇ. كىشى پەقەت ھازىر ئۆزى يۈزلىنىۋاتقان رېئاللىققا لايىق يول تېپىشنى ئويلىسا، شۇنىڭغا ھەقىقىي يۈزلىنىپ ياشىسىلا يەنە يېڭى خۇشاللىق، يېڭى لەززەت تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ، يوقىتىش ئازابلىرى يۇيۇلۇپ تۇرىدۇ. بىز كۈلكە بىلەن يىغىمىزنى يۇيۇشنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك.

سىز ئۆزگىرىشچان رېئاللىققا ئۆزگەرمەس كۆز بىلەن قارىماڭ. ئۆزگىرىشچان رېئاللىققا قانداق مۇئامىلە قىلىش، قانداق تاقابىل تۇرۇش دەل ئادەمدىكى ياشاش ئىقتىدارى مەسىلىسىدۇر. ئەپسۇسكى بىزدە بۇنداق ئىقتىدارغا ئىگە كىشىلەر بەك ئاز.

تويدىن كېيىنكى تۇرمۇش تويدىن ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدۇ. توي قىلغان ئادەم مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا قايتا تۇغۇلغان ئادەم بولىدۇ. ئۇ ئۆز قىممىتىنى قايتا يارىتىدۇ، مەسئۇلىيىتىنى قايتا ئويلايدۇ، شەيئىلەرگە ئەمدى باشقىچە نەزەردە قارايدۇ، باشقىچە يولدا پىكىر قىلىدۇ.

ياشلىرىمىزنىڭ يەنە شۇنى سەمىگە سېلىش زۆرۈركى، تۇرمۇش ھىندىستاننىڭ كىنولىرى ئەمەس، تۇرمۇشتا ھەرگىزمۇ يېشىل ئوتلاقلاردا، تاغ-داللاردا قىيغىتىپ سەكرەپ يۈرۈدىغان ئىش يوق. تۇرمۇش ئۇلار ئېيتقان ناخشىلاردەك ئۇنداق گارمونىك، مۇڭلۇق بولمايدۇ. خىيالىڭىزدىكى قەھرىمان يىگىت، ۋاپادار قىزلار ئەمەلىيەتتە يوق. مۇھەببەت قانچە دەبدەبىلىك، ۋەدە-قەسەملىك بولغانسېرى شۇنچە يالغانلىشىپ بارىدۇ. تولا مەيدىسىگە مۇشتلايدىغان شېرىن سۆز يىگىتلەر دەل ئالدامچىلاردۇر. سىزگە بىردەمدىلا بارلىقىنى، بەختىنى تاپشۇرغان رەنالارمۇ تولىمۇ ھاماقەت - دۆت قىزلاردۇر، بۇنداقلار مەڭگۈلۈك جۆرە بولۇشقا ھەرگىز يارىمايدۇ.

ئېرىشكىلى بولمايدىغان نەرسىنى ئارزۇ قىلماڭلار، ئۆزۈڭلارنى بىھۇدە ئازابلاپ قويۇسىلەر. ئازاب دەل ئارزۇلىغىنىغا ئېرىشەلمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ چاغدا بۇ ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى تولىمۇ ئاددىي - ئۇ بولسىمۇ ئېرىشەلمەيدىغان نەرسىدىن ۋاز كېچىش.

ھەممىمىز بەختكە، خۇشاللىققا موھتاج. ۋەھالەنكى بەخت بولسا ھەممىمىزنىڭ سېخىيلىق بىلەن قۇربان بېرىشى، بەدەل تۆلىشىگە موھتاج.

(M1)



## ھەق گەپنىمۇ

## ئاڭلاپ قويۇڭ

# بېلىق توغرىسىدا خەلقئارا خەۋەر

بىر قېتىم خەلقئارا پويىزدا گېرمانىيىلىك، ياپونىيىلىك، ئامېرىكىلىق، فرانسىيىلىك ۋە جۇڭگولۇق بىرگە ئولتۇرۇپ ساياھەتكە چىققانىكەن. يول ئۈستىدە بىر كىشى بېلىق قاچىسى كۆتۈرۈپ پويىزغا چىقىپتۇ. قاچىدا كەمدىنكەم ئۇچرايدىغان غەلىتە بىر بېلىق بار ئىكەن. كۆپچىلىك بېلىققا تولىمۇ قىزىقىپ قاپتۇ.

گېرمانىيىلىك:

—بۇ بېلىقنىڭ نامىنى ماڭا ئېيتىپ بەرگەن بولسىڭىز، بىئولوگىيە ئىلمىدە بۇ بېلىق قايسى تۈرگە تەۋە، ئۇنىڭ قانداق خۇسۇسىيەتلىرى بار - دەپ سوراپتۇ.

ياپونىيىلىك:

- ئەگەر بۇ بېلىقنى دۆلىتىمىزگە كىرگۈزسەك ياپونىيىنىڭ ھاۋا، سۇ كېلىماتىغا ماسلىشامدۇ - قانداق؟ - دەپ سوراپتۇ.

ئامېرىكىلىق:

- سىز بۇ بېلىقنى ئامېرىكىدىن ئەكەلگەنمۇ؟ پەقەت ئامېرىكىدىلا مۇشۇنداق غەلىتە بېلىق بولۇشقا تېگىشلىك، - دەپتۇ.

فرانسىيىلىك:

- بۇ بېلىقنى ماڭا سېتىپ بەرگەن بولسىڭىز، ئەگەر بۇ بېلىق ياتاق ئۆيۈمگە قويۇلىدىغان بولسا، قىز دوستۇم مەندىن تولىمۇ مەمنۇن بولغان بولاتتى، - دەپتۇ.

جۇڭگولۇق:

- مەن بۇنداق غەلىتە بېلىقنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدىم، بۇ بېلىقنى قانداق پىشۇرسا ئەڭ يېيىشلىك بولىدۇ؟ - دەپ سوراپتۇ.

بىرنەچچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، گېرمانىيىلىكلەر بۇ بېلىق توغرىسىدا كلاسسىك ئەسەر يېزىپتۇ ھەم مۇكەممەل پەن سۈپىتىدە بۇ بېلىقنىڭ گېن تۈرىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپتۇ.

ياپونىيىلىكلەر چوڭ كۆلەمدە باقمىچىلىق بازىسى شەكىللەندۈرۈپ خەلقئارا بازارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەپتۇ.

ئامېرىكىلىقلار بۇ خىل بېلىقنى گەرچە ئۆزى باقمىغان بولسىمۇ، زور تۈركۈمدە ئىمپورت قىلىپ، ئەڭ ئالدى بىلەن بۇ خىل بېلىقنىڭ پاتېنت ھوقۇقى ۋە ماركىسىنى تىزىمغا ئالدۇرۇپتۇ ھەمدە بىر قاتار كەسىپ ئۆلچەملىرى ۋە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك

## ئىبرەتلىك پاراڭلار

پرىنسىپلارنى ئېلان قىپتۇ. ئامېرىكىلىقلارنىڭ بۇ جەھەتتە ئالغان پايدىسى خېلىلا زور بوپقالماستىن، يەنە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلدى، دېگەن باھانە - سەۋەبلەر بىلەن دائىم باشقا دۆلەتلەرنى ئىقتىسادىي ۋە سودا جەھەتتىن جازالاشقا باشلاپتۇ.

فرانسىيىلىكلەر بۇ خىل بېلىقتىن ئىلھام ئېلىپ ئۆزگىچە سەنئەت ئۇسلۇبى يارىتىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سەنئەتكارلارنى ئۆز دۆلىتىگە جەلپ قىپتۇ.

جۇڭگولۇقلارمۇ بۇ جەھەتتە ھەرگىز بوش كەلمەپتۇ. ئاز دېگەندىمۇ ئىككى تۈرلۈك نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ: بىرى، بۇ خىل بېلىقتىن تەييارلىنىدىغان قورۇمىلارنىڭ تىزىملىكى تۈرغۇزۇلۇپ، يۇقىرى ئىستېمال قوشۇنى قوغلىشىدىغان مودىغا ئايلىنىپتۇ. يەنە بىرى، بىر قىسىم ئالىملار چوڭقۇر ۋە ئۇزاق مۇددەت تەتقىق قىلىش ئارقىلىق جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ خىل بېلىقنى دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئىستېمال قىلغان ۋە بېقىپ يېتىشتۈرگەنلىكىنى، بۇ خىل بېلىقنىڭ تارىخىنى شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ ھېسابلاشقا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقىپتۇ.

يۇقىرىقىلار ھەربىر كىشىنىڭ چوڭقۇر ئويلىنىشىغا ئەرزىيدىغان بىر پۈتۈن ۋەقەلىك.

---

ۋۇ مىنىۋېي قەلىمىدىكى بۇ فېلىيەتون «فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2002-يىل 28- ماي سانىغا بېسىلغان. **ئابلىكىم ئابدۇللا** تەرجىمىسى.

## ھەقىقەت

ناپالېئوننىڭ بويىنىڭ پاكارلىقى دۇنيا ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان ھەقىقەت. ئەمما ئۇ فرانسىيىنىڭ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغان مەزگىلدە، بۇ پاكىتنى ھەممە ئادەم بىردەك ئېتىراپ قىلمايتتى.

بىر كۈنى «پارىژ ۋاقىت گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى ناپالېئوننى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، بىر پارچە خەۋەر يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق بىر جۈملە بار ئىكەن: «ئۇنىڭ پاكارغىنە بوي- بەستى بارغانسېرى ئېگىزلەپ كەتكەندەك كۆرۈندى».

ماقالە ئورىگىنالى خەۋەرلەر گۇرۇپپىسى باشلىقىنىڭ قولىغا ئۆتكەندە، ئۇ بىر ھازا باش قاتۇرۇپ، «پاكارغىنە» دېگەن سۆزنى چىقىرىۋېتىپتۇ. ئۇ جۈملە «ئۇنىڭ بوي - بەستى بارغانسېرى ئۆسۈپ كەتكەندەك كۆرۈندى» بوپتۇ.

ئورىگىنال باش مۇھەررىرنىڭ قولىغا ئۆتكەندە، ئۇمۇ ئويلىنىپ، ھېلىقى جۈملىنى «ئۇنىڭ ئېگىز بوي- بەستى» دەپ ئۆزگەرتىپ قويۇپتۇ.

ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ماقالە يازغان مۇخبىر: «بۇ، ھەقىقەتنى بۇرمىلىغانلىق» دەپ قارشىلىق بىلدۈرۈپتۇ.

خەۋەرلەر گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى: «مەن ئورىگىنال ئاساسىدا بىر قانچە سۆزنى قىسقارتىۋەتتىم، بۇ قانداقمۇ ھەقىقەتنى بۇرمىلىغانلىق بولسۇن؟» دەپتۇ.

باش مۇھەررىر چۈشەندۈرۈپ: «مەن ھەقىقەتنى بۇرمىلىمىدىم، دەل ئەكسىچە ھەقىقەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، ناپالېئوننىڭ پادىشاھلىقىدەك ھەقىقەتنى گەۋدىلەندۈردۈم» دەپتۇ.

ھەقىقەت دېگەن نېمە؟ قارىغاندا بىر مۇستەبىت جەمئىيەتتە ھوقۇقنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرۇشى بارلىق ھەقىقەتلەر ئىچىدىكى بىردىنبىر ھەقىقەت بولسا كېرەك. مۇشۇ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلماسلىق، ھەقىقەتنىڭ «چىن» لىقىنى چۈشەنمىگەنلىك، شۇنداقلا شەيئىلەرگە «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» پوزىتسىيىسى بويىچە مۇئامىلە قىلمىغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ناپالېئون ھېلىقى ماقالىنى كۆرگەندىن كېيىن، مۇخبىرنى چاقىرىپ كېلىپ: «سىز نېمىدەپ بوي- بەستىمنى ئېگىز دەپ يېزىپ قويدىڭىز، ئەسلى قىياپىتىمنى يېزىشىڭىز كېرەك ئىدىغۇ» دەپ سوراپتۇ.

مۇخبىر ئاماللىسىزلىقىنى ئىپادىلەپ: «ئالىيلىرى، سىلىنىڭ ئەسلى قىياپەتلىرى بويىچە يېزىش ھازىرچە مۇمكىن ئەمەس» دەپتۇ.

«قاچان مۇمكىن بولار» دەپ سوراپتۇ ناپالېئون.

«ئۆزلىرى تەختتىن چۈشكەندە، ئالىيلىرى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مۇخبىر.

ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان مۇخبىر ئاخىرى رېئاللىق ئالدىدا زادى نېمىنىڭ ھەقىقىي ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ. بۇ، ھوقۇقنىڭ غەلىبىسى، ئەمما ھەقىقەتنىڭ پاجىئەسى ئىدى.

---

جاڭ فېڭ قەلىمىدىكى بۇ فېلىيەتون «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2002- يىللىق 10- سانىغا بېسىلغان. **ئادىل ئابدۇقادىر** تەرجىمىسى.

## ستالىننى ئىلاھلاشتۇرۇشنىڭ ئاچچىق ساۋىقى

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشى بىزگە مۇنداق بىر ئاچچىق ساۋاقنى قالدۇرۇپ كەتتىكى، ھەرقانداق دۆلەت دېموكراتىك قانۇن - تۈزۈمنى كۈچەيتىمەن، دەيدىغان بولسا، ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى ئەۋلىيالارنى سۈپۈرۈپ تاشلىشى كېرەك.

ئەۋلىيا دېگەن نېمە؟

ئەۋلىيا دېگەن ستالىنغا ئوخشاش ئالىيجاناب ئادەملەردۇركى، خەلق ئۇلارغا شەك - شۈبھىسىز

ئىشەنچ باغلاشقا مەجبۇر؛ خەلق ئۇلارنى تىل تەگكۈزۈپ تەنقىدلىيەلمەيدۇ، ئۇلارنى مەدھىيىلەشكە-لا مەجبۇر؛ خەلق ئۇلارغا ئىتائەت قىلىشقىلا مەجبۇركى، رەددىيە بېرىشى مۇمكىن ئەمەس. خەلقئالەم ئىچىدە، كائىناتتىكى ھەممە مەۋجۇداتلار ىدە پەقەت ئەشۇ ئەۋلىيالارلا ھەق- ھەقىقەتنىڭ ئۆزىدۇر، نۇسرەت تېپىپ غەلىبە قازىنىشنىڭ كاپالىتىدۇر، نۇر- شولا ياغدۇرۇپ تۇرۇدىغان قۇياشتۇر.

ئالىملارنىڭ تەتقىقاتلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، كائىناتتا بىرخىل غەيرىي ماددا بار ئىكەن، ھەرقانداق ماددا ئۇنىڭغا تېگىپلا كەتسە، كۆمپەيكۈم بولۇپ غايىب بولۇپكېتىدىكەن. ئەۋلىيا دېگىنىمىز - دېموكراتىك قانۇن - تۈزۈمنىڭ ئەنە شۇنداق غەيرىي ماددىسىدۇر. چۈنكى ھەممە ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا باشلىنىدىغان تەڭ - باراۋەرلىكى دېموكراتىك قانۇن - تۈزۈمنىڭ ئۆلىمىدۇر. « يوق ئەزەلدىن قۇتقازغۇچ خۇدا، يۆلەنمەيمىز ئەۋلىيا - خانغا» . ۋەلېكىن ئەۋلىيالار پەيدا بوپقالغاندىن كېيىن، ھېلىقى تەڭ - باۋاەرلىكتىن ئەسەر قالمىدى. ئەۋلىيالار نىلۇپەر گۈلى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، بېشىدىن كارامەت نۇرىنى چاچرىتىپ تۇرىدۇ، ئۇنى كۆرگەنلا ئادەم باش قويۇپ سەجدە قىلىدۇ، كۆتىگە تېپىك يېمىسىلا« داپ چېلىپ مەدھىيە ئوقۇيدۇ» . ناھەق ئۆلۈپ كېتىۋاتسىمۇ« پادىشاھىم، ئالىيلىرى دانا، پېقىر قۇللىرى ئۆلۈمگە لايىقمەن» دەپ تۇرىدۇ. ستالىن قەدەممۇ قەدەم ئەۋلىيالىق مۇنبىرىگە چىققاندىن كېيىن، خەلق ئۇنى: «خەلقنىڭ مېھرىبان ئاتىسى» ، « سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىسى» دەپ ئىززەتلەشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ، پېشقەدەم بولشېۋىكلارغا: « پارتىيىنىڭ تروتسكىيچىلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئۆزۈڭلارنىڭ تروتسكىيچى بوپقالغانلىقىڭلارنى ئىقرار قىلىڭلار» دەپ چاقىرىق قىلسا، تالاي پېشقەدەم بولشېۋىكلار« چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ» ، غىڭ - پىڭ قىلماي جازا مەيدانىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ، ئۆسمۈرلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىش يېشىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك، دېيىدى، شۇنىڭ بىلەن جازا بېرىش يېشى 12 ياشقا چۈشۈرۈلدى. نۇرغۇن پېشقەدەم بولشېۋىكنىڭ يېتىم باللىرى بىر نەچچە ياشقىنى ئوغرىلىغانلىقى ئۈچۈن كاللىسى تېنىدىن جۇدا قىلىندى. قانۇن، پارتىيە ئىنتىزامى دېگەنلەر ئۇنىڭ قولىدىكى خېمىر بوپقالدى. كېيىنكى ھەربىي رايوننىڭ قوماندانى ياكىر ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ھەرىكىتىدە گېرمانىيە جاسوسى دېگەن قالپاق كىيدۈرۈلۈپ، ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغانىكەن، ئۇمۇ ئۆلۈش ئالدىدا: «ياشىسۇن ستالىن! » دەپ توۋلاپتۇ. ستالىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: « بۇ ئادەم تولىمۇ قۇۋ ئىكەن. . . » دەپ ھىجىيىپ قويۇپتۇ.

كاتتا ئۆلىما جۇاڭزى: « ئەۋلىيالار ئۆلمىسە ئوغرى- قاراقچى تۈگىمەيدۇ» دەپتىكەن. ئەۋلىيالارمۇ سىياسىي ئەمىنلىكنىڭ« غەيرى ماددا» سى. « مېھرىبان ئاتا» « سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىسى» غا ئايلانغاندىن كېيىن، ھەممىدىن چوڭ خۇمارى ئىلگىرىكىدەك ھوقۇقتا چالۋا سېلىش ئەمەس، رەقىبلىرىنى ھەتتا خەلقنى« دەسسەپ چەيلىۋېتىش» ( ستالىننىڭ مەشھۇر سۆزى) ، شۇنىڭ بىلەن « ئىنتىقام ئېلىش مۇرادىغا يېتىش» بوپقالدى. 1930- يىللىرى دېھقانلارنى كوللېكتىپلىشتۇرۇش يولىغا زورلۇق بىلەن ھەيدىگەندى، 20 مىليون ئادەم ئاچارچىلىقتىن قىرىلىپ كەتتى. ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرىمىز، دەپ يەنە 19 مىليون840 مىڭ ئادەمنى قىرىۋەتتى، پېشقەدەم بولشېۋىكلارنى ئاساسەن قىرىپ تۈگەتتى. 1953- يىلى سەكراتقا چۈشۈپ ئۆلگەن چېغىدىمۇ جازا لاگېرىدا يەنە12 مىليون ئادەم قامىلىپ ياتاتتى. بۇلارغا يەنە باشقا جازالانغانلارنى قوشساق، پۈتكۈل مەملىكەت بويىچە74 مىليونغا يېتىپ بارىدۇ( چېن چېنىنلار ئەسىرى« سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئومۇمىي تازىلاشنىڭ ئىچكى سىرى» گە قاراڭ) . دېمەك سوتسىيالىزمنىڭ ئانايۇرتى« گۇراگ تاقىم ئاراللىرى» غا ئايلىنىپ قالدى.

بۇ ئارال يوزەكى قارىغاندا تىپتىنچ كۆرۈنىدۇ ، ئەمەلىيەتتە بولسا تېگىدىن قىمىرلاپ تۇرىدۇ. ئاممىنىڭ قارشىلىقى زادىلا بېسىقماي داۋام قىلدى. ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرى ئۇ ئۆلۈپ تاكى20- ئەسىرنىڭ80- يىللىرىغىچە ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەنگە قەدەر داۋام قىلدى. ھىتلېرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىشى ئۇنىڭ فاشىستلىق تەبئىيتىدىن بولغان، ئەلۋەتتە سوۋېت ئىچكى زىددىيەتلىرىنىڭ كۆندىن كۈنگە ئەۋج ئېلىشىمۇ ئۇنىڭغا باھانە- سەۋەب بولماي قالمىدى.

ئەۋلىيا تەبئىي يارىتىلغان نەرسە ئەمەس، ئىنسان باللىرىنىڭ ئۇچۇرۇشى بىلەن كۆتۈرۈلۈپ چىقىدۇ. لېنىن ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ستالىن ئۆتەۋاتقان باش سېكرېتارلىق ۋەزىپىسى ۋە سىياسىي بيۇرو ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى چاغلىقلا بىر ۋەزىپە بولۇپ، سىياسىي بيۇرونىڭ ھۆججەتلىرىگە تامغا بېسىش ياكى يىغىن توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقىتىش ئىشلىرىغىلا مەسئۇل ئىدى. ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى زىنوۋيېۋ« بايقاپ» تۇ. كېيىن كامېنېۋ، بۇخارىنمۇ« بايقاپ» تۇ. . . ستالىن ئەنەشۇلارنىڭ يار- يۆلەك بولۇشى بىلەن ھەممىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇدىغان ئەۋلىيالىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ قالغان. لېكىن« ئومۇمىي تازىلاش» تازىنوۋيېۋمۇ، كامېنېۋمۇ، بۇخارىنمۇ تۇردىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى( ئاندىروف ئوفشېنكو« ستالىن دەۋرىدىكى سىرلىق ۋەقەلەر» گە قاراڭ) . يامانلىق قىلغانلار جازاسىنى تارتىدۇ دېگەن گەپ مانا شۇ .

بىز ياشاپ تۇرغان بۇ تۇپراقمۇ ئەۋلىيا كۆپ چىقىدىغان يەر. ئەۋلىيا بۇرۇنقى زاماندىلا چىققان ئەمەس، ھازىرقى زاماندىمۇ چىقتى، چىقىۋاتىدۇ، چوڭ شەھەرلەردىمۇ بار، پاينەپ يېزىلاردىمۇ بار؛ بوگۈنكى مەيلى كىم بولسا بولسۇن، ئەمەلدارلىق كىيىمىنى كىيىپ، ئۈستەل ئالدىدا قېتىپ ئولتۇرسىلا« ئەۋلىيا» بوپقالىدۇ. بىرەر زاۋۇت - فابرىكىدا كىمىكى زاۋۇت - فابرىكا باشلىقىنىڭ «تۈكىنى تەتۈرسىگە ياندۇرۇپ سىيلايدۇ» كەن ئەتىسىلا كوچا - كويدا خورلىنىپ يۈرۈدىغان ئىشتىن

ھەيدەلگەن ئىشچى - خىزمەتچىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. يېزىدا قايسىبىر ئەتىتەك كەنت باشلىقىنىڭ ئىززىتىنى قىلمايدىكەن، ئۇنىڭ قوۋۇرغىسى بىر تېپىك بىلەنلا سۇندۇرۇپ تاشلىنىدۇ، خوتۇنى بولسا، دەۋاسى ئاقمايدىغان دەردمەن« چيۇجۇ» گە ئوخشاش كۈنگە قالىدۇ.

ئەۋلىيادىن خۇدا ساقلىسۇن، ئەۋلىيالارنىڭ يىلتىز سۇرۇپ شاخلاپ كېتىشىدىن تېخىمۇ ساقلىسۇن.

تارىخىي تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇرۇدىكى ئەۋلىيالارنى قەدىرلىسەڭ بۆرە - يولۋاسنى قەدىرلىگەن بولىسەن. بۆرە - يولۋاس قۇدرەت تاپسا، ھەممىدىن ئاۋۋال پالاكەت باسىدىغىنى، كۆپ ھاللاردا يەنە شۇ قەدىرلىگۈچىلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەۋلىيالارنى ئۈلىدىن كولاپ تاشلاش لازىمكى، ھەرگىز قەدىرلەپ يۆلەش يارىمايدۇ؛ ساۋابى چاغلىق دەپ قول سالماسلىق يارىمايدۇ. سەن بىر كەتمەن كولىساڭ، مەن بىر كەتمەن كولىسام، ھەممە ئادەم شۇنداق كولاپ يۇلۇپ تاشلىسا، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم تەڭ - باراۋەر بولالايدۇ، دۆلەتمۇ ئۇزاققىچە تىنچ- ئامان بولالايدۇ.

---

ۋۇجياۋمىن قەلەمدىكى بۇ مۇلاھىزە« فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ2002- يىل5. ئاپرېل سانىغا بېسىلغان.

## «جۇڭگولۇقلارنىڭ ئادىتى» ۋە «ئاخباراتنىڭ مەسئۇلىيىتى»

سۇجۇڭجى ئەپەندى: « بىلگىيە باش ۋەزىرى دىئاننا بىلەن چۈشۈمدە قىلىشقان گەپلەر» سەرلەۋھىلىك ساتىراسىدا( بۇ ساتىرا« شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ2002-يىل 2- سانىغا بېسىلغان) ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان ۋە لېكىن مەڭگۈ ھەل بولمايدىغاندەك تۇرغان تولىمۇ مۇھىم بىر مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بىلگىيىدە ئەل ئىچىدە ئۇزۇق - تۈلۈككە راك پەيدا قىلىدىغان ماددىلاردىن ئارىلىشىپ قالغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن دۆلەت باش ۋەزىرىنىڭ ئۆز خىزمىتىدىن ئىستىپا بەرگەنلىكى تەبىئىي ھەم مۇقەررەر بىر ئىش. لېكىن بۇ ئىش جۇڭگودا بولسا، ئاڭلاپ باقمىغان غەلىتە بىر ئىش بوپقالغان. بۇنىڭدا جۇڭگودا« جۇڭگولۇقلارنىڭ ئادىتى» بولغانلىقى سەۋەب بولماقتا.

«جۇڭگولۇقلارنىڭ ئادىتى» بويىچە بولغاندا ، ئاخبارات ھەم سىياسەتكە خىزمەت قىلىدۇ، ھەم ھۆكۈمەت خىزمىتىدە نەتىجە كۆرسىتىشكە خىزمەت قىلىدۇ. ئىشەنمىسىڭىز تېلېۋىزورنى ئېچىپ ياكى گېزىتلەرنى ۋاراقلاپ كۆرۈڭ: جۇڭگودا يېزا كادىرلىرىنىڭ قولى قىسقا بولۇدىغانلىقى ئۈچۈن، مۇخبىرلارنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرمەيدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قايسىبىر رەھبەر تەرەتخانىغا كىرگەندە ھەمراھ قىلمىغاندىن باشقا يەرلەردە مۇخبىرلارنى بىللە ئېلىپ يۈرمەيدۇ ؟ ئەگەر« خەۋەر قىلىش نۇقتىسى» نى توغرا تاللىيالىسا، رەھبەرنىڭ تەرەتخانىغا كىرىشىدىنمۇ تازىلىق خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشتە يېڭى بىر قىياپەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈۋېلىشلىرىمۇ مۇمكىن.

« جۇڭگولۇقلارنىڭ ئادىتى» بويىچە، ئاخباراتتا ھۆكۈمەتنى ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى تەنقىد قىلىش مۇمكىن ئەمەس، تەنقىد قىلىسىڭىز ھۆكۈمەتنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يېتىدۇ.

ئاخباراتتا چاتاقلارنى چوقۇم ئاشكارىلاشقا توغرا كەلسە، چاتاق ئېچىلىپ قالغاندىن كېيىن، مەسىلەن، خىيانەتچى ئەمەلدار مەنسەپتىن چۈشكەندىن كېيىن، سىياسىيئون تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن. . . ئاشكارىلاش كېرەك.

« جۇڭگولۇقلارنىڭ ئادىتى» بويىچە، ئاخبارات ۋاستىلىرى بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلە، قايسىسى ئۈستىدىن نازارەت قىلىدۇ، دەيدىغان مەسىلە ئەمەس، قايسىسى قايسىسىغا رەھبەرلىك قىلىدۇ، دەيدىغان مەسىلىدۇر. ئاخبارات ۋاستىلىرى ھۆكۈمەتنى جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، ھۆكۈمەت ئاخبارات ۋاستىلىرىنى جاۋابكارلىققا تارتىدۇ.

مۇخبىر يەۋاتقان نېنىدىن قۇرۇق قالماسلىق ئۈچۈن ئاخبارات ئويدۇرۇپ چىقىشقا رازىكى، خەۋەرنى راستى بىلەن ئەينەن يېزىشى مۇمكىن ئەمەس.

« جۇڭگولۇقلارنىڭ ئادىتى» ؟ . . . جۇڭگولۇقلارنىڭ ئادىتىگە قارىماي ئىش قىلسا بولمامدىكەن؟ بۇ، بەسىي مۇشكۇل! «جۇڭگولۇقلارنىڭ ئادىتى» نى - بۇ راك ھۈجەيرىسىنى چوڭ نەشتەر بىلەن كېسىپ تاشلىمىسا بولمىغۇدەك!

---

شۈيۇ ئىمزالىق بۇ ساتىرا« فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ2002.يىل 4.سانىدىن تەرجىمە قىلىندى. شۇ ژۇرنالدا ئاپتورنىڭ ئادرېسى مۇنداق قەيت قىلىنغان: شەنشى ئۆلكىسى پىڭلى ناھىيىسى گۇاڭفۇ يېزا بازىرىنىڭ دۇڭگەنزەي مەھەللىسى.

ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمانى: **توختى باقى ئارتىشى**

## تۆت ھوقۇقنىڭ قايسىسى ھەممىدىن مۇھىم؟

ۋاڭخۇڭ ئەپەندى« سىياسىي بايلىقلارغا خەلقنى شېرىك قىلايلى» دېگەن ماقالىسىدا( « فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ2002.يىل 8.فېۋرال سانىدا ئېلان قىلىنغان) : « كادىرلارنى تاللاپ ۋەزىپىگە قويۇشتا ئاممىنىڭ ئەھۋالنى بىلىش ھوقۇقى، ھاكىممىيەتكە قاتنىشىش ھوقۇقى، تاللاش ھوقۇقى ۋە نازارەت قىلىش ھوقۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، « تۆت ھوقۇق» نىڭ يادروسى« تاللاش

ھوقۇقى» دەپ قارىغان ھەمدە« ئېرىشكۈچىلەر كۈللەيدۇ، يوقاتقۇچىلار ھالاك بولىدۇ» ، « ئاممىنىڭ تاللاش ھوقۇقىنى ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرغاندا، پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان ئادەم چىقىدۇ ، دۆلەتتىن چوڭ ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ» دەپ خۇلاسە چىقارغان. چوڭقۇر تەھلىل قىلساق، بۇ خۇلاسىنىڭ مۇتلەق ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

دۇنيادا تەلتۆكۈس پاك ئادەم يوق، ھەرقانداق ئادەمدە شەخسىيەتچىلىك بولىدۇ، يانچۇقتا ئىككى - تۆت تەڭگە بولماي جان بېقىش مۇمكىن ئەمەس. ( ھۆكۈمەت مەمۇرلىرى) ئاۋامنىڭ چاكىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەرخىل ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق بولغاندا بىر ئۈمۈر بۇلغانماي ئۆتكىلى بولامدۇ؟ بۇ رەڭگارەڭ دۇنيادا ئۆز نەپسىنى تەرك ئەتكەن ئادەمدىن قانچىسى بار دەيسىز؟ ھۇش - كاللىسى جايىدا كىشىلەردىن كىمنىڭ ھاۋايى ھەۋەسكە ۋە نەپكە ئىشتىھاسى يوق؟ پەقەت ئۆز-ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنىڭ دەرىجىسى ئوخشىمايدۇ، خالاس. شۇڭا، ئاز سانلىق كىشىلەر بولسۇن ياكى كۆپ سانلىق كىشىلەر بولسۇن، بىر جامائەت چاكىرى( دۆلەت مەمۇرى) نى توغرا تاللاپ سايلىيالىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغانلىقىغا ھەرگىزمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى تۈپكى ئامىل شۇكى، خەلقنىڭ ئۆز چاكىرىنى نازارەت قىلىش ۋە ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ھوقۇقى يوق. بار دېيىلگەندىمۇ تەشۋىقاتتا بار، ئىش يۈزىدە يوق. شۇڭا، پاك-دىيانەتلىك ئادەملەرنى سايلاپ چىقالىغاندىلا دۆلەتنىڭ مەڭگۈلۈك ئۈمىد-ئىستىقبالىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، دېيىش مۇمكىن ئەمەس.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان جۇڭگودا چوڭ-كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ خىيانەتچىلىك - پارىخورلۇق، چىرىكلىشىش دېلولىرى كەينى-كەينىدىن پاش بولدى. ئۇلار ئاممىنىڭ چاكىرى بولۇپ سايلانغان چاغدا زور كۆپچىلىكى تەشكىلنىڭ ئۇزۇن مۇددەت تەكشۈرۈپ سىناش، تەربىيىلىشى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك تەرتىپلەردىن بىر-بىرلەپ ئۆتكۈزۈشى ئارقىلىق سايلاپ چىقىلغان ياخشى ئادەملەر ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە كۆپلىرى جەمئىيەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان قەھرىمانلىق ئۈلگىلىرى ياكى مۇنەۋۋەر شەخسلەر ئىدى. ئەمما دەل مۇشۇ كىشىلەر نازارەتچىلىكنىڭ بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ھوقۇقنى قولىغا ئېلىپلا چىرىكلىشىشنىڭ پەيزىنى سۈردى، خالىغانچە ئەسكىلىك قىلدى. بۇ جەھەتتە ئەسلىدىنلا ئەسكى بوپكەتكەن بەزى ئادەملەرنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىدىنمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. نۇرغۇن خەۋەرلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مۇشۇ ئادەملەر تۈرمىگە قامالغاندىن كېيىن ياكى بىر تەرەپ قىلىنىشتىن ئىلگىرى ھەممىسى پۇشايمان قىلىپ ئۆلگۈرەلمىگەن. ئۇلار ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقىتتا نازارەتچىلىكنىڭ كەم بوپقالغانلىقىغا قارىتا ھېچكىممۇ ئاغرىنغاندەك قىلمايدۇ.

ستالىننى سابىق سوۋېت كومپارتىيىسى ۋە سوۋېت خەلقى تارىختا نەچچە قېتىملىق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ۋە ئالىي سوۋېت ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا سايلاپ چىققان. ئۇ، سوۋېت خەلقى ۋە پۈتكۈل دۇنيادىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ چىن قەلبىدىن سۆيۈشىگە ئېرىشكەن ئۇلۇغ داھىي ئىدى. بىراق ئۇنىڭ ھوقۇقى ھېچقانداق نازارەتچىلىككە ئۇچرىمىغان بولغاچقا، ھەرقانداق ئىشنى ئۆزى يالغۇز قارار قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بويىچە قانداق قىلغۇسى كەلسە شۇنداق قىلغان، ھەتتا كىمنى ئۆلتۈرگۈسى كەلسە شۇنى ئۆلتۈرگەن. نەتىجىدە ئۇنىڭ30 يىلغا يېقىن ھۆكۈم سۈرگەن مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى قىلچە زۆرۈرىيەتسىزلا40 مىليون ئادەمنىڭ بېشىغا چىقتى.

ئۆزىمىزنىڭ تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئىش تېخىمۇ ئايدىڭ: ئەگەر دانا داھىيمىز( ماۋ زېدۇڭ) خەلقنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلغان بولسا، بىر ئادەمنىڭ پۈتكۈل دۆلەتكە قارىغۇلارچە قوماندانلىق قىلىشىغا يول قويۇلمىغان بولاتتى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ50- يىللىرىدىكى« چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ھەرىكىتىدە نەچچە ئون مىليون ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتەرمىدى؟ تولىمۇ ئېچىنىشلىق بولغان، پۈتكۈل دۆلەتنى ھالاكەتكە باشلىغان« پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى ئېلىپ بارالارمىدى؟ دۆلەتنىڭ جىگەرلىك، مەردانە رەئىسى ليۇ شاۋچى ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كېتەرمىدى؟

مەسىلە پەقەت نازارەتچىلىكنىڭ مۇھىملىقىدىلا ئەمەس، بەلكى يەنە قانداق نازارەتچىلىك قىلىش ۋە كىملەر نازارەتچىلىك قىلىدۇ، دېگەن مەسىلىلەردە. بىرىسى: «ھازىرقى بىردىنبىر چارە شۇكى، نازارەتچىلىكنى ئاممىۋىلاشتۇرۇش، ئاشكارىلاشتۇرۇش، قانۇنلاشتۇرۇش، ھەممىدە قانۇن - نىزام بويىچە ئىش كۆرۈش. ئاز سانلىق كىشىلەر سىزغان رامكا ئىچىدە يوشۇرۇن ئىش قىلماسلىق زۆرۈر. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ھەرقانداق قاپ يۈرەك كاتتا ئەمەلدارمۇ ئېھتىيات قىلماي مۇمكىن ئەمەس» دېگەنىكەن. بۇ گەپنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئاساسى بار. خىيانەتچى جىنايەتچى خۇ چاڭجېڭ( پارا بېرىش يولى بىلەن جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق ئورنىغا چىققان چوڭ خىيانەتچى، باستۇرۇلغان. - ئۇيغۇرچە نەشر مۇھەررىرى ئىزاھى) جازالىنىش ۋاقتىدا راست گەپنى دەپ سالغان: « ناۋادا جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ئەركىنرەك بولالىغان بولسا، مەندەك بىر ئۆلكىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسىنى نازارەت قىلالىغان بولسا، مەن بىر ئاز تەپتارتقان بولاتتىم. ئۇلارمۇ ئامېرىكا مۇخبىرلىرىنىڭ كلىنتوننى پاش قىلغىنىغا ئوخشاش مېنىڭ بولمىغۇرلۇقلىرىمنى پاش قىلىشقا جۈرئەت قىلالىغان بولسا، مەندەك بىر ئۆلكىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېت ئەزاسى بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشتەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغان بولاتتىم» . نېمىدېگەن چوڭقۇر ئېيتىلغان «ئاگاھلاندۇرۇش» بۇ- ھە!

ئۆزۈندىن بۇيان بىز مۇنداق بىر سۆزنى، يەنى

«كادىرلار پارتىيىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى»، «بىزنىڭ مۇتلەق كۆپسانلىق كادىرلىرىمىز ياخشى»، «ئادەم دېگەننى تەربىيىلىگىلى بولىدۇ» دېگەندەك سۆزلەرنى ئاغزىمىزدىن چۈشۈرمەي سۆزلەپ كەلدۇق. دەل مۇشۇنداق ئەنئەنىۋى كۆز قاراشنىڭ ھامىيلىقىدا، بىز ئىزچىل تۈردە خەلقنىڭ چاكارلىرىغا قارىتا ئاشكارا بولغان، ئاممىۋىلاشقان، تەرتىپلەشتۈرۈلگەن، قانۇنلاشتۇرۇلغان نازارەت قىلىش شەكلىنى قوللىنىشنى رەت قىلىپ كەلدۇق. شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەككى، نازارەت قىلىشنىڭ تۈپكى مەقسىتى خەلقنىڭ چاكارلىرىنى جازالاش ئەمەس، بەلكى خەلقنىڭ چاكىرى دەپ ئاتالغانلارنىڭ ئاينىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش. ئامېرىكا ئاساسىي قانۇنىنىڭ ئاتىسى مىدسون ئېيتقاندەك: «ئادەم بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ھەممىسى مۇتلەق ئىشەنچىلىك بوپكەتمەيدۇ. ئەگەر ئادەملەرنىڭ ھەممىسى پەرىشتە بولغان بولسا، ئۇ چاغدا ھۆكۈمەتنىڭ كېرىكى قالمايتتى؛ ئەگەر پەرىشتىلەر ئىنسانلارنى ئىدارە قىلىپ باشقۇرغان بولسا، ئۇ چاغدا ھېچقانداق ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىكى كونترول قىلىشلار زۆرۈر بولمىغان بولاتتى». دۇنيادا ئەزەلدىن ھەقىقىي پەرىشتە بولۇپ باقمىغان. ستالىن ئاتالمىش «كومپارتىيە ئەزالىرى ئالاھىدە ماتېرىيالدىن ياسالغان» دېسە، ماۋزېدۇڭ ئاتالمىش «قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلىمەي، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى» دېگەن. ئومۇمەن ھەممىسى ئەسەبىي سۆزلەردۇر.

ھازىرقى زاماندا ھەرقانداق بىر دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتتە، ئەگەر ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىغا (داھىيلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولغان نازارەت قىلىش ۋە چەكلەش كەم بوپقالسا، ئۇنىڭ سەمىمىيلىك بىلەن جامائەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس؛ شۇنداقلا ئۇنىڭ ئاممىنى زىيانغا ئۇچرىتىش بەدىلىگە ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىشتەك ئۆز بېشىمچىل قىلمىشىنى چەكلەشمۇ مۇمكىن ئەمەس.

بۇنىڭدىن ئەھۋالنى بىلىش ھوقۇقى، ھاكىمىيەتكە قاتنىشىش ھوقۇقى، تاللاش ۋە نازارەت قىلىش ھوقۇقى قاتارلىق تۆت ھوقۇقنىڭ يادروسى قايسى؟ دېگەن مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ. بۇ، دېمىسەكمۇ ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم.

---

جاڭ جىنچياڭ قەلىمىدىكى بۇ مۇلاھىزە «فىلىيەتون گېزىتى»نىڭ 2002-يىل 27-ئاۋغۇست سانىغا بېسىلغان. **ئابدۇلھەكىم ئوسمان ھەقيار** تەرجىمىسى

# سۇي يۇكيوڭگە ئوچۇق خەت

ئىنىم يوكيوڭ:

سىزنى بۇنداق ئاتىشىم، مەن سىزدىن بىرنەچچە ياش چوڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خېتىم قانداقتۇر «جازا يۈرۈشى» ۋە ياكى «مەدھىيە خېتى» ئەمەس. مەن پەقەت ئىچ-قارنىمنى بوشىتىپ سىز بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشنى ئويلىغاچقا، سىزنى مۇشۇنداق ئاتىدىم. سىزنى مۇشۇنداق ئاتىسام بەلكىم بىز كەڭ - كۆشادە پاراڭلاشقۇدەك كەيپىيات ھاسىل بولار.

«كۆڭۈلدىكى سۆزلەر» پروگراممىسىنى مەن تولىمۇ ياقتۇرغاچقىكىمەن، بەزى ھاللاردا ئۇنىڭدىن رازى بولماسلىقىم مەن ئۈچۈن تولىمۇ تەس. چۈنكى جۇڭگودىكى ئەڭ تەس ئىش - كۆڭۈلدىكى گەپنى دېمەك. سىز ئورۇنلاشتۇرغان بەزى نومۇرلار، مەسىلەن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئوقۇتقۇچىسىغا زىيانكەشلىك قىلىپ قويۇپ، ئۇزۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىسىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئوقۇتقۇچى ئالدىدا ئۆز خىجالەتچىلىكىنى بىلدۈرگەن كىشى توغرىسىدىكى ئىشلار مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. ئۇ بىر ئەخمىقانە يىللار ئۈستىدىكى شىكايەت ئىدى. يەنە سىزنىڭ بىر قىسىم كىچىك باللارنى تېپىپ، ئۇلار ئارقىلىق ئاتا - ئانىلارنىڭ «كەمچىلىكلىرى»نى ئەيىبلىشىڭىز، يېڭى بىر خىل مائارىپ ئىدىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى.

ئەمما بۇ خەتنى سىزگە يېزىشىمغا سىزنىڭ يېقىنقى بىر نومۇرىڭىزدىن رازى بولماسلىقىم سەۋەب بولدى. ئۇ، «قەلبداشلار» غا زىيادە مەدھىيە ئوقۇلغان نومۇردۇر.

«قەلبداشلار» بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر، كۆزگە كۆرۈنگە سەنئەتكارلار جەم بولۇپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىغا ئويۇن قويۇپ بەرگىلى بارغان بىر ئىش، بۇ ئىشنى مەن ئەلۋەتتە قوللايمەن، ئۇ بىر ئىنتايىن ياخشى ئىش.

ئەمما بۇ ياخشى ئىشنىڭ ياخشىلىق دەرىجىسى زادى قانچىلىك؟ بۇنىڭغا سوغۇققانلىق بىلەن دەل، لىللا باھا بېرىش كېرەك.

جۇڭگودا 1مىليارد 300 مىليون نوپۇس بار. گەرچە توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە زور كۆپ ساندىكى باللار مەكتەپتە ئوقۇيالماي «ئۈمىد قۇرۇلۇشى» نى يولغا قويۇشقا توغرا كەلدى. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا كىشىنى تەئەججۈپلەندۈرىدۇ، ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. جۇڭگودا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەك؟ بۇنى سىستېمىلىق مۇلاھىزە قىلىپ، سىستېمىلىق ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. «قەلبداشلار» سورۇنغا چىقىۋىدى، كۆپچىلىك بەس-بەس بىلەن ئۇنى كۆككە كۆتۈرۈپ، بۇ ئىشنى ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلغانلىق، سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش فاڭجېنىغا ۋەكىللىك قىلغانلىق، بۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن خەلقنىڭ «قەلبىنى تۇتاشتۇرۇش» مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، دەپ قاراشتى. ئەمما ئۇنىڭ ئۈنۈمى راست گەپنى قىلغاندا دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولدى.

بۇ پەقەتلا بىر خەيرلىك، ساخاۋەتلىك ئىش. ئۇ

قانداقتۇر «يۈنىلىش»، «فاڭجېن» دېگەنلەرگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. 1 مىليارد 300 مىليون نوپۇسنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا مۇستەھكەم ئاساس سالغۇدەك ئىرادە ۋە تەدبىر بولمىغاندا ئۇنى ھەرگىزمۇ ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. «قەلبداشلار» غا تايىنىپ بىرەر نەرسىگە ۋەكىللىك قىلىمەن، دېيىش كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويىدۇ. ستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، بېيجىڭ شەھىرىدىكى پېنسىيە، دەم ئېلىشقا چىققانلاردىن بىر قەدەر تولۇق بولغان مەدەنىيەت تۇرمۇشىدىن بەھرىمەن بولالايدىغانلار ئون نەچچە پىرسەنت بولۇپ، 20 پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدىكەن. پايتەخت بېيجىڭدا بىر مەيدان «قەلبداشلار» غا تايىنىپ مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمىغان يەردە، كەڭ جۇڭگو زېمىنىدا، بولۇپمۇ نامرات يېزا-قىشلاقلاردا ئۇنىڭدىن ئېغىز ئاچقىلى بولارمۇ؟

بىر توپ ئاچ قالغانلار بىر مىليونېرغا يولۇقۇپ قېلىپ، مىليونېرنىڭ سېخىيلىقى تۇتۇپ كېتىپ، ئەشۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇنىمىڭدە بىر ئاچ ئادەمنى تاللاپ، ئۇلارنى بىر ۋاق ئالىي ناز-نېمەتكە تەكلىپ قىلسا، بۇ ئاچ قالغان ئادەملەر بەلكى تەسىرلىنىپ، باينىڭ سېخىيلىقىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشۈپ ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ كېتەر ەلكىم. ئەمما ئىش مۇشۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالسا، ئۇ ھەرگىزمۇ بىر خەيرلىك ئىش بولالمايدۇ. ھەرھالدا بىرقانچە ئادەم بىرەر ۋاق ياخشى تائامغا ئېرىشەلىسە، ئەمما ئاخبارات ساھەسى بۇنى دەستەك قىلىپ، ئۇنى پۈتكۈل ئاچ خەلقنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ يۈنىلىشى، بارلىق ئاچ قالغانلانىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلغانلىق، ئاچ قالغانلارنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى تېپىلدى، دەپ داۋراڭ قىلسا، ئۇنداقتا بۇ ئەخمىقانىلىق ئەمەسمۇ؟ ناۋادا يەنە ئامال - چارىلارنى قىلىپ ئۇنىڭغا خەقنى ئىشەندۈرسە، ئۇھالدا بۇ ئالدامچىلىق بوپقالامدۇ؟ ئەگەر پۈتكۈل ئاچ قالغانلار ھەشقاللا - تەشەككۈر ئوقۇشقا سەپەرۋەر قىلىنسا، ئۇ چاغدا بۇ بىر قۇلچىلىقنى يېتىشتۈرگەنلىك بولماي نېمە!

سىز بىلەن بىرقانچە تەكلىپ قىلىنغان مېھماننىڭ، «قەلبداشلار» سەنئەت ئۆمىكىنى ئاممىنىڭ قانداق قارشى ئالغانلىقى ھەققىدىكى تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر ئۈستىدىكى سۆھبىتىڭلارنى كۆرۈۋېتىپ، تولىمۇ بىئارام بولدۇم. بىر مېھماننىڭ دېيىشىچە، پۇقرالار ئەينى يىللىرى ئۆزلىرىنى قۇتقۇزغان قىزىل ئارمىيە، «8- ئارمىيە» ۋە ئازادلىق ئارمىيىنى قارشى ئالغاندەك، ئاللىبۇرۇن نەچچە چاقىرىم يەرگىچە ئۇلارنى قارشى ئالغىلى چىقىپتۇدەك.

مېنىڭچە، ئەينى يىللىرى پۇقرالارنىڭ كومپارتىيىنىڭ ئارمىيىسىنى قارشى ئېلىشى «ھەقىقەتەن خەلقنى ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇش» تەك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەن خەلق ئازادلىقىنىڭ نامايەندىسى بولغانىدى. شۇ ئىشتىن يېرىم ئەسىر ئۆتۈپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندە، يەنە بىر قېتىم ئەشۇنداق مەنزىرە پەيدا بولدى. ئەمما پۇقرالارنىڭ قارشى ئالغىنى مەشھۇر چولپانلار بولدى. بۇ نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؟ مەدەنىيەت ئازادلىقىنىمۇ؟ مەدەنىيەت جەھەتتە قەد كۆتۈرۈشنىمۇ؟ جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغىلى 50 يىلدىن ئاشتى، ئۆزۈممۇ بۇنداق دېيىشكە خىجالەت بولۇۋاتىمەن. يەنىلا تېلېۋىزوردا كۆرۈنۈشكە چىققان پۇقرالار بىرنېمە دېسۇن. ئۇلار: «بىز ئەزەلدىن بۇنداق ياخشى نومۇرلارنى كۆرۈپ باقمىغان» دېيىشتى. دەرھەقىقەت، ئۇلاردا چەكسىز مەدەنىيەت نامراتلىقى ئىچىدىكى بىر خىل تەشنالىق مەۋجۇد ئىدى. شۇڭا ئۇلار نەچچە ئون چاقىرىم يول يۈرۈپ ئويۇن كۆرگىلى كەلگەن. ئەمەلىيەتتە، شۇنچە چوڭ مەيداندا، ئالدىدىكى بىرقانچە ئورۇندىكىلەرلا ئويۇندىن ھەقىقىي بەھر ئالالايدۇ، ئارقىدىكى تامغا، دەرەخ شاخلىرىغا چىقىۋالغانلار، ئاتىلىرىنىڭ مۈرىلىرىگە چىقىۋالغان باللار پەقەت بىر خىل قىزىقچىلىقىلا ئېرىشەلەيدۇ. ئۇلار پەقەت باشقىلارنىڭ «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش روھى» نى نامايان قىلىۋېلىشىدىكى تىرىك سەھنە جابدۇقلىرى، خالاس. شۇڭا، ئۇلار ئۈستىدە مەدەنىيەتتىن بەھرىمەن بولۇشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئويۇن قويغۇچىلار كېتىپ قالغاندىن كېيىن، خۇددى ئاچلارنىڭ بىر ۋاق بەتتە پولۇ يېگىنىدەك تەسىرات ئۇلارنىڭ بىر قانچە كۈنگىچە پاراڭ تېمىسى بولۇشقا يېتىپ ئاشىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى مەدەنىيەت مەزمۇنى يەنىلا ئەسلىدىكىدەكلا داۋاملىشىۋېرىدۇ، ھېچقانداق ئۆزگىرىش يۈز بەرمەيدۇ.

ئەمما باشقىلارنىڭ «تۆھپىسى» زور بولدى. سىزنىڭ نومۇرىڭىز «لىللا گەپنى قىلغاندا» ئىككى چوڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچىسى، ھەممە ئادەم كۆرگىنىدەك، بىزنىڭ سەنئەتچىلىرىمىز ھېچقانداق ھەق ئالماي، ساپ كوممۇنىزمچە مۇلازىمەت قىلدى. ئەمەلىيەتتە مۇبادا مەنمۇ بىر سەنئەتچى بوپقالسام، مەنمۇ ئۆزۈم خالاپ مۇشۇنداق كوممۇنىزمچە مۇلازىمەت قىلغان بولاتتىم. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بەزى سەنئەتچىلەر مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ نومۇرلىرىغا «قىستۇرۇلۇۋېلىش» ئۈچۈن ھەق ئالمايلا قالماستىن، بەلكى «مۇلازىمەت ھەققى» تۆلەشكە رازى ئىكەن. پۈتكۈل مەملىكەت خەلقىنىڭ كۆرۈش سەزگۈسىنى مونوپول قىلىۋالغان مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرىدا بىرەر نۆۋەت چىقىۋېلىشنىڭ ھەرقانداق ئالىي مۇكاپاتتىن ئۈستۈن ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. شۇنداق قىلالىسىلا سەنئەتچىلەر باشقا جايغا ئويۇن قويغىلى بارسا ئۇلارنىڭ سەھنىگە چىقىش ھەققىلا نەچچە ئون پىرسەنت ئاشىدۇ.

ئىككىنچىسى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سەنئەت بۆلۈمىنىڭ ئەمەلدارى ئۆزىنى چاغلىماي كۆپچىلىككە «قەلبداشلار» نىڭ بارلىق راسخودلىرىنى يەرلىك ئۈستىگە ئالماستىن مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ چىقىم قىلغانلىقىنى تىلغا

ئالدى. دەرھەقىقەت، بۇ ھەقىقەتەن كۆز ئالدىمىزدىكى يۇقىرى سوممىلىق چىقىم، قالتىس «ئىلىلىقلىق يەتكۈزۈش» (بۇ سۆز ناھايىتى مودا بولۇۋاتىدۇ) ! بىراق، مەن بۇنىڭ قىلچە ماختىغۇچىلىكى يوق، دەپ قارايمەن.

سوراپ باقاي، سىلەر مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پۇلى نەدىن كېلىدۇ؟

مېنىڭچە، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئاساسلىق راسخوتىغا چوقۇمكى دۆلەت مالىيىسى پۇل ئاجرىتىپ بەرگەن، بۇ پۇل پۈتكۈل مەملىكەت پۇقرالىرى باج تاپشۇرغاندىن كېيىن، باج سىستېمىلىرى ئارقىلىق دۆلەت مالىيىسىگە كىرگۈزۈلگەن ھۆكۈمەت كىرىمىدىن كەلگەن، بۇ، باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ پۇلى.

مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ يەنە ئېلانچىلىقتىن كېلىدىغان بىر تۈركۈم زور كىرىمى بار. ئېيتىشىمچە، «چېكچى ھارىقى» نى ئېلان قىلىش ئۈچۈنلا نەچچە مىليون يۈەن ئېلان ھەققى تاپشۇرۇلغان. تەكىتلەشكە تېگىشلىكى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئېلان ھەققى ھەرگىزمۇ ئادىل بازار رىقابىتىدىن كەلگەن ئەمەس. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى يۇكسەك دەرىجىدە مونوپول قىلىنغان ئاپپارات، ئۇنىڭ ئېلان ھەققى كىرىمى زور مىقداردىكى يۇقىرى سوممىلىق كىرىم.

«بىر قىسىملار ئالدىن بېيىش» چاقىرىقىغا ئەگىشىپ، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خادىملىرى ئالدى بىلەن بۇ سەپكە قېتىلدى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى خىزمەتچىلىرىدىن پىكاپى بارلارنىڭ نىسبىتىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىقتىدارى باشقىلارنىڭكىدىن يۇقىرىمۇ؟ شۇنداق، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا ئىقتىدارلىقلار كۆپ، سىز شۇلارنىڭ بىرسى. لېكىن مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ سىرتىدىمۇ ئىختىساسلىقلار كۆپ، ئەمما ئۇلارنىڭ كىرىمى ئۇنچىۋالا يۇقىرى ئەمەس. بۇ خىل پەرقنى دەل مونوپوللۇق كەلتۈرۈپ چىقارغان. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىكىلەرنىڭ تۆھپىسى باشقىلارنىڭكىدىن كۆپمۇ؟ تۆھپىسى بارلىقى راست، ئەمما باشقىلارنىڭكىدىن كۆپ بولۇشى ناتايىن. مەن كىرىمى تۆۋەن تالاي ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى كۆرگەن. بىر جۈملە سۆزنى قىستۇرۇپ ئۆتەي: مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى خىزمەتچىلىرىنىڭ ئومۇمى ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. تېلېۋىزىيىدە كۆندە دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرۇدىغان خاتا خەتلەر بۇنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك.

باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ تۆھپىسىگە، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي مونوپوللۇقتىن كەلگەن كىرىمگە تايىنىپ، ئازراق پۇل چىقىرىپ قويۇپلا «قەلبداشلار» نى ئويۇشتۇرۇپ قويۇش، مىليونلىغان پۇقرالارنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ قۇرۇلۇشىغا قۇرۇغۇن سەپكەندەكلا ئىش، ئۇنىڭ غەۋغا كۆتۈرگۈچىلىكى، چوڭايتىپ قانداقتۇر «يۈنىلىش» ، «فاڭجېن» دەۋالغۇچىلىكى يوق.

ئەشۇ ئاۋام پۇقرالار قاق سەھەردە نەچچە ئون چاقىرىم يول يۈرۈپ كېلىپ، تام تۆپىسىدە، دەرەخ شاخلىرىدا، باللار ئاتىلىرىنىڭ مۈرىلىرىدە ئولتۇرۇپ، سەنئەتچىلەرنى چالا ـ پۇچۇق كۆرۈپ، يات ئادەملەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، قاتتىق تەسىرلەنگەنلىكىنى ئىپادىلەپ، بەس ـ بەس بىلەن ھەشقاللا ـ رەھمەت ئېيتىشۋاتقاندا، مەن زادىلا سەۋر ـ تاقەت قىلالمىدىم. شۇنداقلا بىر ھەقىقىي كوممۇنىستىنىڭ يۈرەك سۆزىنى ئەسكە ئالدىم: خۇ ياۋباڭ: « بىز خەلققە ناھايىتى كۆپ قەرزدار» ، « بىز تۈزۈككىنە بىر خەلق چاكىرى بولالمىغان يەردە قانداقتۇر ئۆزىمىزنى ‹قۇتقۇزغۇچى› دېيىشكە قانداقمۇ يۈزىمىز چىدىسۇن؟ » دېگەنىدى.


بىز ئازراق بولسىمۇ پۇقرا بىلەن «قەلبىمىزنى تۇتاشتۇرۇدىغان» ھەقىقىي ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك. مەسىلەن، بىز« ئەمەلدارلىق دەسمايىسى» نى چەكلىشىمىز، تۈرلۈك ئىمتىيازلارغا قارشى تۇرۇشىمىز، ئىختىساسلىقلار ئادىل رىقابەتلىشىدىغان مۇھىت يارىتىشىمىز. . . كېرەك. ئاخبارات ۋاستىلىرى بولسا پۇقرالارغا ئىلمىي، دېموكراتىك بولغان زامانىۋى ئاڭنى تارقىتىشى كېرەك.

ئىنىم يۈگيۈەن ، يۇقىرىدا دېگەنلىرىم «كۆڭۈلدىكى سۆزلەر» بولامدۇ ـ يوق، ماڭا بىر نەرسە دەپ بەرسىڭىز قانداق؟

---

شىنمىنتې قەلىمىدىكى بۇفېلىيەتون «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ2002ـ يىللىق 10ـ سانىغا بېسىلغان. **ئادىل ئابدۇقادىر** تەرجىمىسى(M2)

بۇ سان 2002 ـ يىل 10 ـ ئۆكتەبىردە تىزىشقا يوللاندى، 30 ـ نويابىردا باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان ماموت(M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)، بېكىتكۈچى: قۇربان ماموت




# تەرەققىياتنىڭ سايىسى

ئادىل ئابدۇقادىر

ئىنسانىيەتنىڭ يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەن تارىخى بۇنىڭدىن تەخمىنەن 5000يىللار ئىلگىرى باشلانغانىدى. ئەشۇ يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەن ئەڭ قەدىمكى خاتىرىلەر ھەم ئىنسانلارنىڭ 5000يىل بۇرۇنلا ئۆز تارىخىنى خاتىرىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلگەنلىكىگە ئاساسەن شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ھەم دۇنيا ھەققىدىكى ئىزدىنىشمۇ ئەنە شۇ دەۋرلەردىن باشلانغان. بۇ خىل ئىزدىنىش ئىنسانىيەتنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىنىڭ خېمىرتۇرۇچىغا ئايلانغان. ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ھەم دۇنيا ھەققىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىشى ئەپسانە-رىۋايەتلەرنى ھەم گۆدەكلەرچە پەرەز-قىياسلارنى ئۆزىگە خۇرۇچ قىلىپ باشلانغان بولسا، ئەسىر، ئېرالارنىڭ ئالمىشىشىغا ئەگىشىپ ئىنسانلار تەبىئەت ھەم دۇنيا ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى تەكرار پىششىقلاپ ئىشلەپ، 5000يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانلار تەبىئەت ھەم دۇنيا ھەقىدە پەرەز ھەم قىياستىن يۇكسەك دەرىجىدە ئۈستۈن تۇرۇدىغان ئەقلىي ھەم ئىلمىي يەكۈننى ئاساس قىلىپ پىكىر يۈرگۈزۈدىغان بىر دەۋردە ياشىماقتا. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىنسانلار ئەقلىي بىلىشنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان پەن-تېخنىكا دەۋرىدە ياشىماقتا.

ئەشۇ ئىپتىدائىي ئەپسانە دەۋرىدىن بۈگۈنكى پەن-تېخنىكا دەۋرىگىچە بولغان جەريان ئەمەلىيەتتە ئىنسانىيەت ئەقىل-پاراسىتىنىڭ قېزىلىشى، ئۇنىڭ تەبىئەت ھەم دۇنيا بىلەن يۇغۇرۇلۇشى، ئەقلىي گۆدەكلىكنىڭ تەدرىجىي ھالدا پىشىپ يېتىلىش جەريانى بولدى. بۇ مۇرەككەپ جەرياننى ئىنسانلار ناھايىتى ئاددىيلاشتۇرۇپ، تەرەققىيات ئۇقۇمىغا يىغىنچاقلاپ چۈشەندى. بۇ ئۇقۇم ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنىڭ كۆكتە پەرۋاز قىلىش، دەريا-دېڭىزلاردا ئۈزۈشنى تەسەۋۋۇر قىلىشتىن ئۇنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىغىچە، يېزىق ئىجادىيىتىدىن كومپيۇتېرنىڭ ئىختىرا قىلىنىشىغىچە، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. تەرەققىيات ئىنسانىيەت ئەقىل - پاراسىتىنىڭ قۇدرىتىنى نامايەن قىلىش بىلەن خاراكتېرلەنگەنىدى. جەمئىيەت قانچە تەرەققىي قىلغانسېرى ئىنسانلار ئۆزلىرىنى ئەركىن ھەم باياشات ھېس قىلىپ كەلگەنىدى. شۇڭا تاكى 20-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ھېچكىم تەرەققىيات ھەم ئۇنىڭ ۋاستىسى بولغان ئىنسان ئەقىل - پاراسىتىنىڭ خاراكتېرى ھەققىدە چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزمىگەنىدى. ئەمما، يېقىنقى ئىككى ئەسىردىن بۇيانقى تەرەققىيات ھەم ئۇ پەيدا قىلغان زىددىيەت، ئۇرۇش ۋە تەڭسىزلىككە ئوخشاش تارىخىي خاتالىقلارنىڭ يۇكسەك مەدەنىيەتلەشكەن بۈگۈنكى دۇنيادا باشقىچە يوسۇندا تەكرارلىنىشى، ئىنسانلارنى بۇ ھەقتە قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇرلىدى.

تارىختىن بۇيان ئىنسانلار ئەقلىي بىلىشنىڭ دائىرىسى گەرچە ئۇلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى

## بىز ياشاۋاتقان دۇنيا

ئورنىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى، گۈزى ھەم دۇنيانى قانچىلىك دەرىجىدە چۈشىنىشنى بەلگىلەپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنە بىر جەھەتتىن ئەقلىي بىلىشنىڭ چەكلىمىلىكى ھەم ئېنىقسىزلىقى ئىنسانلار دۇچ كېلىدىغان ئىجتىمائىي مەسىلە ھەم سادىر قىلىدىغان خاتالىقلىرى ئۈچۈن ئېغىر تارىخىي بەدەللەرنى تۆلەتكۈزدى.

16-ئەسىردە ئەنگلىيىلىك فرانس بېكون «بىلىم - كۈچ» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن تارتىپ، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ھەم دۇنيا ھەققىدىكى ئىزدىنىشىگە ئىلىم-پەن ئىدىيىسى يېتەكچىلىك قىلدى. ئىلىم-پەن ئەمەلىيەتتە ئىنسانلار ئەقىل-پاراسىتىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى باشقىچە ئاتىلىشى ئىدى. ئەمما ئىنسانلار ئىلىم-پەننى بىرخىل ئالاھىدە ئۇقۇم سۈپىتىدە قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنۇشقا باشلىدى ھەمدە قىسقىغىنە بىر قانچە ئەسىر ئىچىدە ئىنسانلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيانقى ئەقلىي ئېنېرگىيىسى بىراقلا پارتلاپ، ئىنسانىيەت يەرشارىغا ئاپىرىدە بولغاندىن بۇيانقى مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئىنسانلارنىڭ تارىخلاردىن بۇيانقى جۇغلانمىلىرى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى ھەم تەدرىجىي ھالدا ئىلىم-پەن ئۇقۇمىنىڭ ئورنىنى بۇگۈنكى دەۋردە كەڭ ئىستېمال قىلىنىپ كېلىۋاتقان پەن-تېخنىكا ئۇقۇمى ئىگىلەشكە باشلىدى. پەن-تېخنىكا ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ھەم دۇنيا ھەققىدىكى بىلىش دائىرىسىنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئەڭ زور دەرىجىدىكى كېڭىيىش ھەم ئەقلىي ئېنېرگىيىسىنىڭ پارتلىشىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ئەمما پەن-تېخنىكىمۇ ئىلىم-پەنگە ئوخشاشلا ئىنسانلار تەرىپىدىن تېخىمۇ ئالاھىدە بولغان بىرخىل ئۇقۇم سۈپىتىدە قوبۇل قىلىندى ھەم پۈتكۈل دۇنيادا ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئومۇملاشتى. شۇنداقلا ئىنسانلار ئۆزلىرى ئويلاپ ئۆلگۈرمىگەن ئىختىرالار دۆۋىسى ئىچىدە پەن-تېخنىكىنى ھەممىنى ھەل قىلىشنىڭ ۋاستىسىغا ئايلاندۇرۇۋالدى.

پەن-تېخنىكا گەرچە ئىنسانلار دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ خاراكتېرى ياكى يۆنىلىشىنى بەلگىلىيەلمەيتتى. ئۇنىڭ ياخشى ياكى يامان سۈپەتتە تەرەققىي قىلىشىنى پەقەت ئىنسانلارنىڭ ئۇنى ۋاستە سۈپىتىدە كونترول قىلىپ، ئۆز مەقسىتىگە لايىقلاشتۇرۇشى ياكى پەن-تېخنىكىنىڭ ئىنسانلارنى كونترول قىلىپ، ئۇلارنىڭ پەن-تېخنىكىغا لايىقلىشىشى بەلگىلەيتتى. ئەمما پەن-تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇ بىر خىل تەرەققىيات ۋاستىسىلا ئەمەس، ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات مەقسىتىنىمۇ بەلگىلەيدىغان مېخانىزمغا ئايلاندى. پەن-تېخنىكا تۈرلۈك پەن نامى، تەتقىقات سۈپىتىدە غايەت زور دەرىجىدە كۆلەملىشىپ، ئىنسانلار كونترول قىلالمايدىغان ھالەتتە زورايدى ۋە تەدرىجىي ھالدا تەرەققىيات ۋاستىسىدىن ئىنسانلار لايىقلىشىشى

زۆرۈر بولغان بىر خىل ئۆلچەمگە ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارنى پەن-تېخنىكىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلدى. نەتىجىدە ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىي قىلغان - قىلمىغانلىقىنى پەن-تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنى ئۆلچەم قىلىپ بەلگىلەيدىغان بولدى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنىڭ پەن-تېخنىكىنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، پەن-تېخنىكىنىڭ تاۋارلاشتۇرۇلۇشى بۇ خىل تەتۈر كونتروللۇق مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. نەتىجىدە پەن-تېخنىكىنىڭلا ئەمەس، تەرەققىياتنىڭمۇ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ كەتتى. تەرەققىيات ئۇقۇمىنىڭ ئەسلىدىكى ئىجابىي مەنىسى خىرەلىشىشكە باشلىدى. پەن-تېخنىكىمۇ دەسلەپتە ئىجابىي ۋاستە سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىپ ئومۇملاشقان بولسا، بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەندە ئۇنىڭ سەلبىي تەسىرى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىن ھالقىپ كەتتى ھەم ئۇنىڭمۇ يېتەرسىزلىكلىرى ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. فرانسىيە دۆلەتلىك پەن تەتقىقات مەركىزىنىڭ پەخرىي تەتقىقاتچىسى، ھازىرقى زامان مۇتەپەككۇرى ئېدگارمورىن ئۆزىنىڭ «مۇرەككەپ ئىدىيە: ئاڭلىق ئىلىم - پەن» دېگەن ئەسىرىدە ئىلىم-پەن تەرەققىياتىنىڭ تۆۋەندىكىدەك بەش تۈرلۈك سەلبىي تەرىپىنى خۇلاسىلاپ چىققان.

1. ئىلىم-پەن تەرەققىياتى ئەمگەك تەقسىماتىغا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بىلىمنىڭ بۆلۈنۈشى ھەم ئايرىۋېتىلىشىدەك زىيادە كەسىپلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

2. تەبىئەتكە ئالاقىدار ئىلىم بىلەن ئىنسانىيەتكە ئالاقىدار ئىلىم ئوتتۇرىسىدا زور بۆلۈنۈش پەيدا قىلدى.

3. ئىنسانىيەت جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمى كەسىپلىشىش كەلتۈرۈپ چىقارغان نۇقسانلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، تىلغا ئالغىدەك پايدىلىق يېرى قالمىدى.

4. ئىلىم-پەن بىلىملىرىنىڭ بۆلۈنۈشى، ئايرىۋېتىلىشى ھەم سىرلىقلاشتۇرۇۋېتىش خاھىشى ئىلىم-پەننىڭ ئادەمسىزلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

5. بىز ئىلىم-پەن تەرەققىياتىنى چۈشىنىپ، بەخت يارىتىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغانىرى يەنە قۇللۇق ھەم ئۆلۈمنىڭ ئىمكانىيىتىمۇ پەيدا بولدى.

ئېدگارمورىن ئىلىم-پەننىڭ بۇ بەش تۈرلۈك سەلبىي تەرىپىنى خۇلاسىلاپ بولغاندىن كېيىن يەنە مۇنداق خۇلاسىگە كەلگەن:

- ئىلىم-پەننىڭ بەخت يارىتىش جەھەتتىكى تەرەققىياتى بىلەن ئۇنىڭ زىيانلىق ياكى ئۆلۈم كەلتۈرۈپ چىقىرىش جەھەتتىكى تەرەققىياتى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك.

- ئىلىم-پەن قۇدرىتىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىشى بىلەن ئالىملارنىڭ بۇ خىل قۇدرەتلىك كۈچنى كونترول قىلىش جەھەتتىكى ئىقتىدارىنىڭ كۈنسېرى ئاجىزلىشىشى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك.

كارل ماركس قاتارلىق يېقىنقى زامان

مۇتەپەككۇرلىرى پەن-تېخنىكا تەرەققىي قىلغانسېرى دۇنيا تېخىمۇ مۇقىم ھەم تەرتىپلىك بولىدۇ، دەپ قارىغانىدى. ئەمما پەن-تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى دۇنيانىڭ رېئاللىقى بۇ خىل قاراشنى پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇۋەتتى. ئىنسانلار تەرەققىي قىلدۇق دېگەنسېرى ئۇلار دۇچ كەلگەن زىددىيەت مۇرەككەپلىك ھەم تەخىرسىزلىك بىلەن خاراكتېرلەندى. پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىرگە يەنە نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى پەيدا قىلدى.

سانائەتلىشىش كەلتۈرۈپ چىقارغان دۇنيا مۇھىتىنىڭ بۇلغىنىشى، دۇنيا ئېنېرگىيە مەنبەسىنىڭ خورىشى قاتارلىق دۇنيا خاراكتېرلىك مەسىلىلەر ئەمەلىيەتتە پەن-تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بۈگۈنكى دۇنيا سىياسىي سەھنىسىدىكى يېڭى زوراۋانلىقنىڭ كېڭىيىشى، يادرو قوراللىرى تەھدىتىنىڭ زورىيىشى، ئۇرۇش ۋەھىمىسىنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشى، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم غەرب ئەللىرىنىڭ بىرلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئەندىزىسىنى ئاجىز دۆلەتلەرگە تېڭىشى، دۇنيا تىنچسىزلىقىنىڭ ايتىدىن باش كۆتۈرۈپ كېتىشى قاتارلىق ەسىلىلەرنى يەنىلا پەن-تېخنىكا ھەم دۇنيا پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. پەن-تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەت ۋە دۆلەت مەنپەئىتىدىن ئىبارەت بۇ خىل ئايلانما مۇناسىۋەتتە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ئىقتىساد ۋە دۆلەت مەنپەئىتىنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ قالدى. نەتىجىدە پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي پەرقنى چوڭايتىۋەتتى ھەم ئۆز نۆۋىتىدە يەنە زوراۋانلىق، تەھدىتنىڭ ۋاستىسى بوپقالدى. قەيەردە پەن-تېخنىكا تەرەققىي قىلسا، شۇ دۆلەتتە ئىقتىساد گۈللەندى، شۇ دۆلەتتە يەنە ھەربىي مۇداپىئە ھەم ھەربىي سانائەتمۇ تەڭ تەرەققىي قىلدى. ئەمەلىيەتتە ئىنسانلار تەرەققىياتنىڭ ئۆلچىمى دەپ قاراپ كېلىنىۋاتقان پەن-تېخنىكا بۈگۈنكى دۇنيانىڭ تەقدىرىنى كونترول قىلىۋالغانىدى. شۇڭا، پەن-تېخنىكا تەرەققىي قىلغانسېرى ئۇرۇش، تەڭسىزلىك ھەم زوراۋانلىقمۇ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ سايىسىغا ئوخشاش تەرەققىي قىلدى.

## ئۇرۇش

تارىختا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇرۇش دائىم كۈچلۈكلەر بىلەن ئاجىزلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن تراگېدىيە بولۇپ، كۈچلۈكلەر ئۇرۇش ئارقىلىق ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئاجىزلارغا تېڭىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەقسەت-مۇددىئالىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ كەلگەن. ئەمما تارىختىن بۇيان ئىنسانلارنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقنى بەلگىلەيدىغان ئۆلچىمى ئوخشاش بولماي كەلدى ھەم جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بۇ خىل ئۆلچەم ماس ھالدا ئۆزگەردى. بۈگۈنكى دۇنيادا پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى دەل كۈچلۈك - ئاجىزلىقنى بەلگىلەشنىڭ ئۆلچىمى بوپقالدى. پەن-تېخنىكىنىڭ بۇ خىل ئۆلچەمگە ئايلىنىپ قېلىشى ئۇنىڭ خاراكتېرى ھەم ئىجابىي يوسۇندا ساغلام تەرەققىي قىلىش يۈنىلىشىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتتى. نەتىجىدە پەن-تېخنىكا بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئۇرۇشنىڭ ۋاستىسىغا ئايلىنىپ كەتتى.

كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارغا ئادالەتسىزلىك قىلىشى ياكى زوراۋانلىق خاراكتېرىدىكى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى، تارىختىن بۇيان دۆلەتلەر كۈچەيسە، ئۇلار ئۆزىنىڭ كۈچىيىشىنى ئۆز ئەتراپىدىكى ئاجىز دۆلەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىش شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەپ كەلدى ھەمدە بۇ خىل تاجاۋۇزچىلىقنىڭ رەھىمسىزلىك دەرىجىسىنى دۆلەتلەرنىڭ كۈچىيىشىدىكى ۋاستىسى بەلگىلىدى. ئىنسانلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇرۇشنى تاللىۋالغانلىقى نامەلۇم، ئەمما ئۇرۇشتىكى يېڭىش-يېڭىلىشنى ئۇرۇشقۇچى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ پرىنسىپىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشى، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ چوڭ تارىخىي خاتالىقلىرىنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇرۇشتىكى يېڭىش-يېڭىلىش ھەرگىزمۇ ئادالەت پرىنسىپىنى ئۆلچەم قىلماستىن، بەلكى كۈچلۈك-ئاجىزلىقنى ئۆلچەم قىلىدۇ. بۇ خىل كۈچلۈك-ئاجىزلىقنى بولسا، كۆپىنچە ھاللاردا ھەقىقەتنىڭ كىم تەرىپىدە بولۇشى ئەمەس، بەلكى كىمنىڭ قانچىلىك ئەسكىرىي كۈچى بولۇشى، ئۇرۇش تاكتىكىسى، ئۇرۇش قوراللىرىنىڭ قانداق بولۇشى بەلگىلەيدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، كۈچلۈك-ئاجىزلىقنى بەلگىلەيدىغان ۋاستىنىڭ تەرەققىياتى ئۇرۇشتىكى يېڭىش-يېڭىلىشنى بەلگىلەيدۇ. ئۇرۇشتا يېڭىلىش تارىختىن بۇيان ئىنسانلار ئۈچۈن ئوخشاش بىر مەنىگە، يەنى يېڭىلگۈچى تەرەپ شان-شەرىپىنىڭ دەپسەندە بولۇشىغا سەۋەب بوپكەلدى. شۇڭا، ئۇرۇشقا قاتناشقۇچى ئىككى تەرەپ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشنى ئۇرۇشنىڭ مەقسىتى دەپ قارىدى. بۇ خىل مەقسەت ئادالەت پرىنسىپلىرىنى چەتكە قاقتى ھەمدە ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۇرۇش تېخنىكىسى، ئۇرۇش قوراللىرى، ئۇرۇش تاكتىكىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىلغارلاشتۇرۇشتىكى ئاساسىي سەۋەبكە ئايلاندى.

ئىنسانلار ئۇرۇشنى ئىجاد قىلغاندىن كېيىن يەنە ئۇرۇشنى ئۆزلىرىنىڭ مەقسەت-مۇددىئالىرىنى باشقىلارغا ئادالەتسىز يوسۇندا تېڭىشنىڭ ۋاستىسىغا ئايلاندۇرۇۋالغاندىن باشقا، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت شەكىللەندۈرگۈچى زوراۋان كۈچلەرگە ئۆز كۈچىنى كۆز-كۆز قىلىدىغان شەكىلگە ئايلاندۇرۇۋالدى. نەتىجىدە ئۇرۇش ئىنسانلارنىڭ ھايات مەزمۇنىغا ئايلىنىپ كەتتى ھەم ئۇ كۈچلۈكلەر بىلەن ئاجىزلار ئوتتۇرىسىدىكى تراگېدىيە سۈپىتىدە راۋاجلاندى، تەرەققىي قىلدى. بولۇپمۇ ئۇرۇشنىڭ رەھىمسىزلىك دەرىجىسى ئىنسانلار ئەقلىي ئىختىرالىرىنىڭ

تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بارغانسېرى كېڭىيىپ باردى. ئىنسانلار دەسلەپ ئۇرۇشنى ئىجاد قىلغاندا، بەلكىم ئۇرۇشقۇچى ئىككى تەرەپنىڭ جىسمانىي كۈچ جەھەتتىكى پەرقى غەلىبە ياكى مەغلۇبىيەتنى بەلگىلەيدىغان ئۆلچەم بولغان بولۇشى مۇمكىن ھەمدە ئۇرۇشتىكى جىسمانىي يارىلىنىش ئۆلۈشتىن كۆپرەك بولغانلىقى مۇقەررەر. ئەمما ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش ئىستىكى ئىنسانلاردا ئۇرۇشقا نىسبەتەن بىرخىل قىزغىنلىق ھەم ئۆزىنى قۇربان قىلىشنى شەرەپ دەپ بىلىشتەك بىنورمال كەيپىياتنى يېتىلدۈردى. نەتىجىدە كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە قىلىچ، نەيزە، ئوقياغا ئوخشاش ئاددىي ئۇرۇش قوراللىرى ئىجاد قىلىندى. بۇ، ئۇرۇشلاردا ئۆلۈمنى مۇقەررەرلىككە ئايلاندۇردى. پۇرۇخ ۋە مىلتىق – زەمبىرەكنىڭ كەشىپ قىلىنىشى خېلى كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئىش بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇرۇشنىڭ رەھىمسىزلىك دەرىجىسىنى ئاشۇردى ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە تاجاۋۇزچىلىق، زوراۋانلىقنى پەيدا قىلدى. بولۇپمۇ ئىنسانلارنىڭ قورالنى ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈنلا ئىشلەتمەستىن، ئۇنى باشقىلارنى بويسۇندۇرۇش، قول قىلىشنىڭ ۋاستىسىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشى، ئۇنىڭ بارغانسېرى ئىلغارلاشتۇرۇلۇشى، قىرغىنچىلىق كۈچىنىڭ ئاشۇرۇلۇشىغا سەۋەب بولدى. كىمنىڭ قورالىنىڭ ئىلغار ھەم خىل بولۇشى شۇنىڭ دۇنيا ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئورنىنى بەلگىلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش ئىنسانلار ئەقىل، پۇت-قول ۋە پۇل سەرپ قىلىپ ئېلىپ بارىدىغان ۋەھشىي ھەرىكەتكە ئايلاندى.

يىراق تارىخنى قويۇپ، ئىنسانلار ئېلىپ بارغان مۇشۇ بىر ئەسىرلىك ئۇرۇشلارغا قارايدىغان بولساق، ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا قىرغىنچىلىق ئۈچۈن قانچىلىك كاللا ھەم مەبلەغ سەرپ قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز:

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا ئېلىپ بېرىلغان دۇنيا خاراكتېرلىك ئۇرۇش بولۇپ، بۇ ئۇرۇش تۆت يىل ئۈچ ئاي داۋام قىلىپ، 35دۆلەت ۋە رايوندىكى بىر مىليارد 500مىليون ئادەم(شۇ مەزگىلدىكى دۇنيا ئاھالىسىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ) ئۇرۇشقا قاتناشتى. ئۇرۇشقا بىۋاستە ئىشلىتىلگەن خىراجەت 186مىليارد300مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. ئۇرۇشتا 8مىليون 130مىڭ ئادەم ئۆلدى. بۇ ئۇرۇشنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى شۇ بولدىكى، ئۇرۇشتا ئايروپىلان، تانكا، يىراق مۇساپىلىق زەمبىرەك قاتارلىق يېڭى تىپتىكى قوراللار ئىشلىتىلدى ھەمدە ئاۋىئاتسىيە، تانكا قىسىملىرى، خىمىيىۋى قوراللاردىن مۇداپىئەلىنىش قىسىملىرى بارلىققا كەلدى. ئۇرۇش قۇرۇقلۇق، ھاۋا ھەم دېڭىزدا تەڭ ئېلىپ بېرىلدى. 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا بولسا، ئىنسانلارنىڭ ئۇرۇش قوراللىرى، ئۇرۇش تاكتىكىسى بارغانسېرى ئىلغارلاشتى ھەم قىرغىنچىلىق زورايدى. ئۇرۇشقا 61دۆلەت ۋە رايون قاتنىشىپ، دۇنيا ئاھالىسىنىڭ %80دىن كۆپرەكى ئۇرۇش قاينىمى ئىچىدە قالدى. ئۇرۇشقا بىۋاستە ئىشلىتىلگەن خىراجەت 1تىرىليون 100مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. ئۇرۇشتا 51مىليون 200مىڭ ئادەم ئۆلدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ھەربىي جەھەتتىن زامانىۋىلاشقان ئۇرۇش بولۇپ، ئۇرۇشتا رادار، كاتيۇشا، باشقۇرۇلىدىغان بومبا، ئاۋىئاماتكا قاتارلىق 1-دۇنيا ئۇرۇشىدا ئىشلىتىلمىگەن يېڭى تىپتىكى قوراللار ئىشلىتىلىپ، قورال-ياراقلارنىڭ يېڭىلىنىشى، ھەربىي ئىدىيە، ئۇرۇش تاكتىكىسى جەھەتتە 1-دۇنيا ئۇرۇشىغا قارىغاندا زور ئۆزگىرىش بولدى. تانكا ئۇرۇشى، ھاۋا ئۇرۇشى، دېڭىز ئۇرۇشى بارلىققا كەلدى ھەمدە ئۇرۇش ئاخىرلىشىش ھارپىسىدا ئاتوم بومبىسى تۇنجى قېتىم ئۇرۇشتا ئىشلىتىلىپ، دۇنيا تارىخىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز تراگېدىيىگە سەۋەب بولدى. ئۇرۇشتىن كېيىن ھەرقايسى دۆلەتلەر بىراقلا «يادرو قورالى» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ قورال پۈتكۈل دۇنياغا كېڭەيدى. دۇنيا شۇنىڭدىن تارتىپ يادرو قوراللىرى تەھدىتىدە قالدى.

يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلار ھەم ئۇنىڭ سېلىشتۇرمىسىدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، ئىنسان ئەقىل-پاراسىتى توغرا جايغا ئىشلىتىلمىسە، ئۇ مىسلىسىز بالايىئاپەتنىڭ مەنبەسى بوپقالىدۇ. شۇڭا بۇ نۇقتىدا ئىنسان ئەقىل-پاراسىتىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەش ھەم ئۇنى تىزگىنلەشكە موھتاجمىز.

2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن گەرچە دۇنيا خاراكتېرلىك ئۇرۇش پارتلىمىغان بولسىمۇ، لېكىن دۇنيادا ئۇرۇش ئۆكسىمىدى. كۆلىمى زورراق بولغان ئۇرۇشلاردىن ئامېرىكا - چاۋشيەن ئۇرۇشى، ئامېرىكا - ۋيېتنام ئۇرۇشى، ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى(ھېلىھەم داۋاملىشىۋاتىدۇ)، رۇسىيە – ئافغانىستان ئۇرۇشى، ئىران-ئىراق ئۇرۇشى، ئامېرىكىنىڭ گېرىناداغا تاجاۋۇز قىلىشى، ئامېرىكا - لىۋىيە ئۇرۇشى، پارس قولتۇقى ئۇرۇشى، بوسنىيە – گېرتسىگوۋىنا ئۇرۇشى، كوسوۋو ئۇرۇشى، يېقىنقى مەزگىلدە ئامېرىكا – ئافغانىستان ئۇرۇشى يۈز بەردى. بۇ ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى كۈچلۈكلەر بىلەن ئاجىزلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بولۇپ، ئۇرۇشلاردا ئىشلىتىلگەن قوراللارنىڭ خىللىقى ھەم ھەربىي تاكتىكا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇ ئۇرۇشلار ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى پەن-تېخنىكىسى تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ ئۆز قورال-ياراقلىرىنى ئاجىز دۆلەتلەردە سىناق قىلىش ھەم دۇنيادا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش جەريانىدىن ئىبارەت بولدى. بولۇپمۇ پارس قولتۇقى ئۇرۇشى، كوسوۋو ئۇرۇشى، ئافغانىستان ئۇرۇشلىرىدا ئامېرىكا ئۇرۇشنى پۈتۈنلەي ھاۋا ھۇجۇمى شەكلىدە ئېلىپ باردى ۋە ئەڭ ئىلغار تىپتىكى ھۇجۇمچى ئايروپىلانلارنى ئىشقا سېلىپ، تېخنىكا جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى بىلەنلا ئۇرۇشتا غەلىبە قىلدى.

ئىنسانلار ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىش ئۈچۈن بەلكىم تارىختىن بۇيان مۇشۇ دەۋردىكىدەك كاللا ئىشلەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن. پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئىنسانلار ئۇرۇش قوراللىرىنى ئىجاد قىلىشتا، يادرو قوراللىرى بىلەنلا

كۆپايلەنمەدى. ھازىر دۇنيادا بىئولوگىيىلىك، خىمىيىلىك، گېن قوراللىرى تەھدىتى پەيدا بولۇۋاتىدۇ، شۇنداقلا ئۇرۇشلاردا ئاپتوماتىك نىشان پەرقلەندۈرەلەيدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا، تېز سۈرئەتلىك ھۇجۇمچى ئايروپىلان، قاراڭغۇدا نىشان پەرقلەندۈرەلەيدىغان ئىلغار ئۈسكۈنىلەر ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. بۇلار ئەمەلىيەتتە پەن-تېخنىكىنىڭ ئۇرۇشنىڭ رەھىمسىزلىكىگە قوشقان تۆھپىسى ئىدى. 20-ئەسىرنى تارىختىكى پەن-تېخنىكا گۈللەنگەن ئەسىر دېيىش بىلەن بىرگە ئۇرۇشمۇ ئەۋجىگە چىققان بىر ئەسىر دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى مۇشۇ بىر ئەسىر ئىچىدىلا ئۇرۇش تۈپەيلى ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ سانى تارىختىكى ھەرقانداق دەۋردىكىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتىدۇ. مۇشۇ بىر ئەسىر ئىچىدىلا 100مىليوندىن كۆپرەك ئادەم ئۇرۇشتا ئۆلدى. بۇخىل تراگېدىيىنى ئەمەلىيەتتە پەن-تېخنىكىنىڭ ئۇرۇش ۋاستىسىغا ئايلىنىپ قېلىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئۇرۇشنىڭ دۇنيا خاراكتېرلىك ۋەھىمىگە ئايلىنىپ قېلىشىمۇ تېگىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇنداقتا ئىنسانلار نېمە ئۈچۈن پەن-تېخنىكىنى ئىجابىي ۋاستە سۈپىتىدە تەرەققىي قىلدۇرماي، ئۇنى ئۇرۇشنىڭ ۋاستىسىغا ئايلاندۇرۇۋالىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە بىر قىسىم دۆلەتلەر ئۇرۇشنى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالغان بولۇپ، ئۇرۇش ئۇلارنى دۇنيادىكى يېڭى بىرخىل سودا بازىرىنىڭ ئاچقۇچىغا ئايلاندۇرغان.

ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەردە ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ئەۋجىگە چىقتى. بۇ، پەن-تېخنىكا تەرەققىي قىلغان غەرب ئەللىرىنى خەلقئارا قورال-ياراق سودىسى بىلەن تەمىنلىدى. نەتىجىدە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر ھەربىي سانائەت ۋە قورال-ياراق تەتقىقاتىغا كۆپلەپ مەبلەغ سېلىپ، قىرغىنچىلىق كۈچى يۇقىرى يېڭى تىپتىكى قورال-ياراق ۋە زامانىۋى ھەربىي سانائەت بۇيۇملىرىنى بازارغا سالدى ھەمدە يەنە خېرىدار تېپىش ئۈچۈن خەلقئارادا قۇتراتقۇلۇق قىلىپ ئۇرۇش قوزغىدى ياكى ئۆزى بىۋاستە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ شۇ ئارقىلىق يېڭى تىپتىكى قوراللىرىنى ۋە ھەربىي تېخنىكىلىرىنى كۆز-كۆز قىلدى. خەلقئارا قورال-ياراق سودىسىنى مونوپول قىلىۋالغان ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، يېڭى تىپتىكى بىرەر ئۇرۇش قورالى ياكى ئۇرۇش ئايروپىلانىنىڭ بازارغا سېلىنىشى شۇ دۆلەتلەردىكى چوڭ ھەربىي سانائەت كارخانىلىرىنىڭ پايدىسى، جەمئىيەتتىكى ئىشسىزلىقنى ھەل قىلىش، دۆلەت باج كىرىمىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا ئۇلار دۇنيادا توختىماي ئۇرۇش يۈز بېرىپ تۇرۇشقا موھتاج. ئۇرۇش ئۇلار ئۈچۈن ئۆزىنى قوغداشنىڭ ۋاستىسى ئەمەس، بەلكى پايدا ئېلىش، يېڭى ئىشلەنگەن قوراللىرىنى ئەمەلىي سىناق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە خېرىدار ئىزدەشنىڭ ياخشى پۇرسىتى. ئۇرۇشنىڭ بۈگۈنكى دۇنيادا پەن-تېخنىكا ئىختىرالىرىنى ۋاستە قىلغان سودىغا ئايلىنىپ كېتىشى، دۇنيادىكى ئۇرۇش ئوتىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب.

ھازىرقى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ يىللىق قورال-ياراق سېتىۋېلىش مىقدارى 130مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشىدۇ. ئەمما بۇ سان ئامېرىكىنىڭ بىر يىللىق ھەربىي چىقىمىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ. ئامېرىكىنىڭ ھەربىي چىقىمى 11-سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن 329مىليارد 800مىليون دوللارغا يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىنى ياراتتى. بۇ سانلىق مەلۇماتلار يۇقىرىدا بايان قىلغان كۆز قارىشىمىزنى ئىسپاتلاپ بېرىشكە يېتەرلىك، ئەلۋەتتە.

ئىنسانلار ھازىر دۇنيادا يەنە بىر قېتىم دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ يۈز بېرىشىدىن ۋەھىمە يەيدۇ ھەمدە ئومۇميۈزلۈك دۇنيا تىنچلىقىنىڭ ئورنىتىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئەمما بۇ پەقەت بىر سۇبيېكتىپ ئارزۇ، خالاس. چۈنكى بۈگۈنكى ئۇرۇشلارنىڭ مەنىسى تارىختىكى ئۇرۇشلارغا ئوخشىمايدۇ. بۇرۇن ئىنسانلار دىن، مىللىي ئازادلىق، مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان بولسا، ھازىرقى ئۇرۇشلارنىڭ ھېچقانداق ئالاھىدە تارىخىي مەنىسى يوق. بۇرۇنقى ئۇرۇشلار مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش، رايون تاجاۋۇزچىلىقى تۈپەيلى كېلىپ چىققان بولسا، ھازىرقى ئۇرۇشلارنى مەدەنىيەت پەرقى، مەدەنىيەت زوراۋانلىقى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. بۇرۇنقى ئۇرۇشلار ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان بولسا، بۈگۈنكى ئۇرۇشلار زامانىۋى قوراللار ھەم زامانىۋى ئۇرۇش تېخنىكىسى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ ھەمدە بۈگۈنكى ئۇرۇشلاردا ھەرگىزمۇ ئىنسانلارنىڭ شان-شەرىپىنى قوغداش مەقسەت قىلىنمىغان ھەم بۈگۈنكى ئۇرۇشلار ئۆتمۈشتىكىگە ئوخشاش ئۇلۇغۋار تارىخىي قارار چىقىرىش ئەھمىيىتىدىن تولىمۇ نېرى. ئىنسانلار بۈگۈن پەقەت ئۇرۇش قىلىپ ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ.

## تەڭسىزلىك

بۇيىل 11-ئىيۇندا ب د ت ئاشلىق، يېزا ئىگىلىك تەشكىلاتى ئىتالىيىنىڭ پايتەختى رىم شەھىرىدە تۆت كۈنلۈك يىغىن ئاچتى. يىغىنغا نامرات دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرى، باي-تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ پەقەت مىنىستىر دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىلا قاتناشتى. بۇ يىغىننىڭ ئاساسىي تېمىسى قانداق قىلغاندا 2015-يىلدىن ئىلگىرى يەرشارىدىكى ئاچلىق تەھدىتىگە ئۇچراۋاتقان ئادەملەر سانىنىڭ يېرىمىنى ئازايتقىلى بولىدۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، يىغىندا مۇنداق سانلىق

مەلۇماتلار ئېلان قىلىندى:

1. ھازىر پۈتكۈل يەرشارىدا تەخمىنەن 825 مىليون ئادەم ئاچلىق ۋە ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكنىڭ ئازابىنى تارتىۋاتىدۇ، 300 مىليوندىن كۆپرەك ئادەم بولسا، سەمىرىپ كېتىش كېسەللىكى بىلەن داۋالىنىۋاتىدۇ ۋە ئورۇقلاشنىڭ غېمىنى يەۋاتىدۇ.

2. تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەردىكى ھەر بەش ئادەمنىڭ بىرىگە ئوزۇقلۇق يېتىشمەيدىغان بولۇپ، يەرشارى بويىچە 777 مىليون ئادەمگە ئوزۇقلۇق يېتىشمەيدۇ (مۆلچەرلىنىشىچە، تەخمىنەن ھەر تۆت سېكۇنتتا بىر ئادەم ۋاستىلىق ياكى بىۋاسىتە يوسۇندا ئوزۇقلۇقى ناچار بولۇش تۈپەيلى ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ)، يەنە يەرشارى بويىچە تەخمىنەن 110 مىليوندىن كۆپرەك ئادەم پاكىز سۇ ئىچەلمەيدۇ.

3. ھەر يىلى يەرشارى بويىچە 12 مىليون بالا ئۆلۈپ كېتىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى %55 بالا ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك تۈپەيلى ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ.

4. 99 تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت ئىچىدە پەقەتلا 32 دۆلەتلا ئۆتكەندىكى نەچچە ئون يىلدا يېرىم ئاچ ھالەتتىكى ئادەم سانىنى نىسبەتەن ئازايتالىدى. مانا بۇ، بۈگۈنكى يەرشارىدىكى، يۈكسەك مەدەنىيەتلەشكەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى كومېدىيىلىك تراگېدىيە. ئوقۇرمەن بەلكىم بۇ سانلىق مەلۇماتلاردىن گۇمانلىنىشى مۇمكىن، ئەمما بۇ رېئاللىق ھەمدە بۈگۈنكى يەر شارىدىكى ئىنسانلار باشتىن كەچۈرۈۋاتقان تۈرلۈك تەڭسىزلىكلەر ئىچىدىكى ئاددىي بىر مىسال. بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئىنسانلار گەرچە ئىرقىي كەمسىتىش، مىللىي كەمسىتىش ۋە ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى شەكىللەندۈرۈدىغان تۈرلۈك تەڭسىزلىكلەرنىڭ زۇلمىدىن ئاساسەن قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن يەرشارى خاراكتېرلىك سىياسىي، ئىقتىساد ۋە تەرەققىيات شەكىللەندۈرگەن دۆلەت ۋە رايون ھالقىغان تۈرلۈك ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ. شۇڭا مەن يۇقىرىقى مىسالنى غەرەزلىك يوسۇندا «ئاددىي» دەپ ئاتىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرشارىدىكى ئەشۇ ئاچلىق ئىچىدە قىيلىنىۋاتقان 825 مىليون ئادەمگە نىسبەتەن بۇ بىر تەڭسىزلىك بولسىمۇ، لېكىن دۇنيادىكى قالغان «قورسىقى توقلار» ئۈچۈن بۇ باش قاتۇرۇشقا ئەرزىمەيدىغان بىر مەسىلە. شۇڭا، ب د ت چاقىرغان ئەشۇ تۆت كۈنلۈك يىغىنغا نامرات دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى، دۆلەت باشلىقلىرى قاتناشقان بولسا، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ پەقەت مىنىستىر دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىلا قاتناشقان. بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، پۈتكۈل دۇنياغا يىلىنىۋاتقان ئەشۇ 825 مىليون ئاھالە مۇقەررەركى زىمبابۋې، ئانگولا، مۇزامبىك، رۋاندا، ئۇگاندا قاتارلىق ئافرىقا قىتئەسىدىكى نامرات دۆلەتلەردە، ھېلىقى سېمىزلىك تۈپەيلى ئورۇقلاشنىڭ غېمىنى يەۋاتقان 300 مىليون ئاھالە بولسا ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەسىدىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەردە. بۇ قارىشىمىزنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مۇنۇ سانلىق مەلۇماتلارغا قاراڭ: «بايلىق» ژۇرنىلى دۇنيا بويىچە بۇيىللىق مەبلىغى ئەڭ كۆپ 500 خەلقئارالىق سودا شىركىتىنى ئېلان قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇدىغان ئون چوڭ شىركەت ئىچىدە ئالتە شىركەت ئامېرىكىلىقلار قۇرغان شىركەت بولۇپ، قالغان تۆت شىركەت ئەنگلىيە، گېرمانىيە، گوللاندىيە، ياپونىيىلىكلەر قۇرغان شىركەتلەردۇر. بۇ شىركەتلەرنىڭ ھەربىرىنىڭ مەبلىغى 100 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بۇ يىل باھالاپ چىقىلغان دۇنيادىكى ئون چوڭ كاتتا باينىڭ توققۇزى يەنىلا ئامېرىكىلىق بولۇپ، ئامېرىكا مىكروسوفت شىركىتىنىڭ لىدىرى بىل گايتسىنىڭ خۇسۇسىي بايلىقىلا 52 مىليارد 800 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ. ئەمدى تەرەققىي تاپمىغان دۆلەتلەردە بولسا ئەھۋال دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. نامراتلار، ئاچلار، تۈرلۈك كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەرگە مەركەزلەشكەن. يۇقىرىقى ئىككى خىل سانلىق مەلۇماتنى سېلىشتۇرسىلا ئەقىللىق ئوقۇرمەن بۇنى چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ.

ئۇنداقتا پەن - تېخنىكا يۈكسەك تەرەققىي قىلغان، مەدەنىيەتلەشكەن بۈگۈنكى دۇنيادا يەنە نېمە ئۈچۈن بۇ خىل ئەقىلگە سىغدۇرغىلى بولمايدىغان تەڭسىزلىك ھەم تراگېدىيە يۈز بېرىدۇ؟

دۇنيانىڭ ھازىرقى تەرەققىيات يۈزلىنىشى ھەم تەرەققىي قىلغان ئەللەر بىلەن تەرەققىي قىلمىغان ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى تۈپكى پەرققە ئاساسەن شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، بۈگۈنكى دۇنيادىكى بۇ خىل تراگېدىيە ھەم تەڭسىزلىكنى دەل دۇنيانىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىدىكى تەڭسىزلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان. 18-ئەسىردىن كېيىن غەرب دۇنياسى پەن-تېخنىكىنى تەرەققىياتنىڭ تايىنىش نۇقتىسى قىلىپ تۇرۇپ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلدى ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ غەرب دۇنيا پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچىسىگە ئايلاندى. 20-ئەسىردىن باشلاپ پەن-تېخنىكىنىڭ خەلقئارا سودا ۋە تەرەققىياتتىكى رولىنىڭ گەۋدىلىنىشى، پەن-تېخنىكا بىلەن سودىنىڭ ئورگانىك يوسۇندا بىرلەشتۈرۈلۈشى غەربنى دۇنيانىڭ ئىلغار پەن-تېخنىكا مەھسۇلاتلىرى بازىرىغا ئايلاندۇرۇپلا قالماستىن، تەبىئىي ھالدا خەلقئارا ئېلېكترون، ماشىنىسازلىق، يۇقىرى پەن-تېخنىكا مەھسۇلاتلىرى سودىسىنىڭ مونوپولىغا ئايلاندۇردى. بۇ ئەسىرگە كەلگەندە خەلقئارا سودىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ غەربتىكى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە گۈللەندى. ئەمما ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان 3-دۇنيا ئەللىرىدە بولسا ئەھۋال دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. نەچچە يۈز مىليون ئادەم خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قۇتقۇزۇشىغا تايىنىپ كۈن كەچۈرۈدىغان بوپقالدى. ئەمەلىيەتتە، ئاسىيا، ئافرىقىدىكى ئاجىز دۆلەتلەر غەربتىكى تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ خام ئەشيا بازىسى ئىدى. ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىران، ئىراق، سەئۇدىي ئەرەبىستانى قاتارلىق ئىسلام ئەللىرىنى مىسالغا ئالىدىغان

بولساق، ئۇلار ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ئىقتىسادى ۋە سانائىتى تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ خام نېفىت بازىسى ئىدى. ئافرىقىدىكى دۆلەتلەر بولسا غەرب دۆلەتلىرىنىڭ يېمەك-ئىچمەك، خىمىيىۋى سانائەت بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋە خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەيدىغان بازىسى ئىدى. غەرب دۆلەتلىرى پەقەت 3-دۇنيا ئەللىرىنىڭ ئەرزان ئەمگەك كۈچى ۋە ئەرزان خام ئەشيالىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلغار پەن-تېخنىكىسى ئارقىلىقلا خەلقئارا بازاردا ھەسسىلەپ پايدىغا ئېرىشىپ كەلدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، غەربتىكى تەرەققىي قىلغان ئەللەر ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتى ئۈچۈن 3-دۇنيا ئەللىرىنىڭ مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىپ كەلدى. ئامېرىكا نوپۇسى دۇنيا ئاھالىسىنىڭ %5نى ئىگىلەيدۇ. ئەمما ئۇلار دۇنيا ئىستېمال ئېنېرگىيە مەنبەسىنىڭ %20دىن%25گىچە قىسمىنى سەرپ قىلىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئامېرىكىنىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭلىق بىلەن غەرب ئەللىرىنى ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ. ئەمما، ئۇلار پەقەت خەلقئارا جەمئىيەتتىكى ئۆزلىرىنىڭ تۈرلۈك سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىمتىيازلىرىدىن ئازراقلا كېچىشنى خالىسا، نەلقلىرىنىڭ ئېشىنچا ئىستېمال سەۋىيىسىنى ۋۆەنلىتىشنى خالىسلا، دۇنيادا 3-دۇنيا ئەللىرىدە ۇز بېرىۋاتقان يۇقىرىقىدەك تۈرلۈك تراگېدىيىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭ پاجىئەلىك دەرىجىسىنى قىسمەن دەرىجىدە تۆۋەنلىتىش تامامەن مۇمكىن. ئەمما ئۇلار ئۆز مەنپەئىتىدىن كېچىش بەدىلىگە باشقىلارنى قۇتقۇزۇشنى خالامدۇ-يوق؟

18-ئەسىردىن بۇيانقى دۇنيا تارىخى ۋە بۈگۈنكى دۇنيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، بۇ مەسىلە ھەرگىزمۇ خالاش-خالىماسلىق مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى غەرب جەمئىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئۇلارنىڭ خەلقئارا جەمئىيەتتىكى يېتەكچىلىكى ۋە نوپۇزىنى قوغداشنىڭ شەرتى. ئۇلار 3-دۇنيا ئەللىرىگە تۈرلۈك يوسۇندا قۇتقۇزۇش ياردەملىرىنى بېرىش ئارقىلىق خەلقئارا جەمئىيەتتە ئۆز دېموكراتىيىسىنىڭ سېخىي-ساخاۋىتىنى كۆز-كۆز قىلالايدۇ ھەم بۇ ئارقىلىق دۇنيادا ئىناۋەت تىكلىيەلەيدۇ. ئەمما، شۇ نەرسىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، غەرب جەمئىيىتى ھەرگىزمۇ تەرەققىي قىلمىغان 3-دۇنيا ئەللىرىنىڭ خەلقئارا ئىشلاردا ئۆزلىرىنى قوللىشىغا موھتاج ئەمەس. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا پەقەت قىسمەن بېقىنىش-بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىلا مەۋجۇد. مۇنداقچە ئېيتقاندا، غەرب دۇنياسىغا نىسبەتەن 3-دۇنيا ئەللىرى «خەلقئارا شاھمات»تىكى بىر قانچە پېچكا، خالاس.

پۈتكۈل دۇنياغا كۆز ئالدىمىزدا ئىلتىجا قىلىۋاتقان ئەشۇ 825مىليون ئادەم ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىشىنى كۈتمەكتە. ئەمما بۈگۈنكى دۇنيا ئۇلارغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىدۇ، بۇنىسى نامەلۇم. مۇبادا ئۇلارنىڭ ئىلتىجاسى دۇنيادا ھېچقانچە ئىنكاس قوزغىيالمىسا، ئۇنداقتا ئامېرىكىنىڭ 3-قېتىملىق رەئىس جۇمھۇرى توماس جېففېرسون 1776-يىلى «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»نى ئېلان قىلغاندا ئېيتقان: «بىز شۇنداق بىر ھەقىقەتنى تەشەببۇس قىلىمىزكى، ئادەملەر تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر بولىدۇ...» دېگەن ئۇلۇغ يەكۈن ئىككى ئەسىردىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈنلەي سەپسەتىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولىدۇ.

## زوراۋانلىق

بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختىلىشتىن ئىلگىرى، ئالدى بىلەن مۇشۇ ئۇقۇمنىڭ شەرھى ئۈستىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. زوراۋانلىق - خەلقئارا مۇناسىۋەتتىكى بىر دۆلەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچىگە تايىنىپ باشقا بىر دۆلەتنىڭ ئىشلىرىغا تاجاۋۇز خاراكتېرلىك ئارىلىشىشى ۋە ئۇنى چەكلىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، زوراۋانلىق كۈچلۈكلەر بىلەن ئاجىزلار ئوتتۇرىسىدىكى ئادالەتسىز مۇناسىۋەتتۇر. شۇڭا بۇ ئۇقۇم سىياسىيدا كۆپىنچە ھاللاردا سەلبىي مەنىدە قوللىنىلىدۇ. زوراۋانلىقنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەتتىكى ئىپادىلىنىش شەكىللىرى خىلمۇ خىل بولىدۇ. ئۇ گاھىدا قوراللىق تاجاۋۇزچىلىق شەكلىدە ئاشكارا يوسۇندا ئىپادىلەنسە، بەزىدە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت، سىياسىي جەھەتتىن ئارىلىشىش سۈپىتىدە يوشۇرۇن ھالەتتە ئىپادىلىنىدۇ. زوراۋانلىقنىڭ يوشۇرۇن ھالەتتە ئىپادىلىنىشى، ئەلۋەتتە 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى سىياسىيئونلارنىڭ ئىجادىيىتى. ئەمما زوراۋانلىق مەيلى قايسى يوسۇندا ئىپادىلەنسۇن، ئۇ خەلقئارا مۇناسىۋەتتىكى چېكىدىن ئاشقان قىلمىشتۇر.

ئەلۋەتتە، زوراۋانلىق شەكىللەندۈرگۈچى بىلەن ئۇنىڭ قارشىسىدىكى كۈچ ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن ئەمەلىي كۈچ پەرقى بولىدۇ، شۇنداقلا زوراۋانلىق قىلغۇچى كۈچنىڭ بەلگىلىك زوراۋانلىق مەقسىتى ۋە ئۆز مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆز قىلمىشىنىڭ توغرىلىقىنى باشقىلارغا ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان دەلىل-ئىسپاتلىرى ۋە باھانە-سەۋەبلىرى بولىدۇ. شۇڭا، ھازىرغىچە خەلقئارادا يۈز بېرىۋاتقان زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق قارشى تۇرۇشىغا ئېرىشەلمىدى. بەزى زوراۋانلىق قىلمىشلىرى ھەتتا خەلقئارادىكى مەنپەئەتداش دۆلەتلەرنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. شۇڭا، ئوتتۇرا شەرق مەسىلىسىنىڭ ئادىل يوسۇندا ھەل بولماسلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. تارىختىن بۇيان زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنقى شەرتى كۈچلۈك بولۇش، مۇنداقچە ئېيتقاندا ھەممىنى ئۆزىنىڭ گېپىگە كىرگۈزەلەيدىغان بولۇش بوپكەلدى. بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئۆز رەقىبىدىن كۈچلۈك بولۇشنىڭ شەرتى، ئۇنى يېڭەلىگۇدەك ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلسا، بىر دۆلەتكە نىسبەتەن بۈگۈنكى دۇنيادىكى كۈچلۈكلۈكنىڭ شەرتى ئىقتىسادى گۈللەنگەن،

ھەربىي سانائىتى تەرەققىي قىلغان، ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت ئىقتىدارى ئۆسكەن بولۇش بوپقالدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا «تەرەققىي قىلغان بولۇش» زوراۋانلىقنىڭ شەرتىگە ئايلىنىپ قالدى. بۈگۈنكى خەلقئارا جەمئىيەتتە خەلقئارا مەسىلىلەرنى پەقەت تەرەققىي تاپقان بىرنەچچە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرىلا قارار قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئۇلار ئۆز مەنپەئەتىگە ئالاقىدار بىرەر ئىشتا كېلىشىم تۈزەلمىسىلا، ئۇ ئىش مەيلى ئادالەتلىك ياكى ئادالەتسىز ھەرىكەت بولسۇن ئىشقا ئاشقىنى ئاشقان. بۇ ھەقتە خەلقئارادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ نېمە دېيىشى، ئۇلار ئۈچۈن بەرىبىر. شۇنداقلا، بەزىدە ئاجىز دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارا مەسىلىلەردە پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىمۇ بولمايدۇ.

كۆز ئالدىمىزدىكى ئامېرىكىنىڭ ئىراققا ھۇجۇم قىلىش ـ قىلماسلىق مەسىلىسى بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. مۇبادا، بۇ قېتىممۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 1991-يىلدىكىگە ئوخشاش گېرمانىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلىگەندە ئىدى، ئىراقلىقلارنىڭ تەقدىرىمۇ ئاللىبۇرۇن بەلگىلىنىپ بولغان بولاتتى. ئەمما ئامېرىكىلىقلارنىڭ بۇ قېتىم ئافغانىستاننى بومباردىمان قىلغان چاغدىكىگە ئوخشاش خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق قوللىشىغا ئېرىشەلمەسلىكى، فرانسىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ قورال ئىشلىتىشكە قارشى تۇرۇشى، رۇسىيىنىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ مۇقامىغا قارشى يوسۇندا ئىران، ئىراقلار بىلەن يۇقىرى سوممىلىق پەن-تېخنىكا قۇرۇلۇشى توختامى تۈزۈشى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى تەمتىرىتىپ قويدى. شۇڭا بۈگۈنكى دۇنيادىكى «تەرەققىي قىلغان بولۇش» زوراۋانلىقنىڭ شەرتىگە ئايلىنىپ قالدى، دېگەن قارىشىمىزنى پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇۋېتىكىلى بولمايدۇ.

ئىنسانلار دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ۋەھىمىلىك ئەسلىمىلىرىدىن ئەمدىلا قۇتۇلۇپ، تىنچ دۇنيا قۇرۇشنى ئارزۇ قىلىشىۋاتقان پەيتتە «11-سېنتەبىر ۋەقەسى»نىڭ يۈز بېرىشى دۇنيادا يېڭى بىرخىل خەۋپ ۋە ئۇرۇش ۋەھىمىسىنى پەيدا قىلدى. خەلقئارا جەمئىيەت يېڭى بىر مەسىلىگە دۇچ كەلدى. شۇنداقلا بۇنىڭغا ئامېرىكىغا تەڭكەش بولۇپ پۈتكۈل دۇنيا بىر ۋاقىتتا ئوخشاش ئىنكاس قايتۇردى. «تېررورلۇق» پۈتكۈل دۇنيادىكى ئاخبارات، ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان سۆزگە ئايلاندى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ «تېررورلۇق» ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ غەرەز - مۇددىئالىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ۋە ئۆز ئىرادىسىنى باشقىلارغا تېڭىشنىڭ ۋاستىسى ئىدى. بۇنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ «11-سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىنكى بىر ئاي ئىچىدىلا ئافغانىستانغا ھۇجۇم قىلىشى، تېررورلۇقنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكىنى باھانە قىلىپ «خەلقئارا يادرو قوراللىرىنى چەكلەش ئەھدىنامىسى»دىن چېكىنىپ چىقىشى ۋە دۆلىتىنىڭ ھەربىي خىراجىتىنى كۆپەيتىشى، ئارقىدىنلا «رەزىللىك مەركىزى» دۆلەتلىرىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ، ئۇلارغا بېسىم ئىشلىتىشى ۋە ئافغانىستاندىكى ئۇرۇش ئوتى ئۆچمەي تۇرۇپلا ئىراققا ھۇجۇم قىلىشنىڭ داۋرىڭىنى سېلىشى ئىسپاتلاپ بەردى. ئامېرىكا مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە «تېررورلۇق» دېگەن بىرلا ئۇقۇمنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا زوراۋانلىقىنىڭ ئاشكارا يوسۇندا باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ئىدى.

زوراۋانلىق بۇ ئەسىردە يەنە مەدەنىيەت زوراۋانلىقى، بازار-سودا زوراۋانلىقى ۋە سىياسىي زوراۋانلىقتىن ئىبارەت يېڭى شەكىللەردە ئىپادىلىنىشكە باشلىدى. بۇ خىل زوراۋانلىقتا يەنىلا تەرەققىي قىلغانلار ئاۋانگارت بوپكەلدى. مەدەنىيەت زوراۋانلىقىنىڭ نېمىلىكىنى شەرھلىمىسەكمۇ، بۇ ئوقۇرمەنلەرگە ئاز-تولا مەلۇم. ئۇ، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب خرىستىئان مەدەنىيىتى ۋە قىممەت قارىشىنىڭ باشقا ئەل مەدەنىيەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى ۋە دۇنياغا كېڭىيىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئىسلام مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ ئاشكارا يوسۇندا ئىپادىلىنىشكە يۈزلىنىشى، ئەمەلىيەتتە بۇخىل مەدەنىيەت زوراۋانلىقىنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ئەڭ ياخشى پاكىت. بازار-سودا زوراۋانلىقى بولسا، خەلقئارا سودا راۋاجلانغاندىن كېيىنكى غەرب جەمئىيىتىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بازار رىقابىتى ۋە پەن-تېخنىكا جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ، بىر قىسىم ئەللەرنىڭ ئىقتىساد، سانائەت سىستېمىلىرىنى مونوپول قىلىۋېلىشى ۋە شۇ ئارقىلىق دۆلەتلەرنى كونترول قىلىۋېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جەھەتتە غەرب دۇنياسى نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشتى. ئامېرىكىنىڭ دۇنيانىڭ 70 نەچچە يېرىدە، بىر قانچە ئون دۆلەتتە ھەربىي قوشۇن تۇرغۇزۇپ، بازا قۇرالىشى ئەمەلىيەتتە سودا-بازار زوراۋانلىقى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. ئەمدى سىياسىي زوراۋانلىق بولسا، غەرب ئەللىرىنىڭ ب د ت غا ئوخشاش خەلقئارا ھوقۇقلۇق ئورگانلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ياكى دىپلوماتىيە مۇناسىۋەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، باشقا ئەللەرگە بېسىم ئىشلىتىشنى ۋە ئۆز مەدەنىيەت ئەندىزىسىنى باشقا دۆلەتلەرگە تېڭىشنى كۆرسىتىدۇ. بۈگۈنكى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئافغانىستاندىكى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۇيەردە دېموكراتىك ھۆكۈمەت قۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇش تەھدىتى سېلىشى، ئوتتۇرا شەرقتە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ نارازىلىقىغا قارىماي پەلەستىن ھۆكۈمىتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشكە ئۇرۇنۇشى، دېموكراتىيە تۈزۈمىنى زوراۋانلىق كۈچى بىلەن كېڭەيتمەكچى بولۇشى، ئەمەلىيەتتە بۈگۈنكى خەلقئارا جەمئىيەتتىكى بىرخىل سىياسىي زوراۋانلىقتۇر.

ھازىرغىچە دۇنيادىكى ئاجىز دۆلەتلەر كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ئىشلەتكەن تۈرلۈك زوراۋانلىقلىرىغا سۈكۈت قىلىپ كەلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نۇرغۇن سىياسىي، ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرىنى قۇربان قىلدى. ئەمما دۇنيادا زوراۋانلىق پەسەيمىدى، ئەكسىچە تەرەققى

قىلغان ئەللەرنىڭ دۇنيادىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى تالىلىشى، دۇنيادىكى زوراۋانلىقنى كۆچەيتىۋەتتى ھەمدە ئامېرىكا رەھبەرلىرىنىڭ «دۇنياغا يالغۇز رەھبەرلىك قىلىش» قا ئۇرۇنۇشتەك سىياسىي خاھىشى، زوراۋانلىقنىڭ قارشىسىدا «تېررورلۇق» نى پەيدا قىلدى. ئەمەلىيەتتە «خەلقئارا تېررورلۇق» نىڭ پەيدا بولۇشىدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاسىتە تۆھپىسىنىڭ بارلىقى ھەممىگە مەلۇم. شۇڭا «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى» ئامېرىكىلىق سىياسىيئونلار ـ غا نىسبەتەن «ئاش بەرگەنگە مۇش بەرگەنلىك» بولغاچقا، تولىمۇ تاسادىپىي تۇيۇلدى ھەم ئۇلارنى چىچاڭشىتىۋەتتى. تېررورچىلار «11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى» نى «ئامېرىكىلىقلارنىڭ 3 ـ دۇنيا ئەللىرىگە ئىشلەتكەن زوراۋانلىق ۋە تېررورلۇقىنى ئامېرىكىلىقلارغا قايتۇرۇپ بېرىش، ئۇلارنى 3 ـ دۇنيا ئەللىرىنىڭ بايلىقىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە زورلاش ئۈچۈن» دەپ چۈشەندۈردى. شۇڭا، تېررورلۇقنى بۇ ئەسىردىكى زوراۋانلىقنىڭ كۆچىيىشىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى دېيىشكە بولىدۇ.

يۇقىرىدا بىز تەرەققىيات بىلەن زوراۋانلىق ئىتتىرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈستىدە قىسقىچە تەھلىل يۈرگۈزدۇق. ئەشۇ تەھلىلىمىزگە ئاساسەن يەنە شۇنداق خۇلاسىگىمۇ كېلىشكە بولىدۇكى، تەرەققىياتنىڭ خېمىرتۇرۇچى بوپكېلىۋاتقان پەن ـ تېخنىكىنىڭمۇ زوراۋانلىقنىڭ شەكىللىنىشى ھەم كۆچىيىشىدىكى ھەل قىلغۇچ تەسىرىنى چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. چۈنكى زەمبىرەك، برونېۋىكلار ئارقىلىق قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقى بولمىغان پەلەستىنلىكلەرنى قىرغىن قىلىۋاتقان ئىسرائىلىيىلىكلەر، دۇنيادىكى ھەممە دۆلەتلەرگە «بىردىنبىر يېتەكچى» بولۇش ئۈچۈن ھەيۋە كۆرسىتىۋاتقان ئامېرىكىلىقلار ئەمەلىيەتتە دۇنيادىكى پەن ـ تېخنىكىسى ئەڭ تەرەققىي قىلغان، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى ئەڭ كۆپ زوراۋان كۈچلەردۇر. شۇڭا، پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، زوراۋانلىقنىڭ كېڭىيىشى ۋە كۈچىيىشىدۇر.

## تۈگەنچە

يۇقىرىدا پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە ئۇ شەكىللەندۈرگەن بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئورتاق كرىزىسى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزدۇق. ئىنسانلار تەرەققىياتقا موھتاج. ئەمما تەرەققىيات ئۆزىنىڭ ئىجابىي مەنىسىنى يوقاتقاندا، ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىش ۋە تەبىر بېرىش بىر مۇجمەل مەسىلىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. تەرەققىيات ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرىنى نېمىگە ئاساسەن بەلگىلەش كېرەك؟ بۇ ئويلىنىشقا ئەرزىيدىغان مەسىلە. مۇبادا بۈگۈنكى دۇنيا بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلالىسا، دۇنيانىڭ كرىزىسىنى پەسەيتىشنىڭ تۇنجى قەدىمى بېسىلغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، دۇنيانىڭ تەرەققىياتى سان ئۇقىمىنىڭ مەنىيى يۆنىلىشىگە قاراپ راۋاجلىنىدۇ ـ دە، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن پاجىئەلەر تارىخنىڭ تراگېدىيىسى سۈپىتىدە كېيىنكىلەرگە مىراس قالىدۇ.

دۇنيانى چۈشەنمەك ۋە چۈشەندۈرمەك تەس ئەمەس. دۇنيانى ھەركىم ھەرخىل يوسۇندا چۈشىنىدۇ ۋە چۈشەندۈرەلەيدۇ. شاھلار دۇنيانى باشقىلارغا قانداق چۈشەندۈرۈشنى خالىسا، شۇنداق قۇرۇپ چىقىدۇ. گادايلار ۋە ئۆلىمالار بولسا دۇنيا ھەققىدە ۋەز ئېيتىپ، گېزى كەلسە ئاران كىتاب يازالايدۇ. دۇنيا ھەققىدىكى يۇقىرىقى مۇلاھىزىلەر پەقەت «گادايلارچە يېرىم ـ ياتا چۈشەنچىدۇر» ، خالاس. ئۇ پەقەت ئوقۇرمەننىڭ ئۆز مۇلاھىزىسى بىلەن بىرلەشكەندىلا ئاندىن پۈتۈنلىنىدۇ.

2002 ـ يىل 3 ـ ئۆكتەبىر، شەھىرى خوتەن

---

ئاپتور: خوتەن ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تىلماچى(M1)

«شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلى مۇھەررىرلىرىنىڭ تەھرىرلىك مەسئۇلىيەت نومۇرى




باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت(M1)



مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: رىسالەت مۇھەممەت(M2)



ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مۇزىكا سەنئىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرىدىن: ئۇستاز كومپوزىتور، «تارىم ناخشىسى»، «سېنى ئەسلەيمەن» قاتارلىق ئۆلمەس ناخشىلارنىڭ ئىجادچىسى، بالىلارنىڭ سۆيۈملۈك دوستى ئىسكەندەر سەيپۇللا ئەپەندى













《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2002 - يىل 6 - سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

---

主办：新疆维吾尔自治区文化厅
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008－6498
国内统一刊号：CN65－1073/G2
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京市朝阳区工体东路16号
P. O. Box 88, 16 Gongti East Road, Beijing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地址：乌鲁木齐市团结路72号
邮编：830001　电话：2856942
印刷：《新疆日报》印刷厂
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008－6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65－1073/G2
چەتئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو
كىتاب ئىمپورت - ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەتئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 72 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون: 2856942
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

---

邮发代号：58－22　定价：5元

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 - 58　باھاسى: 5 يۈەن